XINJIANG CIVILIZATION•СИНЬЦЗЯНСКАЯ КУЛЬТУРА•シンキョウ ブンカ•مجلة حضارة شينجيانغ

«جۇڭگو مەرھەل ژۇرناللار سېپى»دىكى نەشرى ئەپكار
入选《中国期刊方阵》的刊物
«شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتى»غا ئېرىشكەن نەشرى ئەپكار
荣获《新疆期刊奖》的刊物

ساما رەسسام: غازى ئەھمەد



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

# 新疆文化

6

2007

ISSN 1008-6498



«مەھمۇد قەشقەرىي»، «ئورخۇن شەجەرىسى»، «ئىدىقۇت يۇلتۇزى»
قاتارلىق تارىخىي رومانلار، «‹ئالتۇن قان› دىكى تۇي» ناملىق ھېكايىلەر
توپلىمىنىڭ مۇئەللىپى، يازغۇچى، تىل تەتقىقاتچىسى، ئەدەبىي تەرجىمان
پەرھاد جىلان ئەپەندى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

( 56- يىل نەشرى )

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال
ئەدەبىي ژۇرنال
2007- يىل 6- سان
( ئومۇمىي 288- سان )

باش مۇھەررىر:
**زۇنۇن باقى** ( قوشۇمچە )
( ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى )

دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل
ئىجرائىيە مۇئاۋىن باش
مۇھەررىر:
**قۇربان مامۇت**
( ئالىي مۇھەررىر )

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
**رىسالەت مۇھەممەت**
( كاندىدات ئالىي مۇھەررىر )

تەكلىپلىك مۇھەررىر:
**نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن**
( ئەدەبىيات ماگىستىر ئاسپىرانتى )

تەكلىپلىك گۈزەل سەنئەت
لايىھىلىگۈچى:
**بەھرام قۇربان سىنتاش**


●شوئارىمىز: خەلقچىللىق، ئىلمىيلىك، ئاممىبابلىق، ئوقۇشچانلىق●

## بۇ ساندا


سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ تەرەققىياتى، ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغايلى.................. 2

### شەھەر ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

كۆزىمىزدە سوغۇق نۇر ........... نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن 3

### ئېغىر تىنىقلار

بومبا بىزنىڭ ئادەملەر ..........(ھېكايە) ..........جاپپار رەھىمىي (روھلان) 19

### تەقدىرلىك تەدبىرلەردە

«ئۆزگەرگەن ھالقى»دىن تاللانغان ھېكمەتلەر ..........تەييارلىغۇچى: م. ئۇيغۇرزادە 22

### مۇساپىرەتتىكى تۇيغۇلار

لوندوندىكى ئۇيغۇر باللىرى..........(شېئىر) .......... ئابدۇقادىر جالالىددىن 24

### تەپەككۇر سەنئىتى

ئۈچ پۇتلۇق(داڭقان) تەپەككۇر ئۇسۇلى توغرىسىدا ..........ئابلەت مۇھەممەت 27

### تەپەككۇر كۆزى

تەپەككۇر مېۋىلىرى .......... شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام قاتارلىقلار 47

### تەرجىمە كۆزنىكى

مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىق ئۆلچىمى ..........ئابدۇلھەكىم ئوسمان ھەقيار تەرجىمىسى 58

جۇڭگو مائارىپىنى زادى كىم «قەستلەۋاتىدۇ»؟ .......... ئەكبەر ئىلياس تەرجىمىسى 60

جۇڭگولۇقلاردىكى «تۇرمۇش مەستانىلىقى» كېسىلى ..........رابىگۈل ۋەلى تەرجىمىسى 62

### ئاتىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى

ئەجدادلىرىمىزدا مۇھىت ئېڭى ۋە بىزدىكى «يامان بولىدۇ»لار ...ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام(ئويۇشقاق) 63

### تەرەققىيات ۋە ئەنئەنە

ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى ..........دىلمۇراد مەھمۇد 68

### تىلغا ئېتىبار — ئەلگە ئېتىبار

كۆڭلۈمنىڭ خۇشلۇقى ۋە غەشلىكى .......... مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق 76


**بۇ ساننىڭ ئىجرائىيە مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت**



# سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ تەرەققىياتى، ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغايلى!

— ج ك پ 17- قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

«خەلق گېزىتى» ئوبزورچىسى

ج ك پ 17- قۇرۇلتىيىدا مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش نۇقتىلىق تەكىتلىنىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ تەرەققىياتى، ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك ئوتتۇرىغا قويۇلدى.


سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش — ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ئوبيېكتىپ تەلەپ.

29 يىل ئىسلاھ قىلىش، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاشنىڭ ئەمەلىي شارائىتىنى ھازىرلىدۇق.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ تەرەققىياتى، ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئەڭ مۇھىمى سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش، پۈتكۈل مىللەتنىڭ مەدەنىيەت يارىتىشتىكى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئارقىلىق خەلقنىڭ ئاساسىي مەدەنىيەت ھوقۇق- مەنپەئىتىنى تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلەندۈرۈش، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىش، خەلقنىڭ روھىي قىياپىتىنى تېخىمۇ يۇكسەلدۈرۈش كېرەك.

ج ك پ 17- قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا يۇقىرىقى نىشاننى چۆرىدىگەن ھالدا، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىنىڭ جەلپكارلىقى ۋە ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنى ئاشۇرۇش؛ ئىناق مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، مەدەنىي كەيپىيات يارىتىش؛ جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۈچۈن ئورتاق مەنىۋى ئائىلە قۇرۇش؛ مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت تۆت جەھەتتىكى ۋەزىپە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت سىستېمىسى- سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيىنىڭ ماھىيەتلىك ئىپادىسى. ئىناق مەدەنىيەت — پۈتكۈل خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى مۇھىم ماددىي تايانچ. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى — جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئىتتىپاقلىشىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىشىدىكى پۈتمەس- تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى، شەكلى، تۈزۈلمىسى، مېخانىزمى ۋە ئۇنى تارقىتىش ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىشنى دەۋرنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرۇپ ئالغا سىلجىتىش، مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش— مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇقەررەر يولى. يۇقىرىقى تۆت جەھەتتىكى ۋەزىپىدە ھەم جۇڭگو مەۋقە قىلىنغان، ھەم دۇنياغا يۈزلىنىلگەن؛ ھەم مىللىي خاسلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ھەم دەۋر ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىنغان؛ ھەم ۋارىسلىق قىلىش تەلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، ھەم يېڭىلىق يارىتىش ئارزۇسى ئىپادىلەنگەن. چوقۇم تونۇشنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش، تەسەۋۋۇرنى تېخىمۇ كېڭەيتىش ئاساسىدا تېخىمۇ ئۈنۈملۈك سىياسەت، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشىمىز، تىرىشىپ يېڭىلىق يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىمىزدە بارچە گۈللەر بەس- بەستە تېخىمۇ رەڭدار ئېچىلغان، ساغلام، ئىلغار گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلىشىمىز كېرەك.

سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپلا قالماستىن يەنە كەڭ چاقىرىق كۈچىگە ئىگە جاراڭلىق شوئار. خەلقنىڭ مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى ئاساسىي رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، بارلىق مەدەنىيەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئۈزلۈكسىز قوزغاپ، مەدەنىيەتنىڭ ئۇلۇغ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئاڭلىق، تېخىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلگىرى سۈرسەكلا، چوقۇم جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە مەدەنىيەتنىڭ يېڭى، شانلىق سەھىپىسىنى يارىتىپ، مەدەنىيەتنىڭ كۈچ- قۇدرىتى ئارقىلىق جەمئىيەتنى يۇكسەلدۈرۈپ، بارلىق خەلقنى مەدەنىيەت تەرەققىياتى نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلالايمىز.




## نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۆچقۇن

### 1

ئىسمىنى بىلسەم مەھەللىمىزدىكىلەر ناھىيە بازىرىنى «شەھەر» دەپ ئاتاپ ئادەتلىنىۋالغان ئىكەن. ئۇلار ھېلھەم ئاشۇ قايناق ناھىيە بازىرىنى «شەھەر» دەپ ئېغىزغا ئالىدۇ. سىرتتىن كەلگەنلەر، ناھىيە، شەھەر، ۋىلايەت دېگەندەك مەمۇرىي ئۇقۇملارنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىپ مۇئامىلە قىلىدىغانلارنىڭ بۇنىڭدىن سەل - پەل غەيرىيلىك ھېس قىلىشى تۇرغانلا گەپ. ئەمما بىزچە چۆلنىڭ ئەزىمىنىڭ يىراق بىر قەرنىگە قارىغاندا قايناق، ھەيۋەتلىك، زامانىۋى كۆرۈنگەن قاراقاش ناھىيە بازىرىنى «شەھەر» دېسە ئەرزىيتتى. بىزنىڭ ساددا كاللىمىزدا شەھەر دېگەننىڭ دەسلەپكى ئوبرازى ئەنە شۇ ئاساستا شەكىللەنگەنىدى. كىشىلەر، توغرىسىنى ئېيتقاندا يېزىلىق - سەھرالىقلار ئۇنىڭ بىر قەدەر رەتلىك، ئازادە، ئاسفالتلاشتۇرۇلغان، كەچلىكلىرىمۇ يورۇپ تۇرىدىغان يول، كوچا، ئىمارەت، دۇكان - سارايلىرىغا قانداقتۇر ئېيتىپ بولغۇسىز

شەھەر ھەققىدە قايتا ئويلىنىش

قىزىقىش، ھەۋەس، تەلپۈنۈش بىلەن قارايتتى، تىل چاكىلدىتاتتى. ئەمما ئۇلارنى ھەممىدىن بەك تارتىپ - سۆرەيدىغىنى، يۈرىكىگە ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز ھاياجان سالىدىغىنى ئاجايىپ قايناق، ھەممىگە داڭلىق يەكشەنبە بازىرى ئىدى. ئادەم پاتماي مىغىلدىشىپ كېتىدىغان بازارنىڭ قايناقلىقى، ئاۋاتلىقى، گۇرۇلدەپ تۇرىدىغان جۇشقۇنلۇقى، ھەريەر - ھەريەردىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ قىزغىنلىق ئىچىدىكى تىرىكچىلىك ئىزدىنىشى ماھىيەتتە قاراقاشتىن ئىبارەت بۇ «شەھەر»نىڭ كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا مەھكەم ئورناپ كەتكەن شەھەر ئوبرازى ئىدى. ئۇلار مانا شۇ قايناقلىقنى، ھاياجاننى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭغا سودا، ئىنسانىي ئالاقە، دوست - بۇرادەرلىك، تۇغقاندارچىلىق، يالغانچى - كاززاپلىق، مۇتتەھەملىك، پۇختىلىق، پەسكەشلىك، ئاق كۆڭۈللۈك، بايلىق، دىۋانە - كەمبەغەللىك... ھەممە - ھەممە نەرسە مۇجەسسەملەنگەنىدى.

قاراقاشلىقلارنىڭ نەزەرىدىكى بۇ «شەھەر» بەجايىكى مىسلىسىز بىر ئىنسانىي قاينام ئىدى. سىز ئۇنىڭدىن جىمىكى لازىم نەرسىڭىزنى تاپالىشىڭىز مۇمكىن ئىدى. كىشىلەر قىستىلىشىپ يورۇپ دوغاپ ئىچەتتى، ناۋايخانىلارنىڭ ئىسلاش چەللىسىنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ شورپىسى ئىچىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغان گۈشگىردىلەرنى ئاۋايلاپ پۇۋلەپ يېيىشەتتى؛ ئۆيى «شەھەر»نىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكىلەرنىڭمۇ كوچىغا چىقىپ كىشىلەر بىلەن قىستىلىشىپ يۈرۈپ شاپتۇل- قوغۇن يەۋاتقىنىنى كۆرەتتىڭىز. قاراقاشنىڭ 17 يېزا- بازىرىدىنلا ئەمەس، گۇما، خوتەن، لوپ، ھەتتا بەزىدە قەشقەر- قاغىلىق، چەرچەن- چاقىلىقتىن كەلگەن خېرىدار، ئېلىپ- ساتارمەنلەرنىمۇ ئۇچرىتىش تامامەن مۇمكىن ئىدى. ئەنە شۇ يەرلەردىن كەلگەن تۇرلۇك- تۇمەن ئۇچۇر، خەۋەر، گەپ- سۆز، مەدەنىيەت، ئادەت مانا بۇ بازارغا — «شەھەر»گە جۇغلىناتتى- دە، يەنە تەرەپ- تەرەپكە تارايتتى.

ئەقلىمنى بىلگۈدەك چاغلاردا «شەھەر»نىڭ ھاياجانلىق تەرىپى ھەممىنىڭ ئېغىزىدا ئىكەن. ئۇ چاغلاردا ماتورلۇق قاتناشنىڭ تايىنى بولمىغاچقا، كىشىلەر كېچىلەپ ھارۋىدا، ئات- ئېشەكتە، ھەتتا پىيادە «شەھەر»گە ئاقاتتىكەن؛ ھەپتىدە بىر شەھەر ئويناپ بازار كۆرۈش خۇمارىدىنمۇ، «شەھەر»دە قىلىدىغانغا ئىش- سودىلىقى، يانچۇقىدا پۇلى بولمىسىمۇ باراتتىكەن. ھېلىھەم زېمىننىڭ بۇ سىرلىق، خىلۋەت تامانىدا مۇنداق «شەھەر» — بازار قىزغىنلىقى سۇسلىغىنى يوق. ھازىرمۇ خېلى زامانىۋىلىشىپ، تارىيىپ كەتكەن قاراقاشتىن ئىبارەت بۇ «شەھەر»گە يەكشەنبە كۈنى بېرىپ قالسىڭىز، مىغ- مىغ ئادەم قايىنىمىدىن بېشىڭىز قايىدۇ. ئۇلار «شەھەر»دە ئىشى بولمىسىمۇ، پۇلى بولمىسىمۇ بازارغا كېلىۋېرىدۇ، خۇشلانسىمۇ، خۇيلانسىمۇ؛ شادلانسىمۇ، دەردكە پاتسىمۇ كېلىدۇ. قارىغاندا، بازار— شەھەر ئۇلار ئۈچۈن سودىلىق كاتېگورىيىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇلار «شەھەر»دىن ھاياتنىڭ قايناقلىقىنى، ئىنسانلىقنىڭ قىممىتىنى، تىرىكلىكنىڭ مەنىسىنى، ئۇيغۇرلۇقنىڭ تەمىنى ئىزدەۋاتقاندەك، «شەھەر»نى ئۆز روھىيىتىنى تەڭشەپ تۇرۇشتىكى سورۇن قىلىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇلاردا قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئاجايىپ زور تەشنالىق، ئېچىرقاش، زارىقىش باردەك، ئۇنى شەھەردىن، بازاردىن، ئادەملەر توپىدىن، ھەرجاي- ھەرجايدىن ئېقىپ كېلىۋاتقان يېڭىلىقلار ئىچىدىن ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. بولمىسا، سودا بولمىسىمۇ ئون- يىگىرمە كىلومېتىرلاپ يولنى پىيادە، ئات- ئېشەك، ھارۋىلىق دېگۈدەك بېسىپ كېلىپ كۈنلەپ ۋاقتىنى سەرپ قىلغىلى شۇنچە كۆپ قاراقاشلىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن ئۇيغۇر ساراڭمىدى؟ سودىنى ھازىر شەھەردە قىلمىسىمۇ يېزىدا بازار، دۇكان دېگەن كۆپقۇ؟ ھەتتا ھەممە يېزىدا ھەپتىدە بىر كۈن بازار قىزىيدىغۇ؟!

مەدەنىيەت پىسخىكىسى نۇقتىسىدىن ئانالىز يۈرگۈزگەندە، قۇرغاق ئىقلىم يېتىلدۈرگەن مىجەز- پىسخىكا ئۇلارنى قاينام- تاشقىنلىققا، جۇشقۇنلۇق، ھاياجان، غىدىقلاشقا تەشنا قىلغان بولسا، تۇرلۇك سىياسىي، ئىجتىمائىي قاباھەتنىڭ قىستىشى تۈپەيلى نادانلىق، جاھالەت، بېكىك بۇرۇقتۇرمىلىق ئىلكىدە قالغان روھىي چاڭقاقلىق ئۇلارنى يېڭىلىققا، مەدەنىيەتكە، تەرەققىياتقا يۈكسىلىشكە سىزىك قىلىۋەتكەندى. ئۇلار تىنىپ كەتكەن ئاشۇ روھىي قەھەتچىلىك، مەنىۋى قاغجىراقلىق ئىلكىدە تۇرۇپ قەلبىدىكى تەشنالىق، تۇرمۇشىدىكى غۇربەتچىلىك، ئىجتىمائىي ھاياتىدىكى قاتمۇ- قات بويۇنتۇرۇقنى پاچاقلاپ تاشلاشقا يول، كۈچ، جاۋاب ئىزدىگەن بولۇشى مۇمكىن. بىز شۇنداق دەپ خۇلاسە چىقىرىشنى ئەقىلگە ئۇيغۇن دەپ قارايمىز. ئۇلار «شەھەر»دىكى ئاشۇ ئازغىنە تەرەققىيات، يۈكسىلىش مەنزىرىسىدىن كۆزىنى تويدۇرغان، مەنىۋىيىتىنى قاندۇرغان، بېيىش، روناق تېپىش، مانا شۇنداق راھەت، پاراغەت، باياشاتچىلىق، توقچىلىق، ئەركىن- ئازادىچىلىككە ئېرىشىش ئىستىكىگە تەسەللى ئىزدىگەن بولۇشى مۇمكىن. كىم ئۇلارنى شۇنداق ئويلىمىغان دېيەلەيدۇ؟ شەھەرگە كىرگەنلەر ئېگىز بىنالارغا، چىرايلىق زىننەتلەنگەن سودا دۇكانلىرىغا، سايىۋەنلىك ئاستىدا دۇغاپ ئىچىپ ئولتۇرۇپ رەخت، كىيىم- كېچەك سېتىۋاتقان سودىگەرلەرگە، ئىدارىلىرىغا ئالدىراش كېتىۋاتقان خىزمەتچىلەرگە ھەۋەس، قىزىقىش، ئەيمىنىش ئىچىدە قارايتتى. شەھەردە ھەممە نەرسە تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيلەشكەن، باياشاتچىلىق، توقچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەپ قاراش بىزدەك مۇتلەق كۆپ قىسىم سەھرالىققا ئورتاق ئىدى. ئۇلار شەھەر، شەھەرلىكلەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تەقدىر- قىسمىتىنى باغلاپ تۇرۇپ ئويلايتتى. شەھەر، شەھەرلىك دېسە ئەيمىنەتتى، تەپتارتاتتى، ھەتتا قورقاتتى. ئۇلار شەھەردىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتەتتى، خۇددى ئاشۇ شەھەر ئاتىلىدىغان يوغان قاينامنىڭ ۋاستىسى بىلەنلا ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى بىردىنلا باشقىچە تۈس ئالىدىغاندەك يوشۇرۇن تۇيغۇ ئىلكىدە شەھەرگە تەلپۈنەتتى، شەھەردىن كەلگەنلەرنى چوڭ بىلەتتى، ئۇلارغا دەرد ئېيتىپ باققۇسى كېلەتتى، شەھەرگە بارغانلارمۇ ئۆزىنى يوغىناپ قالغاندەك سېزەتتى...

مەھەللىمىزدىكىلەرنىڭ شەھەرنى ئەنە شۇنداق زوق- ھەۋەس بىلەن تەرىپلىشى، شەھەرگە چىقىپ كىرگەنلەرنىڭ كېرىلىپ، ئېغىزىنى تامشىتىپ سۆزلىشى ۋە ئامالنىڭ بارىچە شەھەرگە چىقىپ- كىرىش كويىدا بولۇشى مېنىڭ بالىلىق قەلبىمدىمۇ ئاجايىپ شېرىن- لەززەتلىك ئوي- خىيال ئويغاتقانىدى. رەھمەتلىك ئانامغا ئەگىشىپ يۈك ماشىنىسىدا نەچچە قوينىڭ ئارىسىدا تۇنجى قېتىم «شەھەر»گە ماڭغاندىكى بالىلارچە ساددا قىزغىنلىقىم ۋە شۇ چاغدا

كاللامدا شەھەر توغرىسىدا ھاسىل بولغان ئوبراز- تەسىرات ھېلىھەم ئېسىمدىن چىقمايدۇ.

كېيىن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان چاغلاردا مۇئەللىملەرنىڭ شەھەر، شەھەردىكى مەكتەپلەر ھەققىدىكى تېخىمۇ «جەلپ قىلارلىق»- قىزىقتۇرغۇچى گەپلىرىنى ئاڭلىدۇق. ئۇلار شەھەرلەرنىڭ ئازادىلىكى، ئىمتىھاندىن ئۆتتۈۋالساقلا ئويۇن دېگەن شەھەردىكى مەكتەپلەردە ئىكەنلىكى، دەرسكە چىقامسەن- چىقمامسەن ھېچكىمنىڭ كارى يوقلۇقى، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇئەللىملەرنى ئەخمەق قىلىپ، يالۋۇرتۇپ يۈرىدىغانلىقى ھەققىدە تالاي گەپ ساتقانىدى. بىزنىڭ كاللىمىزدا چوڭ شەھەر، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەنە شۇنداق بىر كۆرۈنۈش- ئوبرازى يېزا ئاتلىماي تۇرۇپلا شەكىللەنگەنىدى. ۋەھالەنكى، بىز كېيىنچە ئالدانغانلىقىمىزنى، ئۇلارنىڭ بىزنى ئىمتىھانغا ياخشىراق تەييارلىق قىلدۇرۇش ئۈچۈنلا ئاشۇنداق رېئاللىقنى بوياپ كۆرسىتىش ئويۇنى ئوينىغانلىقىنى بىلدۇق. ئەمما خېلى كۆپ ۋاقتىمىز كاللىمىزدا بۇرۇنلا شەكىللەندۈرۈپ قويۇلغان شەھەر، شەھەردىكى مەكتەپلەرگە تەلپۈنۈش بىلەن ئۆتتى. كاللىمىزدا بۇرۇنلا شەكىللىنىپ قالغان ئاشۇ ئېزىتقۇ تۇمانلاردىن خالاس بولۇپ، ھەقىقىي رېئاللىققا يۈزلىنىپ بولغىچە بىز خېلى كۆپ ۋاقىت، زېھنىنى بەدەل قىلغان، ھەتتا، ياق، مەكتەپ دېگەن ئاشۇنداق بولۇشى كېرەكتىغۇ دەپ ئاغرىنغاندۇق. ئادەم مەلۇم بىر نەرسىنى كۆرمەي تۇرۇپ كاللىسىدا بۇرۇن شەكىللەندۈرۈۋالغان نۇرغۇن ئوبراز- تەسىرات ھەقىقەتەنمۇ كېيىنكى رېئاللىقنى توغرا تونۇش، ئۇنىڭغا مۇئامىلە قىلىشتا ئويلاپ باقمىغان قىيىنچىلىق- توسالغۇلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

2001- يىلى سېنتەبىردە، مەن تۇنجى قېتىم ئۈرۈمچىگە، مۇنداقچە ئېيتقاندا دىيارىمىزدىكى مەركىزىي شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتىم. ۋەھالەنكى، كاللامدا ئاللىبۇرۇنلا ئۈرۈمچى ھەققىدە غايىۋى شەھەر كۆرۈنۈشى شەكىللىنىپ بولغانىدى. كىتابلاردىكى ئۈرۈمچى ۋە شەھەر ھەققىدىكى بايان- تەسۋىرلەردىن، ئەڭ مۇھىمى، ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ كەلگەن ساۋاقداش، دوست- بۇرادەرلىرىمنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلىغان ئاجايىپ- غارايىپ ھېكايە، گەپلەردىن تەدرىجىي شەكىللەنگەن بۇ كۆرۈنۈش تولىمۇ خۇنۇك، شەپقەتسىز، قاراڭغۇ، مۇزدەك سوغۇق تۇيغۇلار بىلەن مەزمۇنلانغانىدى. ئۈرۈمچىگە بارغۇچە يول- ئۆتەڭلەرنىڭ قايسىبىرىدىكى ئۆكتەم- مۇتتەھەم ئاشپەز؛ ئاشخانىغا خېرىدار باشلىغۇچى لۈكچەك مىجەز زوراۋان كۈتكۈچى؛ بىر ماشىنا يولۇچىنى مەلۇم بىر ئاشخانىغا مەجبۇرىي تۆكۈپ بېرىپلا ھەقسىز غىزالىنىدىغان چالا كۆرەڭ شوپۇر؛ قايسىبىر ئۆتەڭنىڭ ھاجەتخانىسىغا مۆكۈنۈپ تۇرۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان خەنجەر- پىچاقلىق قارا يۈز ئوغرى- قاراقچى؛ قورقۇنچلۇق تاغ- داۋان؛ دەھشەتلىك ماشىنا ۋەقەلىرى؛ قۇشلىرىمۇ قارىداپ كەتكەن، قىش- ياز قار- يامغۇر ئۆكسۈمەيدىغان، ئىس- تۈتەك دەستىدىن ئاسمانىنىمۇ، كۈنىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان تۇمانلىق ئۈرۈمچى؛ لاي- پاتقاقلىق كوچىلار؛ ئادەم تىقما- تىقما قايناپدىغان دۆڭكۆۋرۈك؛ قايناق بازار؛ بازاردىكى تەپتارتماس ئوغرىلار؛ ئاشكارا خېرىدار چاقىرىدىغان پاھىشە سەتەڭلەر؛ كېچىلىك كۇلۇب- كىنوخانىلار؛ ئوغۇل- قىزلار كۈندۈزى ئاپئاشكارا سۆيۈشۈۋاتسىمۇ كارى يوق ئادەملەر؛ كۈندۈزى بوش قالىدىغان دەرسخانىلار؛ سىنىپتا ئۇخلاپ ئولتۇرىدىغان ئوقۇغۇچىلار؛ جۈپ- جۈپلەر بىلەن توشۇپ كېتىدىغان مەكتەپ قورۇسى، باغچىلار؛ كىملەرنىڭدۇ ئوقۇپ تۇرۇپ سىرتتىن ئۆي تۇتۇپ ئولتۇرغانلىقى، بويىدا قالغانلىقى، تۇغۇپ قويغانلىقى؛ بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنى ئالداپ پۇل ئېلىپ خەجلەيدىغانلىقى؛ ياتاقلاردىكى ئەپسانىۋى گەپلەر؛ ئىچىش، چېكىشۋازلىق، ئولتۇرۇش؛ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كوللېكتىپ ئۇرۇشۇپ كەتكەنلىكى، ھەتتا نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆلگەنلىكى، ئۆزىنى بىنادىن تاشلىۋالغانلىقى... ئۈرۈمچىگە كېلىشتىن ئىلگىرى تولا ئاڭلىغان بۇ پارچە- پۇرات ۋەقەلىكلەرنى بىرلەشتۈرگەندە قورقۇنچلۇق، قاباھەتلىك، خۇنۇك، رەزىل، ئىپلاس بىر كارتىنا كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى- دە، مەندە خۇددى تېررورلۇق فىلىملىرىدەك تەسىرات قالدۇراتتى. مەھەللىمىزدىكى ساددا دېھقانلار ئوتتەك قىزىقىش ۋە قانداقتۇر يوشۇرۇن ئۈمىد- ئىستەك بىلەن تەلپۈنىدىغان خوتەندىكى «شەھەر»دىن چىقماي تۇرۇپلا ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت بۇ شەھەر ھەققىدە تولىمۇ ۋەھىملىك بىر تۇيغۇ كاللامنى قالايمىقان قىلىپ تۇراتتى. ھەتتا شۇ مەزگىلدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە خوتەندە ئېچىلغان «خانتەڭرى ئەدەبىيات مۇكاپاتى»نى تارقىتىش يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىدىن كەلگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بىر يازغۇچىمىز: «بارىمەن دەپ تەييارلىق قىپسىز، ياخشى بوپتۇ، بېرىڭ. ئەمما ئەقىدىڭىز بەركامىل بولغاي. بولمىسا، ئۇ شەھەر سىزنى تېزلا يەپكېتىدۇ» دېدى تولىمۇ كۆيۈنگەن ئاھاڭدا. «يائاللا،- دېدىم ئىچىمدە،- قانداق شەھەر ئۇ؟»... كاللامدا ئۈرۈمچى، شەھەر ھەققىدىكى ئوي- كۆرۈنۈش تولىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاساسەن ئېزىتقۇ، قاباھەتلىك- تەڭسىز بىر قاينام سۈپىتىدە زاھىر بولماقتا ئىدى...

ھەقىقەتەنمۇ ئۈرۈمچىگە كەلگىچە بولغان ئارىلىقتا دەككە

ـ دۆككە، نامەلۇم قورقۇنچ، يوشۇرۇن ۋەھىمە ئىچىدە ئولتۇرغىنىم؛ ھاجەتكىمۇ قانداقتۇر ئەنسىزلىك ئىچىدە بارالماي قىينالغىنىم؛ دادام قايتا ـ قايتا تاپىلاپ ئىزمىلاپ ئېتتۈەتكەن يانچۇقۇمدىكى پۇلنى يول بويى ئۇستىدىن بېسىۋېلىپ ماڭغىنىم؛ ئاشپەز ـ كۈتكۈچىلەرگە ئەيمىنىپ قارىغىنىم ھەق ـ راست. سەپەر، شەھەر ھەققىدىكى ئاشۇ ۋەھىملىك گەپلەر ۋۇجۇدۇمغا ئورناپ كەتكەچكىمىكىن، ھېلىھەم سەپەرگە چىقسامۇ ئاشۇ قورقۇنچلۇق بايانلار ئېسىمگە چۈشسە، مىيىقىمدا كۈلۈپ سالىمەن.

ئۈرۈمچىگە قەدەم باسقىنىمدىن تارتىپ ھېسابلىغاندا، مانا ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالتە يىل بوپقاپتۇ. بۇ يىللاردا ئۈرۈمچىگە كېلىپ ـ كېتىپ تۇردۇم. شەھەر توغرىلىق ئۆزۈمگە تۇشلۇق تەسرات ـ خۇلاسىگە ئېرىشتىم. بۇ شەھەرگە كېلىشتىن بۇرۇن باشقىلارنىڭ پاراڭلىرى تەسىرىدە كاللامدا شەكىللەنگەن ھېلىقى كۆرۈنۈش بىلەن مەن كۆرگەن، ھېس قىلغان شەھەر رېئاللىقى ئارىسىدا خېلىلا پەرق، زىددىيەت بار ئىدى. بىرى ئۇنىڭغا تەلپۈنەتتى، ئۇنىڭدىن نېمىلەرنىدۇر ئېرىشىشنى ئىزدەيتتى. ئەمما يەنە بىرلىرى شۇ شەھەردە ياشاپ تۇرۇپمۇ ئۇنى بولۇشىچە تىللايتتى، ئۇنى ئەڭ قاباھەتلىك تۈستە سۈرەتلەيتتى. بۇ ھال مەلۇم مەنىدە شەھەر، شەھەرلىشىش، تەرەققىيات مەسىلىلىرىگە كىشىلىرىمىزنىڭ قايتۇرغان ئىنكاسىنىڭ بىر قىسمى ئىدى. بىز بۇ ھەقتە ئەستايىدىل پىكىر يۈرگۈزۈپ باقمىساق بولمايدىغاندەك قىلاتتى.

## 2

دۇنيادىكى تۇنجى شەھەرنىڭ زادى قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەمما ئۇ مەيلى قاچان شەكىللەنگەن ۋە قانداق يوسۇندا تەرەققىي قىلغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شۈبھىسىزكى، شەھەر ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيلىشىش، تەرەققىي قىلىش يولىدىكى ئىزدىنىشىنىڭ كاتتا نەتىجىلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئامېرىكىلىق شەھەرشۇناس لۇئىس ۋونفورت: «شەھەر ئەڭ دەسلەپتە سودا ياكى ئۇستىخانىلار جەملەنمىسى شەكلى بىلەن ئەمەس، بەلكى دىنىي مۇقەددەسلىك ئورنى بىلەن مەيدانغا چىققان. ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن مەنىۋى كونترول مەركىزى»[1] دەيدۇ. ھەممىدە شەھەرلەرنىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي مەنبەسىنى ئۆلۈكلەر شەھىرى ـ قەبرىستانلىققا باغلايدۇ. ئۇنىڭچە، ئەڭ دەسلەپكى شەھەرلەر دىن، قەبرە، چېركاۋلارنى مەركەز قىلىپ گۈللەنگەن. «قەدىمكىلەر ئۆلگەنلەرنىڭ لايىقىدا دەپنە قىلىنىشىغا ئەڭ كۆڭۈل بۆلگەن. ئۆلۈمگە بولغان ۋەھىمە ۋە قورقۇنچ ئۆلۈلەرنى ئاۋۋال ئۆلگەنلەر ئۈچۈن مۇقىم، كۆڭۈلدىكىدەك جاي تاللاشقا مەجبۇرلىغان... مانا شۇ تەرىقىدە قەبرىستانلىق، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۆلۈكلەر شەھىرى، يەنى تىرىكلەر شەھىرىنىڭ دەسلەپكى ئۇمۇرتقىسى، يادروسى شەكىللەنگەن»[2]. خەنزۇ تەتقىقاتچىسى دەي جۈنلياڭ بولسا مۇداپىئەلىنىش پسىخكىسىنى تۈتقا قىلىپ تۇرۇپ: «شەھەر ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئوخشاش بولمىغان شەكىللىنىش، گۈللىنىش باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەممىسى ئوخشاش ۋەزىپە ئۆتەپ كەلدى. يەنى ھەممە شەھەر مۇداپىئە، قوغدىنىش مەقسىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان»[3] دەيدۇ. ھەقىقەتەنمۇ، بۇ خىل مۇداپىئە پسىخكىسى، قوغدىنىش ئېھتىياجى بىلەن شەھەر قۇرۇش ئوتتۇرا ئەقلىمىدىكى ھەدېسلا شىمالدىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان مىللەتلەردە شەھەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى ئاساستۇر. «گېرمانىيىلىك جەمئىيەتشۇناس ماكس ۋېبىرمۇ جۇڭگودىكى شەھەرلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە گۈللىنىشى كارخانىچىلارنىڭ رولىغا تايىنىپ ئەمەس، بەلكى مەمۇرىي باشقۇرۇش ئورگانلىرىنىڭ پىلانلىشى ئارقىسىدا بولغان. پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر ۋە سۇلالىلەرنىڭ ئالمىشىشلىرى ھۆكۈمرانلارنىڭ مۇداپىئەلىنىش ئېھتىياجىنى كۈچەيتىپ، شەھەرلەر قېلىن سېپىللار بىلەن قورشالغان. نەتىجىدە، پۇقرالار شەھەر ئىچىگە بېكىنىپ ياشاپ، ئەركىن سودا كارۋانلىرىغا ئايلىنالمىغان دەپ شەرھلەيدۇ»[4]. دېمىسىمۇ، غەربتە شەھەر ئۇقۇمى خەنزۇتىلىدىكى شەھەر سۆزى ئۆز ئىچىگە ئالغان «سېپىل، قەلئە، بازار، قورغان» مەنىلىرىدىن ئىبارەت مەدەنىيەت كونتېكىستلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالماستىن، بەلكى پۇقرا ۋە ئۇ بەھرىلىنىدىغان ھوقۇق ئىبارىسىدىن شاخلىنىپ كەلدى ھەمدە يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا باغلاندى. ئەرەب تىلىدىكى «مەدەنىيەت»، «مەدەنىي» دېگەن ئاتالغۇلارمۇ ئەڭ دەسلەپ شەھەرلىشىش مەنىسىدىن كېلىدۇ. شەھەر سۆزى بىزگە پارسچىدىن كىرگەن بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا ئاساسلانغاندا قەدىمدە «كەند، بالىق، ئوردا» ئاتالغۇلىرى شەھەر مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن ھەمدە «شەھەر، قەلئە، ئوردا، خان شەھىرى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈپ كەلگەن[5]. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، خەلقىمىز شەھەر ئۇقۇمىنى بىۋاسىتە ھالدا ھاكىمىيەت، ھوقۇق، دۆلەت ئۇقۇمى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەن. ئۇنىڭدىنمۇ ئىلگىرىكى مەنبەلەرگە، مەسىلەن «ئوغۇزنامە»، «مەڭگۈ تاشلار پۈتۈكلىرى» دىكى بايانلارغا قاراپ باقساق، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا شەھەرگە سولىنىپ ياشاپ ھاكىمىيەت تەشكىللەش ياكى مۇداپىئەلىنىش

www.uyghurkitap.com

پسخىكسنى دۆلەت، شەھەر ھاياتىنىڭ باش مىزانى قىلىشتەك مۇنداق ھالنى ئاساسەن ئۆچۈرەلمايمىز. تارىختىكى مەنبەلەردە خەلقىمىزنىڭ تۈركىي قەۋملار ئىچىدە ئەڭ بالدۇر شەھەر ھاياتىنى باشلىغانلىقى ھەمدە بۇ يەرلەردە شەھەر ھاياتىنىڭ ئىنتايىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغانلىقى بايان قىلىندۇ. دېمىسىمۇ، ھەربىر تارىخىي پاكىت بىزگە بۇ زېمىندا تالايلىغان سەلتەنەتلىك شەھەر مەدەنىيتىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇرىدۇ. بىز يىپەك يولى (كارۋان بۇيۇك) بويلاپ گۈللەنگەن پارلاق سودا لىنىيىسىنى ۋە بۇ سودىنى كونترول قىلىپ، تۇتۇپ تۇرغۇچىلارنىڭ ئورنى، ھوقۇق، سالاھىيەت مەسىلىسىنى ئويلىساقلا بۇ دىياردىكى شەھەر، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ھايات، يۈكسەلگەن ئالىي تەپەككۇر، تەرەققىي قىلغان ئىگىلىك، گۈللەنگەن ئەدەبىيات- سەنئەتنى ناھايىتى ئاسانلا كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. يىپەك يولىنى بويلاپ قۇرۇلغان ھەربىر خانلىق، سۇلالىنىڭ ھاياتى كۈچى، رىقابەت ئىقتىدارى، مەۋجۇدلۇق قىممىتى ماھىيەتتە ئۇنىڭ مانا شۇ سودا لىنىيىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان شەھەرلىرىنى قانچىلىك دەرىجىدە كونترول قىلىپ تۇتۇپ تۇرالىشى، گۈللەندۈرەلىشى، تاشقى دۇنيا بىلەن قانچىلىك دەرىجىدە ئاكتىپ دىئالوگ ئېلىپ بارالىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. سودا، ئالاقە، سىرتقا تەسىر كۆرسىتىش جەھەتتە ئاكتىپ ھالەتكە ئۆتۈش ھەممە جەھەتتىكى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتىن دېرەك بېرەتتى ۋە شۇنداق ئۈستۈنلۈك نەتىجىسىدىلا ئەمەلگە ئاشاتتى. بۇ نۇقتىدا بۇ بىپايان زېمىندا قەد كۆتۈرگەن شەھەرلەر باشلامچىلىق بىلەن ئەڭ ئالدىدا سەپ تارتىپ كەلگەنىدى. مەدەنىيەت، مەرىپەت، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، كىيىنىش، ئوقۇيا ئېتىش، ھەتتا قانداق ئات مىنىشقىچە ئۇلاردىن تارىغانىدى؛ ئۇلار ئالدىدا تىزى بارلار تىزلانغان، بېشى بارلار باش ئەگكەنىدى؛ بۇ ئەلنىڭ ئوغلانلىرى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن كەبى جاھانگىرنى تەپتارتقۇزغانىدى؛ چىڭگىزخاندەك ياۋايى جاھان ئەركىسى بولمىش ئىستېلاچىلارغا ئىلىمدىن ئوزۇق، قول- تىلىغا يېزىق بەرگەنىدى؛ ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن بۇددىزم ئۇدۇن، كۇسەندە ئۆزىنىڭ يۈكسەك پەللىسىنى ياراتقان ۋە ئوتتۇرا ئىقلىمنى بۇددىلاشتۇرۇشتا چوڭ رول ئوينىغان، بىباھا بۇددا مەدەنىيىتى، مائارىپى، تەرجىمىشۇناسلىق، ئەدەبىيات- سەنئەت نەمۇنىلىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەنىدى؛ پىرسىيىدە مەيدانغا كەلگەن، ھېچقانداق ئەلدە دۆلەت دىنىغا ئايلىنىپ باقمىغان مانى دىنى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە دۆلەت دىنى شەكلىدە تېزلا گۈللىنىشكە ئېرىشىپ پارلاق مانى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدى؛ ئەرەبىستان

چۆللىرىدە ۋەھيى قىلىنغان ئىسلام دىنى قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسى بىلەن بىرلىشىپ كېيىنكى مەزگىللەردە گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنى، مەشھۇر مەدرىسەلەرنى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرلارنى، دانا يولباشچىلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، ئەتراپتىكى ئەل- خەلقلەرنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ ماڭالىغان: تىل، مەدەنىيەت، مائارىپ، ھاكىمىيەت، ئەدەبىيات- سەنئەت جەھەتتە غالىبلارچە بەيگىگە چۈشەلىگەنىدى: يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «بۇ بەك ئەزىز بىر كىتابتۇر... مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتكۈل تۈركىي خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن ھېچكىم بۇنىڭدىن ياخشىراق بىر كىتابنى يازغىنى يوق»[6] دەپ غۇرۇر بىلەن مەيدە قاقتى: «مەن شۇ تۈركلەرنىڭ ئەڭ سۆزمەنلىرىدىن، پىكرىنى ئەڭ روشەن بايان قىلالايدىغانلىرىدىن، ئەڭ زېرەكلىرىدىن» دەپ يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان مەھمۇد قەشقەرىيمۇ: «ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس- تۈگىمەس بىر بايلىق بوپقالسۇن دەپ، ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ، بۇ كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم»[7] دېدى ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن؛ «مەن تۈركىي خەلقلەرنىڭ خۇش تىللىرىغا بۈيۈك بىر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپ بەردىم»[8] دېدى ئۇلۇغ شائىر مەۋلانە ئەلشىر نەۋائىي تۈركىي تىلنىڭ يۈكسەك پاساھەت، بالاغىتىنى نامايىش قىلىپ تۇرۇپ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋايىغا يەتكەن تەرەققىيات، مەدەنىيلىشىشتىن دېرەك ئىدى. مەدەنىيەت جەھەتتىكى يېتەكچىلىك، سودىدىكى ئاكتىپ تەمىنلەش، ئىدىيە جەھەتتىكى تەڭمۇ تەڭ دىئالوگ پەقەت مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغۇچىلارنىڭ قولىدىنلا كېلەتتى. يۈك ئارتىلغان تۆگە كارۋانلىرىغا قوشۇلغان ھالدا ھەرقايسى بوستانلىقتىكى خەلقنىڭ مەدەنىيىتى بىر- بىرى بىلەن ئۆزئارا ئۇچراشقانىدى. تەشەببۇسكار، قىزغىن ھاياتى كۈچ ئىچىدىكى بۇ خىل ئىنتىلىش تەبىئىي ھالدا خەلقىمىزنىڭ گۈللەنگەن شەھەر مەدەنىيىتىنىلا ئەمەس، شەھەر، شەھەر ھاياتىغا، مەدەنىيلىشىشكە، شەھەرلەردە كەڭ كۆلەمدە ئەمەلگە ئاشالايدىغان مەدەنىيەتلەر ئۇچرىشىشىغا بولغان ئوتتەك قىزغىنلىقىنىمۇ دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. بىز فارابىينىڭ «پەزىلەتلىك شەھەر» ھەققىدىكى ئاجايىپ ئۆزگىچە ئىجتىمائىي غايىسىدىن ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»تە چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر ئاساسىدا ياراتقان ئوتوپىك جەمئىيەت لايىھىسىدىن شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ خېلىلا تەرەققىي قىلغانلىقىنى، شەھەرگە بولغان قىزغىنلىق، كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ ئەقلىي بالاغەت دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ ھەرگىزمۇ مۇنداقلا قىزغىنلىق،

www.uyghurkitap.com

كۆڭۈل بۆلۈش ئەمەس، بەلكى ۋايىغا يەتكەن شەھەر مەدەنىيىتىدىن دالالەتتۇر. ھەقىقەتەنمۇ قوچۇ، كۇسەن، كروران، نىيا قەدىمىي شەھەر خارابىلىرى، قەشقەردىكى ۋە يەنە باشقا جايلاردىكى تالاي قەدىمىي ئىز، پاكىت، يازما ھۆججەت ـ ۋەسىقە ئاشۇ پارلاق شەھەرلەرنىڭ سودا، ھاكىمىيەت، ھوقۇق، دىن، مائارىپ، ئىدىيە، ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەركەزلىرىگە ئايلانغانلىقىنى، بۇ شەھەرلەردە گۈللەنگەن مەدەنىيەت ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى مۇنازىرىسىز دەلىللەپ تۇرۇپتۇ.

دېمەككى، شەھەرلىشىشنىڭ ئىپتىداسىنى ئەسلەپ كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم بىزدە شەھەر، شەھەر ھاياتىغا نىسبەتەن بىر خىل ئاكتىپ ئىنتىلىشنى كۆرىدۇ. ھەممىدە بىزدىكى شەھەرلەرنىڭ مۇداپىئەلىنىش، قوغدىنىش ئېھتىياجى ئۈستىگە ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق، باستۇرۇپ بېرىشنى ئادەت قىلغان يىراق زاماندىكى ئاتلىق مىللەتلەرنىڭ بىر خىل ئەركىن تۇرمۇش سىستېمىسىغا ئىنتىلىش پىسخىكىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەنلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

شۇنداق. شەھەر ئەنە شۇ يوسۇندا شەكىللەندى ۋە تەرەققىي قىلىپ مەدەنىيەتنىڭ، مەدەنىيلىشىشنىڭ بالىياتقۇسىغا ئايلاندى. ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ بۈيۈك مەدەنىيەت مۆۋەپپەقىيەتلىرى شەھەرلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا بارلىققا كەلدى ۋە كېڭەيدى. پېتېر بۇركى: «شەھەرلەر بولمىغان بولسا، ئەدەبىي ئويغىنىشمۇ بولمىغان بولاتتى» [9] دەيدۇ. شەھەرلەر بولمىغان بولسا مەدەنىيەتمۇ بولمىغان بولاتتى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىنكى دۇنيانىڭ تەرەققىياتىدا شەھەرلەرنىڭ ئوينىغان رولى مىسلىسىز بولدى. شەھەر بارلىق ئىجتىمائىي ئىنقىلاب، سىياسىي بۇرۇلۇش، تېخنىكا يېڭىلىنىشى، مەدەنىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئاۋانگارت سەھنىسى بولدى. ھەم مانا شۇ دەۋردىكى شەھەرلەرنى بەلگە قىلغان ئىجتىمائىي ھەرىكەتلەر نۇرغۇن ئەلنىڭ كېيىنكى نەچچە يۈز يىللىق تەقدىر ـ ئىستىقبالىنى، دۇنياۋى رىقابەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەپ قويدى. رىم، فلورېنسىيە قاتارلىق شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ياۋروپا ئەدەبىي ئويغىنىشىغا تەڭكەش بولغان ھالدا شەرقتە سەمەرقەند، ھىرات قاتارلىق شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ[10]، لېكىن «شۇنىڭدىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيا جايلارنى ئۆز ئالدىغا بۆلۈشىۋالغان، راۋاج تاپمىغان مۇسۇلمان پادىشاھلارنىڭ تەسىر دائىرە تالىشىش سەھنىسى بوپقالدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ رايوننىڭ ھەممىلا يېرىدە توختاپ قېلىپ ئالغا باسماسلىق ھالىتى شەكىللىنىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىش پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەككە ـ يېگانە ھالىتىنى كۈچەيتىۋەتتى» [11]. ياۋروپادا باشلانغان ئىدىيىۋى ئويغىنىش ناھايىتى تېزلا ئادەمىيەت پەنلىرى ۋە تەبىئەت پەنلىرىگە تەرەققىي قىلدى ـ دە، كېيىنچە ئاڭ ئىنقىلابى پارتلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ھالدا سانائەت ئىنقىلابىغا تەرەققىي قىلدى. ۋەھالەنكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئايىغى چىقماس ئىچكى تەپرىقىچىلىك، تاشقى سىڭدۈرمىچىلىك ۋە توختاۋسىز نىزا ئاسارىتىدە ئەسلىدىكى شانۇ ـ شەۋكىتىنى تۇپىغا كۆمگىنىچە ئۆزىنىڭ سىرلىق، خىلۋەت، تار، بېكىك ئىچكى ئېقىنىغا بېشىنى تىقىپ ئىچكىرىلەپ كېتىۋەردى ـ دە، چۈشكۈنلۈك بۇ زوندىكى ئەللەرنىڭ كېيىنكى نەچچە ئەسىرلىك تارىخىي قىسمىتىنىڭ خۇلاسىسى بوپقالدى. مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان ئاۋات شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلاندى؛ كېچە ـ كۈندۈز ئىلىم ـ مەرىپەت ھەققىدە تۈگىمەس ئىلمىي مۇتالىئە ـ تەلقىنلەر بىلەن قىزىپ تۇرىدىغان مەدرىسە ـ مۇتالىئە سورۇنلىرى «جاھالەت پىرلىرى» بولمىش تەلۋە، ئەسەبىي سوپى ـ ئىشانلارنىڭ ھەلقە ـ ساما، «ھۇم ـ ھۇم»لىرى بىلەن تولىمۇ قورقۇنچلۇق، «ئاللاغا مەدھىيە ئوقۇماستىن، ئەكسىچە كىمگىدۇر تەھدىت سېلىۋاتقاندەك»[12] تۇيۇلىدىغان ۋەھىمىلىك چاچرانلىرىغا لىق تولدى؛ كۇتۇپخانا، رەسەتخانىلار، دەستە ـ دەستە كىتابلار كۆرۈلدىتىپ كۆيدۈرۈلدى؛ تامامى ئەھلىي ئىلمىنىڭ ساقىلىدىن سۆرەپ چىقىرىلدى؛ ئەلنىڭ يۆلىكى، يۈرىكى بولمىش ساخاۋەتلىك مۆتىۋەر بايلارنىڭ ھەممىۋا بايلىقلىرى بۇلاپ ـ تالاندى؛ جەسەت ـ كاللىلاردىن مۇنار تىكلەندى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى... بۇ خىل ئىلىمنى، ئالىمنى، بايىنى، بايلىقنى، مەرىپەت، مەرىپەت ئەھلىنى، كىتاب ـ كۇتۇبخانىلارنى دەپسەندە قىلىش، تۈگىتىش ھەرىكىتى تاكى 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە، ھەتتا سولچىل سىياسىي ھەرىكەتلەر تۈپەيلىدىن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ تۈگىمەي تاكى 1970 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈزۈلمەي داۋاملاشتى. ھەيھاتكى، ھېلىمۇ بۇ ئەلدە ئالىم تولىكەن، ئىلىم تولىكەن؛ چىدام تولىكەن، ئۈمىد ـ ئارمان تولىكەن! دۇنيا تارىخىدا مۇنداق نەچچە ئەسىرلەپ ئالىم ـ ئۆلىمالىرى ئۆلتۈرۈلگەن، كىتاب ـ دەستۇرلىرى كۆيدۈرۈلگەن، خەلقى شەپقەتسىزلەرچە قىرغىن قىلىنغان ئەل بەكمۇ، بەكمۇ كەم ئۇچرايدۇ!

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇسكى، ئاشۇ خورلۇق، بۇلاڭ ـ تالاڭ بىلەن ئۆتكەن ئەنسىز يىللار خەلقىمىزدىن دۇنياۋى رىقابەتكە تەشەببۇسكار ئورۇن، ئاكتىپ روھ، ئۈستۈن

ئەۋزەللىك بىلەن قاتنىشىدىغان ساپا ـ خىسلەتنى ئېپكەتتى. ئۇلار قاتمۇ ـ قات زۇلۇم ئىسكەنجىسى ئاخىر سەل ـ پەل بوشاپ، دېمىنى ئېلىپ دۇنياغا باققىنىدا باشقىلار «سۇدا ئۈزۈپ، كۆكتە ئۇچۇپ» (ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي) يىراققا ئۇزاپ كەتكەن، «ئۆتمۈشتە ئىلىم ۋە مەدەنىيەتنىڭ مەركىزى بولغان بۇ ئانا يۇرت نۇرسىز، يولسىز، سۇسىز قىلىپ خارابلاشقانىدى»[13]. بىر ئەلنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەلگىلەپ ماڭغۇچى سەرخىللارنىڭ تايىنى قالمىغان: ئىگىلىك، سانائەت، ئىقتىساد، ئىدىيە ھارۋىلىرىنىڭ چاقى سۇغۇرۇۋېلىنغان، شوتىسى سۇندۇرۇۋېتىلگەن: تەرەققىيات ھارۋىسىنى ئىتتىرىپ ماڭغۇچى ئاۋامنىڭ ئاڭ ـ ساپاسىدا قوزغاق ھاياجاندىن ئۆزگە چوڭقۇر ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ ۋەزنى يوقىغان بىر ھالدا بىز ئاللىقاچان ھەقىقىي مەنىدىكى زامانىۋى شەھەرلىشىش، سانائەتلىشىش، يەر شارىلىشىش دولقۇنىدا شىددەت بىلەن غۇلاچ تاشلاپ كېتىۋاتقان تاشقى دۇنيانىڭ رەھىمسىز رىقابىتىگە دۇچ كەلدۇق. ھەممىدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھاياجان بار ئىدى، ئەمما قولدىكى، كاللىدىكى ئەقىل ـ تەجرىبە، خۇلاسە، پىلان ـ لايىھەنىڭ تايىنى يوق ئىدى. مىڭبىر بالالىقتا ئېرىشكەن بۇ ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ ئاجايىپ زور ئىشلارنى قىلىۋەتكۈسى بار ئىدىيۇ، بۇنىڭغا ۋاقىت، جەريان، جۇغلانما كېرەك ئىدى. ھەممىنىڭ تاشقى ئالەم بىلەن باراۋەر دىئالوگلىشىپ ماڭغۇسى بار ئىدىيۇ، ئەمما ماغدۇر، قۇۋۋەت، كۈچ لازىم ئىدى...

ئۇزۇن مۇددەت بېكىكلىكتە تۇرغان خەلقىمىزنىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى شەھەرلىشىشكە دۇچ كەلگەندىكى پىسخىكىسى تولىمۇ مۇرەككەپ بولدى. ئۇلار تاشقى دۇنيا ۋە ئۇنىڭ يۈزلىنىشى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچە تۇرغۇزۇپ بولغۇچە، نۇرغۇن يېڭىلىق تۇرمۇشىمىزغا كەلكۈندەك باستۇرۇپ كەلدى ـ دە، ئومۇمىيۈزلۈك جەمئىيەتلىشىشكە باشلىدى. دېمەككى، شەھەرلىشىش ئۇيغۇرلاردا بۇ ھەقتە ھېچقانداق تەييارلىق يوق، شەھەرلىشىشكە قاتناشقۇدەك ئىقتىدار ـ ساپا ھازىرلانمىغان، ھەتتا شەھەرلىشىش جەريانىدا نېمىلەرگە دۇچ كېلىش، نېمىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزىدىكى قانداق ئېلېمېنتلارنى ساقلاپ قېلىش ھەققىدە ئاڭ ـ ئوي شەكىللەنمەي تۇرۇپلا خۇددى «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتقان»دەك باشلىنىپ كەتتى. بىز ئاكتىپ قىزغىنلىق، تەشەببۇسكار ئورۇن، قىزغىن ئىشتىراكچىلىق ھوقۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاڭلىق، ئاڭسىز ھالدىكى ئەگىشىش، خالىغانچە دوراش، پاسسىپ قوبۇل قىلىش مەيدانى بىلەن قاتناشتۇق. بۇ ھال تەبىئىيلا ئاستا ـ ئاستا نۇرغۇن مەسىلە، ئويلىنىشنى ئېپكەلدى.

ھەرقانداق يېڭىلىق ھەرقانداق بىر ئەلدە ئۆزگە يارىشا ئىنكاس ـ تەسىراتلارنى پەيدا قىلغىنىدەك، يېڭىدىن گۈللەنگەن شەھەر ۋە شەھەرلىشىش بىزدىمۇ ئوخشاش بولمىغان ئىنكاسلارنى شەكىللەندۈردى. دەسلەپكى مەزگىلدە ئۇ ناھايىتى ئاددىيلا بىردە ئەنئەنىنى تۇتقا قىلىۋېلىپ ھەممىنى قارا قويۇق ئىنكار قىلىش ياكى بولمىسا يېڭىلىق دەپلا يېپىشقىنىچە ھەممىسىنى قوبۇللاۋېرىش شەكلىدە زاھىرلانغان بولسىمۇ، لېكىن بارا ـ بارا شەھەر، شەھەرلىشىش جەريانىدا پەيدا بولغان تەسىرلەرنى نوقۇل سوغۇق نەزەر بىلەن كۆزىتىش خېلىلا ئەۋج ئېپكەتتى. بىر چاغلاردا يېپەك يولىنى بويلاپ تارقالغان ھەرقايسى بوستانلىقلاردا يۇلتۇزدەك چاقنىغان شەھەر ـ ئۆتەڭلەردە ئۆزلىرىدىكى تەشەببۇسكار، ئاكتىپ قىزغىنلىق بىلەن گۈللەنگەن شەھەر مەدەنىيىتىنى روياپقا چىقارغان ئەل ـ خەلقنىڭ بۈگۈنكى ئەۋلادلىرى شەھەر، شەھەرلىشىشتە تەشەببۇسكار مەيداندىن ئايرىلىپ قالغانلىقى ئۈستىگە يەنە بۇ خىل مۇقەررەر يۈزلىنىشكە شۈبھە، گۇمان، ئەندىشە، ئەيىبلەش، يىرگىنىش بىلەن نەزەر تاشلاۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن ئۆزلىرىنى ئېپقېچىۋاتقاندەك بىر ھالنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى. بىز، ھەتتا مەندەك تەنتەك ھەۋەسكاردىن تارتىپ تونۇلغان ئەدىبلىرىمىزگىچە شەھەرنى «تاش» دەپ تولىمۇ سوغۇق، خۇنۇك، مېھىرسىز، غېرىبلىق، چۈشكۈنلۈك، زۇلمەتكە تولغان بىر تەرزدە بولۇشچە سۈپەتلىگەندۇق. شەھەر ئەڭ گۈزەل ئەخلاق، ئەنئەنە، ۋاپا، دىيانەت، مۇھەببەت، سەممىيەت، كىشىلىك قەدىر ـ قىممەت، ئىنسانىي غۇرۇر، پەزىلەتلەرنى دەسسەپ ـ چەيلەيدىغان، كىشىلەرنى يولدىن چىقىرىدىغان، قىزلارنى بۇزىدىغان، ئەر ـ يىگىتلەرنى كاردىن چىقىرىپ ناجىنس مەخلۇقلارغا، خانىم ـ قىزلارنى شاللاق، ھاياسىز، رەسۋا، بۇزۇقلارغا، بالىلارنى تەبىئەتتىن ئايرىپ ھېچقانداق ئەقەللىي ئەخلاق، ئادەت، ئار ـ نومۇسنى بىلمەيدىغان، خېنىم مىجەز، لاتا غىلاپ، غىتمەك، بىر توپ قېچىر ئەۋلادقا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغان بىر سېسىق دەرگاھ سۈپىتىدە تەسۋىرلەندى. شەھەر كۆپىنچىمىزنىڭ ئېڭىدا بارلىق بىمەنىلىك، رەزىللىك، ئېپلاسلىق، ھاياسىزلىق، بۇزۇقچىلىق، شەھۋەتخورلۇق، مەنپەئەتپەرەسلىك، روھىي قۇلچىلىق، خېنىم مىجەزلىك، زەھەر، پاھىشىنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالدى. مەن بۇ يەردە بىزنىڭ ئەسەرلىرىمىزدىكى بۇ ھەقتىكى تەسۋىرلەرنى، فىلىملىرىمىزدىكى كۆرۈنۈشلەرنى بىرمۇ ـ بىر تىزىپ، ساناپ ئولتۇرۇشنى ھەقىقەتەنمۇ ئەپسىز كۆردۈم. ئەمما بىز شەھەر تېمىسى، شەھەر ھاياتىغا بېغىشلانغان ھەرقانداق بىر يازما

www.uyghurkitap.com

ياكى فىلىمنى كۆرۈپلا بايقىشىمىز تەس ئەمەسكى، بىز ھەقىقەتەنمۇ شەھەرنى تولىمۇ قورقۇنچلۇق ۋەھىملىك قاينام، ھەتتا دوزاخ سۈپىتىدە تەسۋىرلەپتىمىز. ھەرقانداق بىر غەيرىي، بىنورمال، بىمەنە ئىجتىمائىي ئادەتنىڭ سەۋەبىياتى ئۈچۈن بىز ئالدى بىلەن شەھەر، شەھەرلىشىشنى جاۋابكارلىققا تارتىپتىمىز. توساتتىن چۆچۈپلا كەتتىم: بىز نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز ـ ھە؟! شەھەر قانداق جاي؟ ئۇ راستىنلا جىمى جىنايى ـ جاھالەت، زىنايى ـ زالالەتنىڭ ئۇۋىسىمۇ؟ بىزنى ئىجتىمائىي قاباھەتلەرگە سۆرىگىنى راستىنلا شەھەر، شەھەرلىشىشمۇ؟ شەھەر، شەھەرلىشىشنى بۇنچە ۋەھىملىك تەسۋىرلەيدىغان ئاڭ بىزگە نەدىن كەلدىيۇ، نېمە ئېيىكەلدى؟

## 3

«شەھەرلىشىش قوش بىسلىق پىچاق»[14]. شەھەرلىشىش سېپى ئۆزىدىن زىددىيەتلىك جەريان. چۈنكى، شەھەرنىڭ ئۆزى يارىتىش ۋە ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت زىددىيەتلىك توقۇنۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان. شەھەردىن، شەھەرلىشىشتىن ئۆرلەپ تۇرىدىغان مۇنداق زىددىيەتلىك تۇيغۇ ۋە ئاھاڭنى كېلىشتۈرۈش، ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ مېڭىش تولىمۇ قىيىن، ھەتتا بەزىدە مۇمكىن ئەمەس!

شەھەر شەكىللەنگەن دەقىقىدىن باشلاپلا ئۇ ئۆزىدىكى زىددىيەتلىك تەرەپتىن سىرت تەبىئىي ھالدا يەنە بىر ئاپئاشكارا سېلىشتۇرما مەنبەگە، كىشىلەر ھاياتىنىڭ قات ـ قېتىغا ئورناپ كەتكەن ئەنئەنىۋى كۈچتىن بىرىگە دۇچ كەلدى. ئۇ بولسىمۇ يېزا ـ سەھرا! شەھەر، شەھەر ھاياتىغا دۇچ كەلگەن كىشىلەر ئۆزلىرى نەچچە ئەسىرلەپ ئۈن ـ تىنسىز ياشاپ كەلگەن ئەسلىي بوشلۇققا قايتىدىن سەپسېلىشقا ۋە بۇ يېڭى شەيئىگە تېخىمۇ ئۆتكۈر تەنقىدىي نەزەردە قاراشقا، ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ ئەلۋەتتە ھەرقانداق بىر يېڭىلىق دۇچ كېلىدىغان مۇقەررەر جەريان. ئەمما يېزا ـ سەھرانىڭ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى ئورنى شەھەرنىڭ مەيدانغا كېلىشى، بولۇپمۇ سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى شىددەت بىلەن كېڭەيگەن زور شەھەرلەرنىڭ قەد كۆتۈرۈشى بىلەن تېخىمۇ ئېنىق ھالدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى ـ دە، پۈتكۈل دۇنيادىكى ھەممە زاتى ئىنساننىڭ ئاڭ ـ تەپەككۇرىدا مۇنداق شەكىلدىكى روشەن سىمۋوللۇق سېلىشتۇرما باش كۆتۈرۈپ چىقتى:

شەھەر ــ دوزاختەك رەزىل؛ سەھرا ــ جەننەتتەك گۈزەل؛

شەھەر ــ شاۋقۇن ـ سۈرەنگە تولغان؛ سەھرا ــ ئارامبەخش،جىمجىت؛

شەھەر ــ ئىس ـ تۈتەككە تولغان؛ سەھرا ــ ساپ ھاۋالىق، پاكىز؛

شەھەر ــ غېرىبلىق، ياتلىشىش، شەخسىيەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىككە تىمسال؛ سەھرا ــ ئۆملۈك، قوشنىدارچىلىق، تۇغقاندارچىلىق، كوللېكتىپ مەمكارلىق، ئۇچۇق قول مەردلىككە سىمۋول؛

شەھەر ــ ئەخلاق ـ ئەنئەنىلەرنى ئاياغئاستى قىلغۇچى رەزىل ماشىنا، ئىنسانىي تۇيغۇلارنى كاردىن چىقارغۇچى سېسىق ئازگال؛ سەھرا ــ ئەخلاق ـ ئەنئەنە، پاكىز تۇيغۇلارنى يۇيۇپ چايقاپ جۇلالاندۇرغۇچى سۈزۈك بۇلاق؛

شەھەر ــ پۇل، ھوقۇقنىلا تونۇيدۇ؛ سەھرا ــ ئىنسانىي مۇناسىۋەت ئۈستىگە قۇرۇلغان؛

شەھەر ــ شەھۋەتكە يېقىن؛ سەھرا ــ ئىپپەتكە ھەمرا؛

شەھەر ــ ئاياللىق نازاكەتنى، ئەۋرىشىملىكنى بەكرەك تەلەپ قىلىدىغان، ئەركەكلىكنى ئۆلتۈرىدىغان مۇدھىش سولاق؛ سەھرا ــ ئەركەكلىكنى، باتۇرلۇقنى، ئادەمىيلىكنى يېتىلدۈرىدىغان مۇنبەت تۇپراق؛

شەھەر ــ تەبىئەتتىن يىراق، سۈنئىي، يالتىراق خالتا؛ سەھرا ــ كائىناتنىڭ تىنىقىنى تىڭشاپ ياتقان بەردەم بوۋاي، تەبىئىي، يەرلىك...

بۇ خىل سېلىشتۇرما يەنە ئۆز نۆۋىتىدە بىر ـ بىرىنىڭ بەزىبىر ئارتۇقچىلىق ۋە چەكلىمىلىكلىرىنى تارتىپ چىققان ھېسابتا تۆۋەندىكىدەك ئەكسى سېلىشتۇرمىۋىي ئۇقۇم سىستېمىسىنى تىزىپ چىققان بولدى:

«شەھەرئەزىم، سەھرايىقيامەت» (ئۇيغۇر خەلق ماقال تەمسىلى. ــ مەسئۇل مۇھەررىردىن) ؛

شەھەر ــ رىقابەتكە تولغان؛ سەھرا ــ لايىغەزەل، سۆرەلمە؛

شەھەر ــ ئەڭ سەرخىل كۈچلەر جۇغلانغان مەركەز؛ سەھرا ــ ياۋاش، ئاجىز، جىق نەرسە بىلمەسەكمۇ بولىۋېرىدۇ؛

شەھەر ــ ئۈچۈر مەركىزى؛ سەھرا ــ ئۇنتۇلغان بۇلۇڭ؛

شەھەر ــ ھوقۇق، ھۆكۈم چىقارغۇچى قازىكالان؛ سەھرا ــ ئىتائەتمەن ئىجراچى؛

شەھەر ــ ئەركىنلىككە ئىشارە؛ سەھرا ــ قاتمۇ ـ قات ئەخلاق ـ ئادەت زەنجىرىدە كىشەنلىۋېتىلگەن، نېمە ئىش قىلساڭ يامان بولىدۇ؛

شەھەر ــ زامانىۋى، ئىلغار، يېپيېڭى؛ سەھرا ــ خۇراپىي، كونا، زاماننىڭ كەينىدە قالغان، قالاقلىققا ئىشارە؛

شەھەر ــ چىرايلىق ياسانغان، ھەممە يېرىدىن ياشلىق، شاشلىق، ھاياجان تەپچىپ تۇرىدىغان تولغان سەتەڭ؛ سەھرا ــ مەھكەم پۈركىنىۋالغان، بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەيدىغان خېنىم ـ چوكان؛

شەھەر— ياش يىگىت؛ سەھرا— ئاقساقال بوۋاي؛

شەھەر— پۇرسەت، ئىمكانىيەتلەر ئېشىپ- تېشىپ تۇرىدۇ؛ سەھرا— پۇرسەت، ھالقىش، ئۆزگىرىش بوشلۇقى كەم، بىر ئىش قىلماق تەس؛

شەھەر— تۇرمۇش قولاي، نېمە ئىزدىسەڭ تېپىلىدۇ؛

سەھرا— خاپىلىق تولا، «دېھقان بولماق تەس»؛

شەھەر— ئويۇن، نېمە ئوينايسىز؟؛

سەھرا— زېرىكىشلىك؛

شەھەر— قايناق؛ سەھرا— بۇرۇقتۇرما؛

...

بىز تەبىئىي شەكىللەنگەن بۇ ئىككى خىل ياشاش بوشلۇقى ئۈستىدە كىشىلىرىمىزنىڭ كاللىسىدا ئوڭايلا شەكىللىنىدىغان يەنە نۇرغۇن سېلىشتۇرما تىزىمىسىنى تىزىپ چىقالىشىمىز مۇمكىن. ئەمما شۇ نەرسە ئايانكى، تاياقنىڭمۇ ئىككى ئۇچى بار. ھەرقانداق نەرسىدە ئىككى ھال مەۋجۇد. بىز شەھەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدىمۇ ئۇنىڭ ھەر ئىككى يۈزى ھەققىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ يەردە شۇنداق بىر مەنتىقىي ھۆكۈم كاللىمىزدا ئېنىق بولۇشى كېرەككى، شەھەر بىر ياشاش بوشلۇقى بولۇش سۈپىتى بىلەن بۇزمايدۇ ھەم تۈزمەيدۇ، ئۇرمايدۇ ھەم قۇرمايدۇ. ئۇ پەقەتلا ھېسسىز ماكان، سۈكۈتتىكى جىمجىت باياۋان. ئۇنى ھەرىكەتكە، مەنىگە، ئۆزگىرىشكە، گۈزەل ماكانغا ياكى ئىپلاس جاھانغا ئايلاندۇرىدىغىنىمۇ ئەنە شۇ شەھەرنىڭ ئەھلىي پۇقراسى، ئىنسان، ئادەم! سىز ئۇنى دوزاخقا ئوخشاتسىڭىز، چوقۇمكى ئۇ ۋەيلۇنغا ئايلىنىدۇ. جەننەت كەبى ئىللىق بىر ئائىلىگە ئايلاندۇرۇش نىيىتىدە ۋە ھەرىكىتىدە بولسىڭىز چوقۇمكى بۇ شەھەر دىللارنى خۇرسەن قىلغۇچى ئارامبەخش ماكانغا ئايلىنىدۇ. دېمەك، شەھەرنى نېمىگە، قانداق مەنىدىكى يەرگە ئايلاندۇرۇش ئەڭ ئالدى بىلەن شۇ شەھەردە ياشىغۇچى خەلقنىڭ ھەرىكىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شەھەرگە گۈل قويسىڭىز باغ بولىدۇ، كۆل تۆكۈپ، ئوت قويسىڭىز تاغ بولىدۇ. شۇ شەھەرنىڭ ھەقلىق جامائەسىگە خاس سالاھىيەت بىلەن ئۇنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىي قىلىشى، سىزگە تەۋە مىللىي ئۆزلۈك ئىچىدە گۈللەپ ياشنىشىغا دادىل قاتناشسىڭىز ئۇ سىز ئۈچۈن ئاجايىپ زور مەۋجۇدلۇق مەنىسىگە ئىگە بولىدۇ. بولمىسىچۇ؟

شەھەر— زىددىيەتلىك جەريان. ئۇنىڭغا قۇرۇش، يارىتىش، بەرپا قىلىش روھى، شۇنداقلا يەنە بۇزۇش، ۋەيران قىلىش خۇسۇسىيىتى تەڭ مۇجەسسەملەنگەن. مانا مۇشۇنداق زىددىيەتلىك جەريان كىشىلەردىمۇ شەھەرگە قارىتا ئاجايىپ زىددىيەتلىك تونۇش، پوزىتسىيىنى مەيدانغا چىقارغان. بولۇپمۇ كىشىنى ئوڭايلا ئاڭگىرىتىدىغان كۆپ قۇتۇپلۇق زىددىيەت سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ياۋروپا جەمئىيىتىدە بارا- بارا روشەن گەۋدىلىنىپ چىقىشقا باشلىدى. مۇھىت، ئىجتىمائىي ئالاقە، كىشىلىك ھايات، ياشاش ئۇسۇلى، تۇرمۇش تەرتىپى قاتارلىق جەھەتلەردە ئۇنىڭدىن بۇرۇن شەھەر بىلەن يېزا- سەھرا ئوتتۇرىسىدا ئۇنچىۋالا زور پەرق، زىددىيەتنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەردە ئانچە كۆپ ئۇچرىمايدۇ. ئەمما ماشىنىلىشىش، سانائەتلىشىشنىڭ تۈرتكىسىدە شەھەرلەر شىددەت بىلەن كېڭەيدى، كۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەرەققىياتنى تېخىمۇ زور كېرەكلىك ئېنېرگىيە مەنبەسى بىلەن تەمىنلىدى. زاۋۇت- فابرىكىلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئىنتايىن كۆپ ساندىكى ئەمگەك كۈچىنى شەھەرلەرگە مەركەزلەشتۈردى. بۇنىڭ بىلەن شەھەرلەر ئېگىز تۇرخۇنلار، زاۋۇت بىنالىرى، زىچ ئولتۇراق ئۆيلەر بىلەن قورشالدى. 18- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كەشىپ قىلىنغان ۋاكسىنا ئۆلۈم نىسبىتىنى زور دەرىجىدە ئازايتىپ، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. قىستا- قىستاڭچىلىق، مەينەتچىلىك، قالايمىقانچىلىق، ۋاراڭ- چۇرۇڭ، شاۋقۇن- سۈرەن، ئىس- تۈتەك مەلۇم مەنىدە شەھەرلەرنىڭ بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالدى. ئادەمنىڭ كۆپ بولۇشى تەبىئىي ھالدا شەھەردىن ئىبارەت بۇ تار بوشلۇقتا نۇرغۇن مەسىلىنى سۆرەپ كىردى. رەھىمسىز سودا رىقابىتى، كەسكىن ئۈستۈنلۈك تالىشىش، مەنپەئەت ئۈرۈشى، تىرىكچىلىك غېمى تۈپەيلى شەھەردىكى ئىنسانىي مۇناسىۋەت بەزى ھاللاردا جىددىي، رەھىمسىز، ھەتتا ھايۋانىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى. ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، ئالدامچىلىق، ئىپپىتىنى سېتىش، زەھەرلىك چېكىملىك، بىر- بىرىنى ئېزىش دېگەندەك مەسىلىلەرمۇ باش كۆتۈردى. بولۇپمۇ 18-، 19- ئەسىرلەردىن كېيىنكى ياۋروپا جەمئىيىتىدە شەھەرلەردىكى مۇنداق ھال خېلىلا ئەۋجىگە چىقتى. ئىنسان تېخنىكىنىڭ ئالدىدا بىچارە، ئەرزىمەس ھالغا چۈشۈپ قالغاندەك، ئىنسان ئارىسىدىكى نورمال ھېسسىي مۇناسىۋەتلەر تامامەن بىتچىت بولغاندەك، كىشىلەرنىڭ قەلبىدە خۇدانىڭ ئىناۋىتى، ئورنى، ئىمتىيازى قالمىغاندەك چەكسىز كۆڭۈلسىز، ئۈمىدسىز بىر ھال باش كۆتۈرۈشكە باشلىدى. شەھەرنى ئىنسانىي تۇيغۇلارنى چەيلەپ- دەپسەندە قىلغۇچى چىركىن ماشىنا، بارلىق رەزىللىك- ئىپلاسلىقنىڭ ئۇۋىسى، ئۆلۈم كۆلەڭگىسى ئەگىپ يۈرگەن، خۇدا، ئادەم ئۇنتۇلغان قورقۇنچلۇق باياۋان، جەزىرە، ھەتتا ئىپلاس دوزاخ سۈپىتىدە تەسۋىرلەش شۇ قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولدىكى، مۇشۇ دەۋردە ۋە شۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ھەرقانداق بىر ئەسەر تىغ ئۇچىنى

www.uyghurkitap.com

بىۋاسىتە هالدا ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي جاراھەتلەرگە قارىتىپ بولۇشىچە قويۇۋەتتى. «زولانىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پارىژ گوياكى دوزاخنىڭ تەققاسىغا، مەدەنىيەت تونى ئاستىدىكى چىركىنلىكنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى»[15] . هيوگو، بالزاكلار فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىنساندەك ياشاي دەيدىغانلارنى ئەسلا سىغدۇرمايدىغان، ئېكىسپلاتاتسىيىلەرگە تولۇپ كەتكەن يىرگىنىشلىك قاراڭغۇ تەرىپىنى هارماي تەسۋىرلەپ چىقتى. مۇپاسساننىڭ نەزەرىدە پارىژ بۇزۇقچىلىق قاپلاپ كەتكەن بىر سېسىق ئازگالغا ئوخشاپ قالغانىدى. «ئۇلار هېچقاچان بويىدا قالماي تۇرۇپ تويى قىلغىنى يوق، بۇ ئىش بۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە»[16] دەپ يازىدۇ ئۇ. زولا، بالزاك، هيوگو، مۇپاسسانلارنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى پارىژ ـ پاھىشە دېگەن سۆزنىڭ تىمسالىغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ھەقىقەتەنمۇ، «18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا پارىژ پاھىشىلىرى 30 مىڭغا، 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا 50 مىڭغا يەتكەنىدى»[17] . كۆرۈنمەس چۈشكۈنلۈك ۋە هەممىلا نەرسىگە سوغۇق نەزەر، ئەهمىيەتسىز تەرزدە تىكىلىش بىر فرانسىيىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ياۋروپا جەمئىيىتىنىڭ 19 ـ ئەسىردىن كېيىنكى مەزگىللىك ئىجتىمائىي هاياتىغا چوڭقۇر سىڭىپ كەتتى. ھەممە شۇندىن كېيىنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە، ئېستېتىك ئىدىيىلەرنىڭ خېمىر تۇرۇچىغا ئايلاندى. نېچشى، سارتېرى، كامۇ، بودلېر، ئېلىئوت، كافكا... قاتارلىق نۇرغۇن يازغۇچىنىڭ نەزەرى يۈكسەك دەرىجىدىكى تېخنىكىلاشقان، شەھەرلەشكەن مۇھىتتىكى كىشىلەرنىڭ روھىدىكى غېرىبلىق، ئازىنىش، تەنھالىق، خۇداسىزلىق قاتارلىق تەرەپلەرگە مەركەزلەشكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەيۇس كۆزلىرىدىن ئېغىر پەرىشانلىق، نارازىلىق، مۇدھىش سوغۇق نۇر چاقناپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇلار «ئۆلۈملا ھەقىقىي نەرسە»، «ھايات پۈتۈنلەي بىمەنە، ئۆلۈمدىن باشقا ھەممە نەرسە يالغان، بىمەنە، رەزىل، مەنىسىز، ئەهمىيەتسىز»، «بارلىق ئەنئەنە ـ ئەڭ مۇدھىش، ئېپلاس توسالغۇ»... دېگەندەك بەزىبىر چەكتىن ئاشقان ئەسەبىي ئىدىيىلەرنى مەيدانغا چىقارغان بولسىمۇ، بىز بۇلارنى شەھەرلىشىش، سانائەتلىشىش جەريانىدا كېلىپ چىققان تۇرلۇك ـ تۈمەن ئىجتىمائىي مەسىلىگە قايتۇرۇلغان شۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىنكاسى سۈپىتىدە چۈشىنىشىمىزگە، ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزگە خاس تەجرىبە، خۇلاسە ئېلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

دېمەك شەھەر، شەھەرلىشىش جەريانىدا مەيدانغا چىققان زىددىيەت ناھايىتى تېزلا كىشىلەردە نارازىلىق، غەزەپ، ھەتتا يىرگىنىش ھېسسىياتلىرىنى پەيدا قىلدى. بىزدىمۇ باشقا ئەللەردىكىگە ئوخشاشلا كۆپ ئۆتمەيلا مەسىلىلەر ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. «مانتا كۆزىمىگەن قەلەندەر قاسقانغا دۇم چۈشۈپتۇ» دېگەندەك، بىزمۇ يېقىنلىق يۈزلىنىش نامىدا نۇرغۇن نەرسىنى قوبۇل قىلغان بولدۇق. ئەمما بىزدىمۇ تېزلا شەھەرلىشىش ھەققىدە ئويلىنىش باش كۆتۈردى ـ دە، باشتا قەيت قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەسىلىگە ئېسىلىۋېلىپلا ئۇنى تولىمۇ سوغۇق نەزەردە تەھلىل قىلىش ھەمدە شەھەرنى بىر قورقۇنچلۇق ـ ۋەھىمىلىك قاينام سۈپىتىدە تەسۋىرلەش ئۇسۇلى باش كۆتۈردى. گەرچە بۇ خىل تەھلىل ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ تۈپكى چىقىش نۇقتىسى يەنى مىللەتتىكى ئىللەتنى تۈگىتىپ ساغلام تەرەققىي قىلىش، مەدەنىيلىشىشنى تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى غايە شەك ـ شۈبھىسىز توغرا بولسىمۇ، لېكىن شەھەر بىزنىڭ تەرەققىياتىمىز، يۈكسىلىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن ۋەيران قىلغۇچ رول ئويناۋاتقاندەك، شەھەرلىشىش ئاخىرقى ھېسابتا بىزگە زىياندىن، مەدەنىيەت جەھەتتە شالغۇتلىشىش، يوقىتىشتىن ئۆزگە تەقدىر ئېپكەلمەيدىغاندەك بىر تەسرات ـ تۇيغۇنىڭ شەكىللىنىپ قالغانلىقىمۇ ھەق ـ راست. ئىشەنمىسىڭىز قاراپ بېقىڭكى، سوغۇق بىر نەزەر، رەنجىش، قايغۇرۇش، ئۈمىدسىزلىك، تۈگىمەس قاقشاش، زارلاش، تاپا ـ تەنە، دوق بىزدىكى مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسەرنىڭ ئومۇمىي ئاھاڭى، مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىنىڭ ئەڭ دائىملىق ھالەت پسىخىكىسى! ھەممە نەرسىنىڭ يامان تەرىپىنى تارتىپ چىقىرىپ زارلىۋېلىش بۈگۈنكى ئۇيغۇر روھىيەت پسىخىكىسىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك قىسمى بوپقالماقتا. بىز بۈنى دۇنياۋى تەرەققىيات بىلەن ئارىمىزدىكى يوغان ھاڭدىن كېلىپ چىققان كۆڭۈلسىز كەيپىيات ۋە ئارىمىزدا باش كۆتۈرۈۋاتقان بەزىبىر ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، مەنىۋى پاجىئە، ئېغىرلاۋاتقان ئائىلە كرىزىسى، ياشلىرىمىزدىكى ئازىنىش، شىددەت بىلەن كېڭىيىۋاتقان نىجىس بالايىئاپەت بولمىش ئەيدىز، زەھەرلىك چېكىملىك، ئىناۋىتىمىزنى يەرگە ئۇرۇۋاتقان پاسىق ئوغرىلىق، تىلەمچىلىك، ساپاسىزلىق، بوشاڭلىق قاتارلىق ئىللەتلەرگە بولغان نارازىلىق تۈپەيلى شەكىللەنگەن پسىخىك ھالەت دېيىشىمىز مۇمكىن. ئەمما كۆيۈنۈش، كۆڭۈل بۆلۈش ئاساسىغا قۇرۇلغان بۇ پسىخىك كەيپىياتىمىز بىزنىڭ نورمال ئالغا بېسىش، تەرەققىي قىلىش يولىمىزنى توساپ قويىدىكەن، بۇ پاجىئە ئۈستىگە ھەسسىلەپ يۈكلەنگەن تېخىمۇ ئېغىر تراگېدىيە، مىسلىسىز چوڭ يوقىتىش بوپقالىدۇ! ھەرقانداق بىر مىللەت مۇنداق روھىي ئازىنىش قىسمىتىگە دۇچ كەلگەن، ھەتتا بىزدىن بەتتەر ئېغىر مەنىۋى، ئەخلاقىي يوقىتىش قىسمىتىدە جان تالىشىۋاتقان ئەل ـ قوۋملارمۇ نۇرغۇن. ئەمما مەسىلىگە قاراپلا ئۇلتۇرۇۋېلىش، كىشىلەرنى چۆچۈتۈۋېرىش خاھىشى

باشقا ئەللەردە قانچىلىك سادىر بولۇپ، قانچىلىك داۋاملاشتى، بۇ ماڭا قاراڭغۇ. بىزنىڭ ئەمدىكى ئاقىلانە تاللىشىمىز- مەسىلە ئۈستىدىمۇ ئىزدىنىش، ئەمما ئەڭ مۇھىمى ئۈنۈملۈك تەرەققىيات يولى توغرىسىدا ئىزدىنىش، كىشىلەرنى شۇ تەرەپكە باشلاش، مۇمكىن بولسا، يوقىتىش جەريانىدا ئېرىشكەنلىرىمىز ھەققىدىمۇ مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش بولسا كېرەك. بەلكىم بىز ھەرقاچان يوقاتمىغاندىمىز، بىزمۇ مەلۇم نەرسىلەرگە ئېرىشكەندىمىز! ياشلىرىمىزنىڭ، شەھەرگە كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بۇزۇلمىغاندۇ! شەھەردىكى جىمى نەرسە ئۇنچىۋالا ئىپلاس، رەزىل ئەمەستۇ! شەھەرنى، شەھەرلىشىش جەريانىنى ئالۋاستى- بۇ- بۇ كۆرستۈپرىش بەلكىم ھاجەت ئەمەستۇ!

توغرا، بىز نۇرغۇن نەرسىنى يوقاتتۇق، بەلكىم ئېرىشكەنلىرىمىزدىن يوقاتقىنىمىز كۆپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بىز تەرەققىيات ئىزدىگەنىدۇق، يېڭىلىق- يۈكسىلىش ئىزدىگەنىدۇق. بۇ جەرياندا بىز مەيلى بىلەيلى ياكى بىلمەيلى كۆپ نەرسىنى ئۆزىمىز خالاپ قوبۇل قىلدۇق. ھاراق ئىچكەن، زەھەرلىك چېكىملىك چەككەن، قىز- خوتۇنلارنى يولدىن چىقارغان، ئەيدىزنى سۆرەپ كىرگەن، بەل- كۆكسىمىزنى ئاچقان، ئايىنغان، ياتلاشقان بولساق، ئۆزىمىز خالاپ قىلدۇق. بەلكىم بۇلار شەھەردە بەكرەك مەركەزلىك يۈز بەرگەندۇ. ئەمما بۇنى شەھەر بۇزدىمۇ؟ يېزا- سەھرا ساقلاپ قالدىمۇ؟ گۇناھنى جانسىز ماكانغا، پەقەت كىشىلەر ۋاستىسى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشقان بىر جەريانغا ئارتىپلا خۇلاسە چىقىرىشقا ئۇرۇنساق، بۇ بەلكىم تولىمۇ كۈلكىلىك بىمەنىلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنىڭ شەھەرلەردە بەكرەك روشەن گەۋدىلىنىپ چىققىنىنى دەپلا شەھەرنى، شەھەرلىشىشنى تىللاش بەكلا ئاددىي ئەخمىقانىلىكتۇر. مەسىلە، دەل بىزدىكى ئەقىدە- ئېتىقادنىڭ ساغلام، مۇستەھكەم ئەمەسلىكىدە، قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالالمىغان ھاياتلىق مەپكۇرىمىزدا. ئەگەر سەن روھىي جەھەتتىن ئاللىقاچان چىرىپ- يىمىرىلىپ بولغان بولساڭ، شەھەر بولمىسىمۇ بۇزۇلۇۋېرىسەن، تاپتىن چىقىۋېرىسەن. ئەقىدەڭدە بەركامال بولساڭ، شەھەرنىڭ ئەڭ مەينەت، پاسىق كوچىسىدىمۇ سەن مەرۋايىتتەك جۇلالاپ چاقنىيالايسەن. پاھىشخانىغا سىتىۋېتىلسەڭمۇ ۋىجدان ۋە ئىپپىتىڭنى ساقلىيالايسەن، يۇندى ئازگىلىغا تاشلىۋېتىلسەڭمۇ ۋۇجۇدۇڭ پاكىز چىقالايسەن. بولمىسچۇ؟ ھەرقانچە گۈزەل، خىلۋەت، پاكىز، ئەنئەنە- ئادەت كۈچى مۇستەھكەم سەھرادىمۇ، ئاتاڭ قازناققا سولاپ باقسىمۇ بۇزۇلىسەن، سېسىيسەن. ھەتتا نېمىنىڭ گۈزەللىك، نېمىنىڭ مۇھەببەت، قوشىندارچىلىق، ئەخلاق، ئىپپەت، ئەركەكلىك ئىكەنلىكىنىمۇ بىلەلمەيدۇ، ھېس قىلالماي چىرىپ تۈگىشىڭمۇ تامامەن مۇمكىن. دېمەككى، ئادەمنىڭ بۇزۇلۇشى- تۈزۈلۈشىدە ماكان مۇھىم ئەمەس، شۇ ئىنسان ئۆزى مۇھىمدۇر. شەھەرمۇ، يېزا- سەھرامۇ مۇتلەق مەنىدىكى ياخشىلىق ياكى يامانلىق، ھالال ياكى ھارامغا تەڭ ئەمەس. ھەرقانداق ماكان- زامان پەقەت ۋە پەقەتلا ساپالىق، ئېسىل ئەھلىي جامائەسى بىلەنلا گۈزەل، يېقىشلىقتۇر. باغلاپ قويسىمۇ قاچىدىغان گۈزەل، ھاۋالىق يۇرت- ماكان باركى، چەكلەپ تۇرسىمۇ تەلپۈنىدىغان ئەسكى چەللە، ۋەيرانە مەھەللىمۇ ھەم بار. سېنىڭ مەۋجۇدلۇقۇڭ ئۈچۈن نېمە، قايسى يەر- ماكان مۇھىم، ئەھمىيەتلىك بولسا شۇ يەر سەن ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك، مۇقەددەستۇر. خوش، بىز ئۈچۈن قەيەر بەك مۇھىم؟

ئەقلى ئويغاق ھەرقانداق ئەھلىي ئۇيغۇرنىڭ بۇنىڭغا ئىككىلەنمەيدۇ، ئەجدادلىرىمىز ماكان تۇتۇپ كەلگەن ھەربىر چىمدىم تۇپراق بىز ئۈچۈن مۇقەددەستۇر، دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىغا ئىمانىم كامىل! ھەئە، بىز ئۈچۈن بۇ زېمىن، بۇ شەھەر، بۇ مەھەللىلەر بەكلا، بەكلا ئەزىز، قىممەتلىكتۇر. بىز مانا مۇشۇ شەھەرلىرىمىز، مەھەللە- كوچىلىرىمىز بىلەنلا ئۆز مەۋجۇدلۇقىمىزنى، ھاياتىمىزنىڭ، ئۇيغۇرلۇقىمىزنىڭ تەم- تۈز، مەنىسىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلالايمىز. بۇ كوچىلار مەيلى قانچىلىك تار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھامان ئۇيغۇر يۇرايدۇ! شەھەرلىرىمىز مەيلى قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ كېڭەيسۇن ياكى ئۇنىڭ ئىچى مەيلى قانچىلىك ئەخلەت- چەرەندىلەر بىلەن تولسۇن، ئۇ بىزنىڭ ئۆيى- ئېڭىمىزدىكى شەھەرگە مەيلى قانچىلىك ئوخشسۇن ياكى ئوخشىمىسۇن، بىز ئۇنىڭدا ئۆز ئورنىمىزنى مەيلى قانچىلىك تاپايلى ياكى تاپالمايلى، ئەمما «كېچەلمەيمەن سېنىڭدىن ۋەتەن»- مانا بۇ ھەممىمىزنىڭ نەپسى ۋۇجۇدىدىن پارتلاپ تۇرىدىغان ئورتاق سادا، ئۇتلۇق نىدا! ئەمما يۇرت- شەھەرگە بولغان مۇھەببەتنى قۇرۇق قەسىدە شەكلىدە ئەمەس، رېئال ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىگىنىمىزدە بىز تەبىئىي ھالدا مۇنداق دوقاللغا دۇچ كېلىمىز: ئىنسان ياشايدىغان زېمىن يېزا- سەھرا ۋە شەھەردىن ئىبارەت مۇنداق ئىككى خىل تىرىكچىلىك بوشلۇقىغا كەسكىن ئايرىلغان زاماندا، بىز زادى قايسىسىنى مەركەز ۋە ئۆرلەش، تەرەققىي قىلىش پەللىسى قىلىپ تاللىۋالىمىز ھەممە شۇ ئاساستا كېيىنكى مەۋجۇدلۇق تەقدىرىمىز ئۈستىدە ئىزدىنىمىز؟

بۇ ئەھۋالتە ئىككىنىڭ بىرىگىلا تۇرۇپ، يەنە بىرىنى تاشلىۋېتىشنى تەكىتلەيدىغان تاق تاللاش ئويۇنى ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

بەلكى بىرىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ يەنە بىرىگە تايىنىش ئارقىلىق ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇن ـ سالاھىيەت تىكلەش، تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى ئىگىلەش لايىھەسىدۇر. مۇنداق زور تاللاشقا بىر ئادەمنىڭ ھەممىنى قايىل قىلغۇدەك جاۋاب ـ خۇلاسە چىقىرالىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ھەقتە سەرخىللارنىڭ ئەستايىدىل مۇھاكىمىسىگە قۇلاق سالماي بولمايدۇ. ئەمما پېقىرنىڭ ئاددىي كاللىسىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالىنى كۆزىتىشىچە، خەلقىمىزنىڭ كۆپ قىسىم ئاھالىسى يېزا ـ سەھرالاردا دېھقانچىلىق بىلەن ياشايدۇ. نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر كۆلىمى بارغانسىرى ئازايماقتا، سۇ مەنبەسىنىڭ يېتەرسىز، ھۆل ـ يېغىننىڭ كەم بولۇشى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يەر ئېچىشنى چەكلەپ تۇرماقتا؛ يېزىلاردا زاۋۇت ـ كارخانا قۇرۇش ئىمكانىيىتىنىڭ كەم بولۇشى تۈپەيلى يېزىلاردا ئىنتايىن زور كۆلەمدىكى مېۋە ـ چىۋە، يېمەكلىكلەر ئاساسەن چوڭ ئىقتىسادىي قىممەتكە ئايلىنالمايۋاتىدۇ. گەرچە يېزىلاردىكى بۇ بېھساب بايلىق مەنبەلىرى ئەمدىلەتىن دىققەتنى تارتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن سېسىپ، قۇرۇپ، خوراپ كېتىۋاتقان خام ئەشيالارنىڭ ھەددى ـ ھېسابىنى ئېلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس. دېمەككى، يېزىلاردا ئېشىنچى ئەمگەك كۈچى، بىكار ۋاقىت، ئېشىنچى خام ئەشيالار كۆپىيىشكە باشلىدى. كۆپ بولمىسىمۇ بىر تۈركۈم دېھقانلار بوش ـ بىكار ۋاقىتلىرىدا ئاكتىپلىق بىلەن يېزا ـ رايون، ئۆلكە ـ شەھەر ئاتلاپ ئىشلەشكە، سودا قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئاپتونوم رايون مەخسۇس ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ئادەم ئېھتىياجلىق ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بەزى جايلاردىن مەخسۇس ئىشلەمچىلەر قوشۇنى تەشكىللەپ ئىچكى ئۆلكىلەرگە ئەۋەتكەنمۇ بولدى. ۋەھالەنكى، شۇنداق بىر قارا يۇمۇر كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپتىكى، ستاتىستىكىلارغا قارىغاندا، ئىچكى ئۆلكىلەردىن شىنجاڭغا پۇرسەت، ئىش، ئەمگەك، بوشلۇق ئىزدەپ چىقىۋاتقان ئىشلەمچىلەرنىڭ سانى يىلدىن يىلغا ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتىدۇ ۋە بۇ ئىشلەمچىلەر تېزلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تامامىي يېزا ـ قىشلاقلىرىغىچە يېتىپ باردى ـ دە، تۇرلۇك ـ تۈمەن يول ـ ۋاستە بىلەن، ھەتتا ئەخلەت تېرىپ سېتىپ بولسىمۇ تېزلا قەد كۆتۈردى، بېيىدى. خوش، شىنجاڭدا ئىش بارمۇ؟ بار. بېيىش مۇمكىنمۇ؟ شۇنىمۇ سورامسىز! پۇرسەت بارمۇ؟ ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. نەدە؟ ھەممە يەردە. كىمگە؟ ئىجتىھات قىلىشنى بىلىدىغان ھەرقانداق تىرىك جانغا.

بىز باشقا نەرسىگە قايىل بولمىساقمۇ، ئەمما نۇرغۇن ئەمگەك كۈچىنىڭ بىكاردىن بىكار خوراپ ياتقانلىقى، ھەتتا ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرۈپ بارغان كۆرسىتىلگەن ياشنىڭ ئاساسەن لاغايلاپ يۈرۈۋاتقانلىقىدەك مۇنداق بىر رېئال پاكىتقا كۆز يۇمالمايمىز. نېمىشقا بىراۋلارنىڭ تېزلا روناق تېپىپ، يەنە بىراۋلارنىڭ تېخىچە چاپىنى تىزىدىن ئاشمايۋاتقانلىقىدەك ئەمەلىيەتكە نەزەر سالساقلا يۈرىكىمىز ئاچچىق بولىدۇ. سەۋەب نەدە؟ نۇرغۇن سەۋەبنى قاتىرىسىغا تىزىشىمىز مۇمكىن. ئەمما ھەممىدىن مۇھىم شۇنداق بىر پاكىت باركى، بىز تېخنىكىدا، سودا رىقابىتىدە، ئىگىلىك تىكلەشتە، پۇرسەتنى بايقاش، تۇتۇشتا، ئىشلەشتە، تىرىشىشتا، چىدامچانلىقتا، بىرلىشىش ـ ھەمكارلىشىشتا بەكلا ئاجىز. بۇ بەلكىم ئۇزۇن مۇددەتلىك بېكىنمىچىلىك يېتىلدۈرگەن ئاجىز پسىخىكا، بىزدىكى تەجرىبىنىڭ كەملىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ئەھۋالدۇ. ئەمما شۇنداق بىر گەپ بار: «مەغلۇبلارنىڭ باھانە كۆرسىتىش ھوقۇقى يوق» ھەم پايدىسىمۇ يوق. يېزىلاردا ئەمگەك كۈچى ئارتۇق، پۇرسەت، ئۆرلەش بوشلۇقى ھەم كەمچىل مۇنداق شارائىتتا ئەمدى بىزنىڭ قىلىدىغىنىمىز يېزىلاردا يېتەرلىك ئەمگەك كۈچىنى ساقلاپ، ئۇ يەردىكى ئەۋزەل خام ئەشيا بازىلىرىمىزنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەن ھالدا، ئارتۇق بارلىق كۈچىمىز بىلەن شەھەرلەرگە يۈزلىنىشتۇر. شەھەرگە كىرىش، ئېغىر ـ يېنىك، ئاز ـ جىق، ياخشى ـ يامان، پاكىز ـ پاسكىنا دېمەي ھالاللىكى ئىش بولىدىكەن، ئىشلەش، قىلىش؛ قانداقلىكى تېخنىكا بولىدىكەن، جان چىقسىمۇ ئىگىلەش، ئۆگىنىش، قولغا كەلتۈرۈش؛ قۇرغىلى بولىدىغانلىكى زاۋۇت ـ كارخانا، ئىگىلىك شەكىللىرىنى كۆپلەپ مەيدانغا چىقىرىپ بۇ ساھەدىكى ئورۇن، بوشلۇقنى ئىگىلەش، ھەتتا مونوپول قىلىش؛ ئىش ئورنى يارىتىش؛ ئەسلىي ـ ۋەسلىمىزنى سېتىپ بولسىمۇ ئوقۇش، ئۆگىنىش؛ ئىلىم ـ تېخنىكىنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە يۈرۈش قىلىش؛ ئۆز ساھەسىدە نوپۇزلۇق پىكىر بايان قىلالىغۇدەك سالاھىيەت ھازىرلىغىچە بوشاشماي تىرىشىش؛ ئىزچىللىقنى ساقلاش؛ مەغلۇب بولسىمۇ دەس تۇرۇش؛ ئاچلىق، خارلىق ـ خورلۇقتا قالسىمۇ ۋىجدانى بىلەن ياشاش... مانا بۇلار بىزنىڭ مۇقەددەس مىزانىمىز بولماي تۇرۇپ بىز ھېچقانداق بايلىق، ئورۇن، پۇرسەت، ھوقۇققا ئېرىشەلمەيمىز. مانا مۇشۇنداق جان ـ جەھلىمىز بىلەن شەھەرلىشىشنى مەركەز قىلغان چېقىمىزدىلا، تېخنىكا، سانائەت، سودا ـ سېتىق، ئىستېمال بازارلىرىدا تۇزۇك پۇت دەسسەپ تۇرالىغان چېغىمىزدىلا يېزىلاردىكى ئەۋزەل ئورنىمىز بىلەن ئۇنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ كۆڭۈلدىكىدەك تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيمىز ھەمدە يېزىلاردىكى ئىشلەپچىقىرىش، ھاياتىمىزنى گۈللىنىشنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. تەتقىقات،

تېخنىكا، ئىشلەپچىقىرىش، ياساش سانائىتى، سودا ـ سېتىق سىستېمىسىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتماي تۇرۇپ، يېزىلاردىكى ئەۋزەل ئورنىمىزنى ساقلاپ قالالىشىمىزمۇ نائېنىق بىر گەپكە ئايلىنىپ قالدۇ.

ــ خوش، بىز شەھەرگە يۈزلىنىشىمىز كېرەكمۇ؟

ــ ھەئە!

ــ بىز شەھەرلىشىشكە قاتنىشىشىمىز كېرەكمۇ؟

ــ ھېلىمۇ كۆپ كېچىكتۇق!

ــ شەھەر، شەھەرلىشىش بىزنى بۇزماسمۇ؟

ــ بۇزۇلغانلارنىڭ تۈزۈلۈش ھوقۇقىمۇ ئۆزىدە!

ــ شەھەرلىشىش بىزنى يەپ كەتمەسمۇ؟

ــ «يۇتسىمۇ تېز،

قىلتىرىق بىز

بوغۇزىدا دۇنيانىڭ» [18].

«دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شەھەرلەرگىمۇ ھېچقاچان بۈگۈنكىدەك مۇنداق زور ھوقۇق، كاتتا بايلىق، بىھېساب پۇرسەت، شۇنداقلا نامراتلىق، زۇلۇم، تەڭسىزلىك سىغدىلىپ باقمىغان»[19].

شەھەر ــ ئۇ ھوقۇقتۇر. ئۇ يالغۇز سىياسىي مەنىدىكى ھوقۇق ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋر يېزا ـ سەھرالىرى رېئاللاشتۇرۇپ بېرىشى بەزىدە خېلى تەسكە توختايدىغان ھەقىقىي مەنىدىكى ئىنسانىي ياشاش ھوقۇقى، رىقابەت ھوقۇقى، ئىجتىمائىي ئورۇن ھوقۇقى، سودا ھوقۇقى، مەدەنىيەت ھوقۇقى، ئۆز ـ ئۆزىنى ئىپادىلەش ھوقۇقى، بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى، ھەتتا ئۆلۈش ھوقۇقىغىچە بولغان نۇرغۇن ھوقۇق ـ ئىمكانىيەتنى رېئاللاشتۇرۇشتىكى غايىۋى مەركەزگە ئايلاندى؛

شەھەر ــ بايلىق جۇغلىنىدىغان سېھىرلىك مەركەز. بايلىق مەنبەلىرى بۇ مەركەزگە جۇغلاندى ھەمدە مانا مۇشۇ مەركەز ئارقىلىق تەقسىملەندى، كېڭەيدى. ئۇ ھەم ئىشلەپچىقىرىش ھەم ئەڭ چوڭ ئىستېمال بازىرى بولۇشتەك مۇنداق زور بايلىق تەڭشەش فۇنكسىيىسى ئارقىلىق ھەممىنى جەلپ قىلدى. قابىلىيەتى، كۈچى، بىلىمى بارلار، يول ئېچىپ مېڭىشنى بىلىدىغانلىكى بەندە ئۈچۈن شەھەر بېيىشتىكى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك سورۇنغا ئايلاندى؛

شەھەر ــ قولىدىن ئىش كېلىدىغانلىكى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئىش قىلىشنى خالايدىغانلىكى ھەرقانداق بىر ئىنسان ئۈچۈن پۇرسەت تولۇپ ياتقان بىر بوشلۇقتۇر. مېھنەت قىلىشنى بىلىدىغانلىكى تىرىك جان بۇ بوشلۇقتىن مېھنىتىگە يارىشا قىممەتكە ئېرىشەلەيدۇ؛

شەھەر ــ ئەڭ يېڭى بىلىم ـ تېخنىكا جۇغلانغان تەربىيىلىنىش، ئۆگىنىش سورۇنى.

شەھەر ــ ئەركىن بوشلۇق. پاھىشىخانىغا كىرەمسىز ياكى مەسچىت ۋە مەكتەپكىمۇ؟ بۇ سىزگە قالدۇرۇلغان. يەنىچۇ؟

راست، بىز ئاغرىنغاندەك بۇ يەردە قوشنىدارچىلىق سۇس، تۆمۈر ئىشىكلەر ھەم ئېتىلگەن، تۇرمۇش رىتىمى شۇ قەدەر تېز، شەپقەتسىز، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن پەرۋايى پەلەك، كىشىلەر بىر ـ بىرىگە شۈبھە، گۇمان، ئىشەنمەسلىك بىلەن قاراۋاتقاندەك سوغۇق تۇيۇلىدۇ. ئەمما مۇنداق نۇقتىنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئېدۋارد كروپات ئېيتقاندەك: «شەھەر پوستى قاتتىق بىر توخۇمغا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە ئۆزئارا تونۇشۇش پۇرسىتى ۋە مۇھىتى كەم. ئەمما بېكەت، ۋوگزال، قەھۋەخانا، ئاشخانا ئىشىكلىرىدە ئۆزئارا دوقۇرۇشۇپ قالىدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئەمەلىيەتتە تونۇش ناتونۇشلاردىندۇر. بەزىلەر ئالاقە ماھارىتىنىڭ ناچارلىقى، تەشەببۇسكارلىقىنىڭ كەملىكىدىن تامامەن چەتتە قېلىشى مۇمكىن. لېكىن كىشىنى قايىل قىلىدىغىنى شۇكى، ناتونۇشلارنىڭ كۆپ بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن دوستلۇقىنى دەلىللەيدىغان پاكىتتۇر. ئۇلاردا تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىزىقىشىنىڭ كەڭرىلىكى جەھەتتە ئوخشاشلىق بار ھەم بۇ كىشىلەر شەھەرگە ئاساسەن كۆچمەندۇر. شۇ سەۋەبلىك مەلۇم بىر توپ ياكى تور ئىچىگە كىرگەن ھامانلا ئۇلار ئۈزلۈكسىز كېڭىيىشچان مۇناسىۋەت قۇرۇلمىسى بەرپا قىلالايدۇ» [20] . سىز تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىڭىزنى ساقلىيالىسىڭىزلا شەھەردە دوست ـ بۇرادەر، تۇغقان، سىرداش ـ مۇڭداشتىن تولا نېمە يوق. جامائە ئېڭى ناھايىتى كۈچلۈك بىزدەك خەق ئۈچۈن تۇرمۇش رىتىمى تېز شەھەرنىڭ سوغۇق تۇيۇلغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما جاھاننىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى بىزنىڭ رايىمىزغا باقمىغان ھالدا گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتقان بىر زاماندا يەنە شۇ تۈگىمەس بېرىش ـ كېلىشلەر، ھال ـ مۇڭ بولۇشلارنىڭ بىزنىڭ مەۋجۇدلۇق تەقدىرىمىز ئۈچۈن قانچىلىك رولى، ئەھمىيىتى، قىممىتى بارلىقىنى دەڭسەپ باقماي بولمايدۇ. چەت ئەللەرگە چىقىپ باققان كىشىلەر تېخى بىزنىڭ شەھەرلىرىمىزدىكى بېرىپ ـ كېلىش، تۇغقاندارچىلىق، قوشنىدارچىلىق، مېھماندارچىلىق ئادەتلىرىمىزنىڭ دۇنيانىڭ يەنە باشقا يېرىدە قالمىغان بىر ئېسىل ئادەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىشىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ بۇ ئادەتلىرىمىزنى چەتكە قاققانلىق ئەمەس، ئۇلارنى ئەلۋەتتە ساقلاپ قېلىشىمىز كېرەك. لېكىن بۇ ئادەتلەر بىزنىڭ دۇنياغا تېخىمۇ رېئال، ئەمەلىي نەزەر بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىزغا توسقۇن بوپقالماسلىقى كېرەك. مەنىڭۇ بىزنىڭ بۇ شەھەرلىرىمىزنىڭ، توغرىسى شەھەردىكى كىشىلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، رىتىمىنى تېز ئەمەس،

www.uyghurkitap.com

ھەتتا تولىمۇ بىغەم دەپ قارايمەن. دۇنيانىڭ تەرەققىيات رىتىمىغا سېلىشتۇرغاندا بىز تېخى سۆرەلمە، لامزەللە، ھورۇن، تىرىشماس، بوشاڭ. بۇ شەھەرنىڭ جىددىيچىلىكىدە بەرىكەت، ئۇنۇم، قىممەت بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟! بەرىكەت بولمىغان مۇنداق جىددىيچىلىكنى پاتپاراقچىلىق دېيىشلا مۇمكىن. ئەگەر بىز ئۇنى مۇۋاپىق يوسۇندىكى مەنە ـ مەزمۇن بىلەن بېزىسەك ۋە ئېسىل ئادەمگەرچىلىكلىرىمىزنى تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك، زامانغا ماسلاشقان تەرزدە ئېلىپ ماڭساق، بۇ بەلكىم قالتىس ئېسىل شەھەرلىشىش مەدەنىيىتىنىڭ ئۈلگىسىگە ئايلىنىشى مۇمكىن.

شەھەردىكى ھايات رىقابەتتىنلا تونۇيدۇ. ئۇ تولىمۇ شەپقەتسىز، رەھىمسىز جەڭگاھ. ئۇ بوشاڭلىقنى، لامزەللىلىكنى، ساختىپەزلىكنى كېرەك قىلمايدۇ. بۇ جەڭگاھتا ئاخىرقى ھېسابتا كۈچلۈكلەر، يەنى روھتىمۇ، تەندىمۇ كۈچلۈكلەر يېڭىدۇ. شەھەر ئەنە شۇنداق خىرىسقا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، كۈچلۈك رىقابەتكە دەرمىنى يېتىدىغانلار كۆكلەيدىغان، ئۆرلەيدىغان، ئاجىزلار رەھىمسىزلىك بىلەن سۈپۈرۈپ تاشلىنىدىغان سەھنە بوپقالدى. دېمەككى، شەھەرلىشىش مەلۇم مەنىدە ھەرقانداق بىر ئىنسان ۋە قوۋمنىڭ ھاياتلىق ئىقتىدارىنى سىنايدىغان ئۆتكۈر سىناققا ئايلاندى. مۇنداق چاغدا شەھەردىن، شەھەرلىشىشتىن ئۆزىنى ئېپقېچىش جەڭدىن قورقۇپ مۆكۈۋالغانغا ئوخشايدۇ. سىز مەيلى قاتنىشىڭ ياكى قاتناشماڭ، بۇ جەڭ ئاللىقاچان باشلىنىپ بولدى ھەم سىزنىڭ پۈتكۈل تۇرمۇش ئۇسۇلىڭىز، روھىيىتىڭىز، ھاياتىڭىز، كۈندىلىك ئىشلىرىڭىزنىڭ ئەڭ ئىنچىكە ھالقىلىرىغىچە سىڭىپ كىرىپ بولدى. بۈگۈنكى دۇنيادا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان بىرەر ئىنساننىمۇ تېپىش بەك تەس. دېمەككى، مۇنداق زور دولقۇن ئالدىدا بىزنىڭ بىردىنبىر تاللىشىمىز شائىرانە نازۇك ـ يىغلاڭغۇ ھېس ـ تۇيغۇلارنى چۆرۈۋېتىپ مەردانىلىك بىلەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىش ۋە بىر ئامالىنى قىلىپ تەشەببۇسكارلىق ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشتۇر. ئەمدىكى مەدەنىيەتلەرنىڭ مۇنداق چوڭ ئۇچرىشىشىدا، ئەقىل، ئەخلاق، بايلىق، ئىدىيە ـ قاراشلارنىڭ مىللەت، دىن، ئىرق ئۇقۇملىرىدىن ھالقىپ مۇنداق كەڭ كۆلەملىك يۇغۇرۇلۇشىدا بىزنىڭ مەۋجۇدلۇقىمىزنى ساقلاپ قالالايدىغان، نامايان قىلالايدىغان بىردىنبىر يول پەقەت ۋە پەقەتلا بارلىق كۈچىمىز بىلەن شەھەرلىشىش، يەرشارلىشىش دولقۇنىغا يۈزلىنىشتۇر؛ تىل، مەدەنىيەت، ئۆرپ ـ ئادەت مىراسلىرىمىزنىڭ ئەۋزەللىكىنى مۇشۇ چوڭ قاينام ئىچىدە، تەرەققىياتقا يۈزلەنگەن سۈپەتتە قايتىدىن نامايان قىلىشتۇر. «تالاي يىللار زۇلمەتتە تىنەپ خار بولدۇق»[21]، تارىخنىڭ تالاي سىلكىپ تاشلىۋېتىشلىرى، يەكلەپ ـ ئەخمەق قىلىشىغا ئۇچرىدۇق. ئەمما كولۇمبىيىلىك يازغۇچى گارسىيە ماركوز نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا ئېيتقاندەكلا: «ئېزىلىش، تالان ـ تاراج ۋە تاشلىۋېتىش ئالدىدا بىزنىڭ جاۋابىمىز داۋاملىق ياشاش. مەيلى كەلكۈن ياكى ۋابا بولسۇن، مەيلى ئاچارچىلىق ياكى ئىجتىمائىي ـ سىياسىي داۋالغۇشلار بولسۇن، ھەتتا نەچچە ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىۋاتقان ئۇرۇشلارمۇ ھاياتنىڭ ئۆلۈمنى بېسىپ چۈشىدىغان قەيسىرانە كۈچىنى ئاجىزلىتالىغان ئەمەس»[22] . خەلقىمىزنىڭ ھەرقانداق مىسلىسىز خورلۇق، بالايىئاپەت ئالدىدىكى مەيدانى ئىزچىل ھالدا ئۈمىد بىلەن ياشاش، ھەتتا پۇرسەت تاپسىلا ئامال قىلىپ ئۆزىگە خاس مەۋجۇدلۇق روھى، كىملىك قىممىتىنى نامايان قىلىش بوپكەلگەن. دېمەككى، بۇ ئەلدە، بۇ يەردە شۇنداق بىر ھېكمەتلىك، قىممەتلىك روھ باركى، ئۇ ئوڭايلىقچە سولمايدۇ ھەم سۇنمايدۇ، ئۆڭمەيدۇ ھەم ئۆلمەيدۇ، ئۆچمەيدۇ ھەم كۆچمەيدۇ! ھەتتا 1858 ـ ، 1859 ـ يىللىرى قەشقەرگە تەكشۈرۈشكە كەلگەن روسىيىنىڭ قازاق ئوفىتسېرى چوقان ۋەلىخانوف شۇ پاراكەندىچىلىك، ئېزىلىش، قىرىلىش، مەھكۇملۇق مۇھىتىدا تۇرغان خەلقىمىزنىڭ چۈشكۈن تۇرقىنىڭ چوڭقۇر تەكتىدە لاۋۇلداپ تۇرغان بىر چوغنى كۆرۈپ ھەيرانلىق ئىلكىدە شۇنداق يازغانىدى: «بۇ مىللەتتە باشقا مىللەتلەرگە نىسبەتەن بولمىغان شۇنداق بىر سېھرىي كۈچ باركى، ئەگەر بۇ مىللەت باشقىچە بىر ئەۋزەل شارائىتقا ئىگە بولالىسىلا، ئۆزلىرى بىلەن بىر دىندىكى باشقا مىللەتلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى»[23]. شۇنداق بىر ئەمەلىيەت ھەممىمىزگە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، بۈگۈنكى دەۋر رېئاللىقىنى ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زاماندىكى نەچچە ئەسىرلىك ھاياتىغا قارىغاندا تەرەققىيات ئۈچۈن خېلىلا ياخشى دەۋر دېيىشكە بولىدۇ. بۇ بەلكىم چوقان ۋەلىخانوف ئويلىغان ئاشۇ «ئەۋزەل شارائىت» شۇدۇ ياكى ئەمەستۇ. ئەمما ئاشۇ قاراڭغۇ ئۆتمۈشكە سېلىشتۇرغاندا بۈگۈننى مىڭ ھەسسە ياخشى، كاتتا ئەۋزەل شارائىت، پۇرسەت دەپ تونۇساق ھەرگىز خاتالاشقان بولمايمىز. بەزىلەرنىڭ «ئىمكانىيەت يار بېرىپ، مۇندىنمۇ ئوبدان زامانلار كەلسە...» دېگەندەك تولىمۇ غۇۋا، ئەپسانىۋى خىياللار بىلەن قورشالغان ئۇلۇغ قۇرۇق پىلانلىرىنى ئاڭلاپ قالىمەن. ئوبدان، ياراتقۇچى نېسىپ قىلسۇن! ئەمما خام خىيال قىلماڭكى، ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن بۈگۈندىنمۇ ئارتۇق پۇرسەت، ھازىردىنمۇ كاتتا بايلىق، مۇشۇ دەقىقىدىنمۇ ئەۋزەل شارائىت يوق ھەم بەلكىم مەڭگۈ كەلمەسلىكى

مۇمكىن. بولۇپمۇ بىز ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق. ئەگەر كەلگەندىمۇ ئۇ بۇگۈنكىلەرنىڭ ھازىرنى چىڭ تۇتۇپ قىلغان كۈرەش- خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدۇكى، ئۇندا يېتىپ بەڭگىنىڭ خىيالىنى قىلىش بەدىلىگە كەلمەيدۇ. بۈگۈن ئېرىشەلمىگەن نەرسىگە ئەتە ئېرىشەلىشىمىز ناتايىن. ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئۇ چوقۇمكى بۈگۈنكىدەك قىممەت يارىتالمايدۇ. ئابدۇقادىر داموللام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىيلارنىڭ ئويغىتىش سادالىرىنىڭ شۇنچىلىك زىلزىلىلىك بولۇشى، دەل ئۇلارنىڭ لازىم چاغدا تۇۋلىيالىغانلىقىدا! ئەتە- ھۇرۇنلارنىڭ غايىسى، ئاجىزلارنىڭ تەسەللىسى! ئەتە بەلكىم شەھەرلىشىش، يەرشارىلىشىشنىڭ تەسىرى بىزنى تېخىمۇ ئېغىر سىناقلارغا قىستىشى مۇمكىن. تىلىمىز، دىلىمىز، دىنىمىز، گېنىمىز، جېنىمىز، قېنىمىز مۇندىنمۇ جىددىي كرىزىسلارغا يولۇقۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا تەرەققىي قىلىمەن، پۇل تاپىمەن، ئورنۇمنى تىكلەيمەن، كىشىلەرگە ئۆزۈمنى تونۇتىمەن دېيىش تېخىمۇ شەپقەتسىز بەدەللەرنى تەلەپ قىلىدۇ، تېخىمۇ ئېغىر يوقىتىشلارنى ئېپكېلىدۇ. ئەتىنىڭ ساماۋى تۆشەكلىرىگە ئەمەس، بۈگۈننىڭ نەق ئۆزىگە يۈزلىنىش، رېئال ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش بىزنىڭ مەيدانىمىز بولۇشى كېرەك. بۈگۈنكىدەك كەسكىن رىقابەت ئىچىدە پۇل تاپالىغانلار، يول تاپالىغانلار ھەقىقىي نوچىلاردۇر. مۇشۇنداق رەھىمسىز قايىنام ئىچىگە قورقماي سەكرەپ كىرەلىگەنلەر ۋە ئۆزىگە تۇشلۇق ئورۇن، ئىمتىياز، سالاھىيەت تىكلىيەلىگەنلەرنىڭ ئەتىسىدىن ئەنسىرەش ئارتۇقچە! ئەنسىرەشكە، ئەپسۇسلىنىشقا توغرا كەلسە جەڭگە چۈشەلمىگەنلەردىن، جەڭدىن قورقۇپ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋالغانلاردىن ئەنسىرىگۈلۈك! ئەيىبلەشكە توغرا كەلسە ئەھلىي جامائەسىنى قەتئىي ئىشەنچ، زەربىدارلىق بىلەن جەڭگە باشلاپ ماڭغان قوماندانىدىن ئەمەس، ئۇرۇشنىڭ ۋەھىمىسىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئالامانىنى يۈرەكئالدى قىلىۋەتكەن سەركەردىدىن ئاغرىنغۇلۇق!

## 4

كۆزىمىز، نەزەرىمىزدىكى سوغۇق نۇر ھەققىدە قايتىدىن ئويلىنىپ باقمىساق، خەلقىمىزگە ھەدېسىلا يىغلاڭغۇ، مىسكىن قاقشاش ئەمەس، بەلكى روھلۇق، ئۈمىدۋار، جۇشقۇن يۈزلىنىش ھەققىدە چوڭقۇر مۇھاكىمە بەرمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. توۋا، ھاياتقا ئەزەلدىن ئۈمىد، قالتىس ھاياجان بىلەن قاراپ كەلگەن بىزگە نېمە بولدى- ھە؟! ئەجەبا، جۇشقۇنلۇق، شوخ- ئۈمىدۋارلىق بىزنىڭ ناخشا- ئۇسسۇللىرىمىزدىلا قېپقېلىپ، ئىدىيە- تەپەككۇرىمىزنى ئېغىر غەم بۇلۇتلىرىلا قاپىسۋالدىمۇ؟ ھەقىقەتەنمۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەري، نەۋائىيدىن كېيىن ھېچبىر ئەدىب ئۇنداق مەردانىلىك بىلەن مەيدە قېقىپ باقماپتۇ. بۇنى كېيىنكى قىسمەتلەرگە باغلاپ چۈشەنگەندىمۇ، ئەمما ئۇيغۇرنىڭ ھەرقانداق مۇشكۈلچىلىك ئىچىدىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق خۇشلۇق، ئۈمىد تېپىپ جار سېلىپ چىقىپ كېتەلەيدىغان ئۇستۇن، كۆتۈرەڭگۈ، مەغرۇر روھىيەت مىجەز- پىسخىكىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق كۆڭۈلسىز كەيپىيات ھەقىقەتەنمۇ بىزگە يات، ناتونۇشتۇر. قارىغاندا، ئەشۇ سوغۇق كۆزلىرىمىزگە يەنە بىر مەرتە سوغۇققانلىق بىلەن نەزەر سېلىپ بېقىش زۆرۈردەك قىلىدۇ. پۈتكۈل ئەسىرلىرىمىز، فىلىملىرىمىزدىن مىش- مىش يىغلا يۇراپ تۇرسا (چوڭقۇر ئەقلىي تەپەككۇر بىلەن تويۇنغان بولسا كاشكى)، شەھەر تېمىسى چىقسىلا بۇزۇقچىلىق، ئېنىش، ياتلىشىش دەۋالساق، بۇ، خەلق چوقۇم يۈزلىنىشى كېرەك بولغان ئېقىم ھەققىدە جەزمەنكى يامان تەسىر پەيدا قىلىپ قويىدۇ. دېمىسىمۇ، مەن نۇرغۇن ئاتا- ئانىنىڭ، ھەتتا بىر چاغلاردا شەھەر ھەققىدە مېنىڭ قەلبىمگىمۇ ئۇنتۇلغۇسىز ئوت- تۇيغۇ سالغان مەھەللەمدىكىلەرنىڭمۇ شەھەر، شەھەردە ئوقۇپ كەلگەنلەرگە ئىشەنمەسلىك، يىرگىنىش، نارازىلىق ئىلكىدە قاراۋاتقىنىنى بايقاپ قالدىم. ھەتتا بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يېقىن بۇرادىرىمىزدىن بىرى: «كېچە- كۈندۈز خۇدادىن ئۈرۈمچىگە چىقىپ باقمىغان بىر قىزنى خوتۇنلۇققا نېسىپ قىلىسىكەن دەپ تىلەيمەن» دېگەنىدى ماڭا. ئەمدى ئويلاپ ئۆزۈممۇ تىترەپ كەتتىم. مانا بۇ تېخى خوتەن تەۋەسىدىن ئاتلاپ باقمىغان بىر ئادەمنىڭ شەھەر، ئۈرۈمچى ھەققىدىكى تەسرات- تونۇشى ئىدى. مەيلى، بىر تۈركۈملەر ئاشۇنداق بۇزۇلدى، يولدىن چىقىپ كەتتىمۇ دەيلى، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەنلا مۇنداق زور يۈزلىنىشكە ئارقىمىزنى قىلىۋالغىلى بولاتتىمۇ؟ دەريادىن ئۆتۈش سەن ئۈچۈن قېپقالغان بىردىنبىر تاللاشقا ئايلانغاندا، بىر نەچچە ئادەمنىڭ سۇغا تۇنجۇقۇپ كەتكىنىنى دەپلا سۇغا سەكرىمەسلىك ئاقىلانىلىكمۇ؟ ياكى بىخەتەر قارشى قىرغاققا ئۇلىشىدىغان ئامال- چارە ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەكمۇ؟ مەھرۇم بولغانلىرىمىزدىن، سادىر قىلغان خاتالىقلىرىمىزدىن ئىبرەت ئېلىپ ئۆزىمىزگە خاس يول بىلەن شەھەر ياراتقان كاتتا ئىمكانىيەتلەردىن بەھرىلىنىش ۋە شۇ يوسۇندا ئۆزىمىزنىڭ مىللىي كىملىكىنى قايتا جۇلالاندۇرۇش بىزگە قالدۇرۇلغان ئاخىرقى تاللاش ۋە ھوقۇقتۇر. فارابىي ھەزرەتلىرى: «ئاھالىلىرى پەقەت بەختكە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئۆزئارا ھەمكارلاشقان شەھەر پەزىلەتلىك شەھەردۇر. پۈتكۈل شەھەرلىرى بەختكە ئېرىشىش يولىدا قول تۇتۇشۇپ تىرىشىۋاتقان بىر مىللەتمۇ پەزىلەتلىك مىللەتتۇر»[24] دېگەنىكەن. بىز پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلى،

پەزىلەتلىك مىللەت بولۇشنى چىن كۆڭلىمىزدىن خالايمىز ۋە جەزمەن يېتىمىز!
شۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىشنى ئىزدەيمىز. كۆزىمىزگە، ئۆزىمىزگە مىسكىن، سوغۇق نۇر ئەمەس، تەشەببۇسكار، ئۈمىدۋار، جەڭگىۋار، جۇشقۇن روھ يار بولسۇنكى، بىز بۇ جەڭدە

2007- يىل 13- نويابىر، شەھىرى ئۈرۈمچى

## ستاتامە نەبەلىرى


[1] سۇن جۇنلىڭ، چېن جيەنشياڭ: «چەت ئەللەرنىڭ شەھەرشۇناسلىق ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، گۇيجۇ خەلق نەشرىياتى 1984- يىل نەشرى 46- بەت.

[2] لۇئىس ۋونفورت: «شەھەر تەرەققىيات تارىخى»، جۇڭگو قۇرۇلۇش سانائىتى نەشرىياتى 1989- يىل نەشرى 4- بەت.

[3] دەي جۇنلياڭ: « جۇڭگو شەھەر تەرەققىيات تارىخى »، خېيلۇڭجياڭ خەلق نەشرىياتى 1992- يىل نەشرى 28- بەت.

[4] ئابدۇقادىر جالالىددىن: «مەدەنىيەت ئېڭىنىڭ ياتلىششى»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997- يىل 5- سان؛ «ئابدۇقادىر جالالىددىن ماقالىلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى 127- ، 128- بەتلەر.

[5] مەھمۇد قەشقەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىل نەشرى 447- ، 448- ، 449- ، 491- ، 492- بەتلەر.

[6] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1984- يىل نەشرى 3- بەتلەر.

[7] مەھمۇد قەشقەرىي: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981- يىل نەشرى 2- ، 3- بەتلەر.

[8] ئەلشىر نەۋائىي: «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەين»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1988- يىل نەشرى 53- بەت.

[9]، [10] ئەسەد سۇلايمان: «نەۋائىي دەۋرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي ئويغىنىشى»، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002- يىل نەشرى 230- بەت.

[11] خانىدا تورۇ: «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985- يىل نەشرى 187- ، 188- بەتلەر.

[12] ئادىل ياقۇپوۋ: «ئۇلۇغبەگ خەزىنىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2006- يىل 2- نەشرى 6- بەت.

[13] ئۇئىشى شىنچىرۇ: «نوشىرۋان يائوشىفىنىڭ ساياھىتى ھەققىدە»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2004- يىل 2- سان.

[14] ئانتونىي گىددېنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق»، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى 567- بەت.

[15] چېن شياۋلەن: «ئەدەبىياتتا پارىژ ۋە شاڭخەي»، گۇاڭشى پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2006- يىل نەشرى 86- بەت.

[16] مۇپاسسان: «ھايات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983- يىل نەشرى 160- بەت.

[17] چېن شياۋلەن: «ئەدەبىياتتا پارىژ ۋە شاڭخەي» 100- بەت.

[18] ئادىل تۇنىيازنىڭ «بېلىق تازىلاش» ناملىق شېئىرىدىن، «چۈمبەلدىكى كۆز»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى 367- بەت.

[19] ئانتونىي گىددېنس: «جەمئىيەتشۇناسلىق» 547- بەت.

[20] ئېدۋارد كرۇپات: «شەھەردىكى كىشلەر»، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1985- يىل نەشرى، ئانتونىي گىددېنسنىڭ «جەمئىيەتشۇناسلىق» ناملىق كىتابىدا كەلتۈرۈلگەن نەقىل، 551- بەت.

[21] مەمتىلى ئەپەندىنىڭ «بىز- مۇئەللىم» ناملىق شېئىرىدىن، «مەمتىلى ئەپەندى شېئىرلىرى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى 38- بەت.

[22] گارسىيە ماركوز: «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1998- يىل 2- ، 3- (قوشما) سان.

[23] چۇقان ۋەلىخانوفنىڭ «ئالتە شەھەر خاتىرىلىرى»دىن دوكتور ئەسەد سۇلايمانىنىڭ «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە» ناملىق ماقالىسىگە كەلتۈرۈلگەن نەقىل، «تارىم قوۋۇقى چېكىلگەندە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002- يىل نەشرى 41- ، 42- بەتلەر.

[24] فارابىي: «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى»، شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى 2006- يىل نەشرى 88- بەت.


---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئۇيغۇر ھازىرقى، بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى بويىچە 2006- يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى، ژۇرنىلىمىزنىڭ تەكلىپلىك مۇھەررىرى (M1)

بۇ ساننىڭ مەسئۇل كوررېكتورى: قۇربان مامۇت

كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ماشىنىست ۋە بەتچى رىسالەت مۇھەممەت

www.uyghurkitap.com



# يۇرتۇ بىغەرەزنىڭ ئارزۇلىرى

(ھېكايە)

جاپپار رەھىمي (روھلان)

ئابدۇخالىق ھاجىمنىڭ ھاۋارەڭ پىكاپى كىرىپ كەلگەندە پۈتكۈل يۇرت ـ جامائەت تەۋرەپ كەتتى:

ــ جالالىددىنخان ھاجىمنىڭ ئوغلى شۇ دەيدىغۇ ؟!

ــ شۇ بولماي؟ تونۇگۈن ئۇ قەشقەرگە كېلىپلا تېلېفون بېرىپ ئۆتكەنىكەن. شۇڭا ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ كۆزى تۆت بولۇۋاتىدۇ.

ــ ھوي ئۇ ئەرەب يېرىدىن كەلگەن تۇرۇپمۇ چاچ قويۇۋاپتىغۇ؟!

ــ ئۇ قۇرئانچە سۆزلەرمۇ ئەمدى؟

ــ ئەكتى بىز خەق بولغاندىكىن....

پىكاپ بىر ياشاقلىق ھويلا ئالدىدا توختىدى. دىدارلىشىش ئۈچۈن توپلانغان يۇرت ئەھلى، ھاجىمنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى غەيرىي كىيىنگەن بۇ مېھمانغا سالام بەجا كەلتۈردى:

ــ ئاھ، ھاجى غوجام بالام، ئاللا سېنى بىز بىلەن ساق ـ سالامەت يۈز كۆرۈشتۈردى. خۇداغا مىڭ شۈكۈر!

ئوبدان تۇرۇپسەن بالام، جالالىددىنخان ھاجى ئاكاملار، ھاجى تاغام، ھاجى خېنىملار ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟

سېرىق زەر گۈللۈك قارا رومال بىلەن يۈزىنى ئورىۋالغان گۈلشادىخان ھاجىم دۇڭغاقلاپ كېلىپ ئابدۇخالىق ھاجىمنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغا سالدى. ھاجىمنىڭ باشقا تۇغقانلىرىمۇ ئەزىز مېھمىنى بىلەن يىغا ـ زار ئىچىدە دىدارلاشتى.

مېھمان ئۆزرە ـ تەكەللۇپ بىلەن ئايۋانغا باشلاندى. يۇرت ئەھلى ئايۋان ئىچىگە لىق تولدى. ئابدۇخالىق ھاجىم دۇئاغا قول كۆتۈردى. 30 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، قاپقارا يۇمران ساقاللىق بۇ يىگىت دۇئا ـ تەكبىردىن كېيىن:

ــ يۇرت ـ قوۋمىنىڭ ماڭا سالامغا چىققانلىقىغا رەھمەت! مەن سىزلەرگە ئاتام جالالىددىنخان ھاجىم، ئانام ساراخان ھاجىم، تاغام باھاۋىددىنخان ھاجىم ۋە ئاكا ـ ئىنىلىرىمنىڭ سېغىنىشلىق سالىمىنى يەتكۈزىمەن، ـ دېيىشىگە جامائەت بىردەك بارىكاللا ـ تەشەككۇر ئېيتىشتى.

گۈلشادىخان ھاجىم ۋە ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى بۇ ئەتىۋارلىق مېھمىنىنى كۈتۈش ھەلەكچىلىكىدە پايپېتەك

## ئېغىر تىنىقلار

ئىدى. مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئۆيگە تەكلىپ قىلىنغانلارغا مۇراجىئەت قىلدى:

— تۇغقانلار قايتىپ كەتسەك، ھاجىمنى چارچىتىپ قويمايلى، ھاجىم ئۇزاق سەپەردىن كەلدى، بىردەم ئارام ئېلىۋالسا.....

جامائەت قايتىش تۇگۇل قىمىرلاپمۇ قويمىدى. شۇنداقتىمۇ مېھمانغا داستىخان سېلىندى. ئالدىدا چاي، قورۇما، ئاندىن كېيىن پولۇ، مانتا كەلتۈرۈلدى. كىشىلەر تېخىچە مايمۇن ئويۇنى كۆرۈۋاتقاندەك قارىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۇششاق باللىرىنىڭ: «ئانا نان، گۆش» دەپ ئېسىلىپ يىغلاشلىرىمۇ قىلچە تەسىر قىلمىغاندەك ئىدى. مېھمان كۈتكۈچىلەر تىقما-تىقماق ئادەملەر ئارىسىدىن قىستىلىشىپ ئۆتۈشۈپ يۈرەتتى.

بۇ يۇرتتىكى مۆتىۋەر دەپ ئاتالغانلارمۇ، باللارمۇ ۋە چوڭلارمۇ خىش ياتقۇزمىغان ئۆي پەگاسىدا توپا-چاڭ ئۆرلىتىپ، بۇ غەيرىي كىيىنگەن مېھماننىڭ كۆزىگە بىزىرىپ مىختەك قادىلىپ تۇرۇشاتتى. مېھمان ئۆزىنى قانداقتۇ بىر سىقىلىش، قورۇنۇش ئازابى ئىچىدە ھېس قىلدى بولغاي، تاماققا قول ئۇزارتقۇسى كەلمىدى. چۈنكى ئۇ بىر توپ تاماشىبىن ئىچىدە ئۆزىنى بىر كومېدىيە ئارتىسىدەك ھېس قىلىپ قالغانىدى. شۇنداقتىمۇ تاماققا زورلىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، بىر-ئىككى لوقما تاماق يەپلا قولىنى سۈرتتى ۋە ئاتىسى كۆرۈشۈپ كېلىشنى ھاۋالە قىلغان ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئىسىم-شەرىپىنى ئاتاپ سۈرۈشتە قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن، بەزىلىرىنىڭ ھايات بارلىقى مەلۇم بولدى. بىراق ئۇشتۇمتۇت كۆتىرىلگەن غۇلغۇلا ئابدۇخالىق ھاجىمنى مەڭدىتىپ قويدى. ئىسمى چىقماي قالغان بەش-ئالتە كىشى:« ھاجى ئاتىمىز بىزنى ئۇنتۇپ قاپتۇ، ۋاي خۇدايىمەي، بىز مانچىنچى تۇغقىنى ئىدۇق. بىز پۇستانى تۇغقىنىنىڭ نەۋرىسى ئىدۇق» دېيىشىپ يىغا-زار قىلىشقا باشلىدى.

ئابدۇخالىق ھاجىم غەۋغانى بېسىش ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئەيتاۋۇر، مەككە مۇكەررەمەدىن ئالغاچ كەلگەن زەمزەم، خورما، ئەتىر، سۇرمە، ھالقا، ياغلىق، قەنت-گېزەك قاتارلىق سوۋغاتلىرىنى چامادانىدىن چىقىرىپ چوڭلاردىن كىچىكلەرگىچە ھەممىگە تارقاتتى. جامائەت مەككە مۇكەررەمەنىڭ زەمزەم سۈيىدىن ئوتلىدى.

ئابدۇخالىق ھاجىم كېچىچە تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى سەھەردە ناماز بامداتتىن كېيىن گۈلشادىخان ھاجىم ۋە باشقا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن چايغا ئولتۇرۇپ، ئاتىسى جالالىددىنخان ھاجىمنىڭ ئۇنى ئۇزىتار چېغىدا: « ئوغلۇم، كۆزۈمنىڭ ئوچۇق چېغىدا مەن تۇغۇلغان يۇرتنى سەنمۇ بىر كۆرۈپ كەل، ئۇرۇق-تۇغقانلارنى يوقلا، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلا، ئاندىن يۇرتىمىز ئۈچۈن بىرەر خەيرلىك ئىش قىلىپ بەر. مانا پۇل، بۇنى زايا قىلماي شۇ ئىشلارغا ئىشلەتكىنىڭنى ئاڭلىسام، كۆزۈم يۇمۇلسىمۇ ئارمىنىم يوق....» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ، گۈلشادىخان ھاجىم ۋە باشقا تۇغقانلىرىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالغاندىن كېيىن، كۆرۈشكىلى كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى، يۇرت ئەھلىگە ئۆز مۇددىئاسىنى ئاددىيلا چۈشەندۈرۈپ قويۇپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

ئابدۇخالىق ھاجىم شەھەردە ئىككى كۈن تۇرۇپ قالدى. بۇ ئارىدا كەنتتىكى غۇلغۇلا يەنىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى:

— جالالىددىنخان ھاجىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئابدۇخالىق ھاجىم بىزلەرگە پۇل تارقىتىپ بېرەرمىش.

— جالالىددىنخان ھاجىملار بىزنىڭ مۇشۇ يۇرتتىن چىقىپ باي بولغان. بېيىغاندا يۇرتداشلىرىغا ئانچە-مۇنچىدىن پۇل-مال ئۈلەشتۈرۈپ بېرىش پەرزنىڭ ئورنىدا بىر ئىشقۇ.

— ھوي، بىرەردىن كالا ئېلىۋالغۇدەك پۇل بېرەرمۇ؟

— ھەيتاڭ، پاقلان كەلگىدەك پۇل بەرسە چوڭ گەپ.

— ئۇنداق قىلمىسىمۇ سەت تۇرار.

...

ئابدۇخالىق ھاجىمنىڭ پىكاپى كەنتكە قايتىپ كىرگەندە، پىكاپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن كىشىلەر ئېتىزلىقتىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ گۈلشادىخان ھاجىمنىڭ مەھەللىسىگە يۈگرۈشتى. ئابدۇخالىق ھاجىم مەھەللىگە كېلىپ پىكاپتىن چۈشەر-چۈشمەيلا ئۇرۇق-تۇغقان، يۇرتداشلىرىنىڭ قورشاۋىدا قالدى.

تۇرسۇن شەيخىمنىڭ كەنجى ئوغلى باقى سوپى بۇقۇلداپ يىغلىغان پېتى يۈگۈرۈپ كېلىپ ئابدۇخالىق ھاجىمنىڭ بوينىغا ئېسىلدى:

— ۋاي جانجىگىرىم، ئاتىمىز جالالىددىنخان ھاجىم بىلەن دادام رەھمەتلىك يېقىن ئۈلپەتلەردىن ئىدى، دادامنى كۆرگەندەك بولدۇم...

نورۇز موللام بىلەن سەيدىن كاروك، مايىل

خەلپەملەر هاجىمغا ئېسىلىپ يىغلىشاتتى:

— بـالام، جالالىـددىنخان ئاتىمىزغـا قويـۇپ قويغانـدەك ئوخـشايدىكەنلا، هـاجى ئاتىمىزنى كۆرگەندەك بولدۇق. بىز ئۆزلىرى بىلەن ئـۈچ بىر تۇغقان بولىمىز! بىزنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىغايلا...

— بىزنىڭمـۇ ئۆزلـىرى بـىلەن تۇغقـان ئىكەنلىكىمىزنى بىلىپ قويسىلا، جىنىم هـاجىم بىزمـۇ ئۆزلىرىنىڭ يىقىن پۇشتى، — ئىگەمبەردى كارناي بىلەن ئەبەي داخـان كـۆز ياشـلىرىنى يەڭلىرى بـىلەن سۈرتۈشۈپ كىشىلەر ئارىسىدىن قىستىلـىشىپ چىققان پېتى ئابدۇخالىق هاجىمغا يېپىشتى.

— ئىنشائاللاھ، ئىنشائاللاھ، شـۇنداق بولغـاي قېرىنداشلار، — ئابدۇخالىق هاجىم نېـمە قىلارىنـى بىلەلمىگەندەك شۇنى تەكرارلايتتى.

— بىزگىمۇ ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويـارلا، هاجـىم بالام.

— بىزمۇ جانابىي جالالىددىنخان هـاجىم بـىلەن هەقەمسايە ئىدۇق....

— بىزنىڭ بېشىمىزنى سىلاپ قويسىلا، ئاللاتائـالا بىرگە مىڭنى بېرەر...

ئابدۇخالىق هاجىم ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغـان بۇنداق مۇھىت ئىچىـدە نېـمە قىلارىنـى بىلەلـمەي گاڭگىراپ تۇرغاندا، شەهەردىن هاجىم بـىلەن بىرگە چىققان ناهىيە هاكىمى يۇقىرى ئاۋازدا توۋلىدى:

— يۇرت ئەهلى، تىنچلىنىڭلار!

هەممەيلەن هاكىمغا سوئال نەزەرى بـىلەن قـاراپ قېلىشتى. ياڭاقلىق هويلا تىمتاسلىققا چۆمـدى. هاكـىم گېلىنى بىر قىرىتىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يۇرتىمىزدىن چىقىپ سـەئۇدىي ئەرەبـىستانىدا ئىگىلىك تىكلەپ، هالال ئەمگىكى بىلەن بېيىغان جالالىددىنخان هاجىمنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئابدۇخالىق ئەپەندىم مۇشۇ كەنتىڭلارغا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ سالدۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ناهىيىلىك خەلق هۆكۈمىتىگە 500 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. مەن پۈتكۈل ناهىيە خەلقى نامىدىن جالالىددىنخان هاجىم، ئابدۇخالىق ئەپەندىمنىڭ يۇرتىنىڭ پەن-مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن قوللاشتەك ئالىيجاناب روهىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن.

هاكىم سۆزىنى تۈگىتىپ ئابدۇخالىق هاجىمنىڭ قولىنى چىڭ سىقتى. سۈكۈت ئـۇزۇن داۋاملاشمىدى، توپلانغان كىشىلەر بىر-بىرىگە سوئال نەزەرى بـىلەن قارىشىپ قويۇپ، بىر-بىرلەپ تارقىلىشقا باشلىدى. ياڭاقلىق هويلا ئالدىدا داڭ قېتىپ تۇرغان ئابدۇخالىق هاجىمنىڭ قۇلىقىغا ئۇزاپ كېتىۋاتقان بىر نەچچە كىشىنىڭ كوتۇلدىغان پاراڭلىرى ئاڭلاندى:

— نېمە قىلىدۇ، مەكتەپ سالىمەن دەپ.

— شۇ پۇلنى بىز خەقكە بۆلۈپ بەرسە، بىرمۇنچە ساۋاب ئالىماتتى.

— مەكـتەپ سـېلىپ ئۇششـاق بالىلىرىمىزنى ئوقۇتقىلى يىغىۋالسا، قوي-كالىلارنى كىم باقىدۇ؟

— شۇ ئەمەسمۇ؟

— هاجىم ئالجىپتۇ.

ئابدۇخالىق هاجىمنىڭ قەلبىدە قانداقتۇر بىر تـاغ گۇمۇرۇلگەندەك پۈتكۈل ۋۇجۇدى سىلكىنىپ كەتتى. لەۋلىرى قىمىرلاپ، كۆزىدىن ئىككى تـامچە ياش سىرغىپ چۈشۈپ، ساقاللىرى ئارىسىغا سىڭىپ كەتتى.

---

ئاپتور: قاراقاش ناهىيە سىياسىي كېڭەش خادىمى(M1)

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئۈرۈمچى شەھىرى، ئاپتونوم رايون ۋە دۆلەت بويىچە «ئىزچىلار» كىتابخانىسى تەرىپىدىن توپ ۋە پارچە تارقىتىلىدۇ. كىتاب- ژۇرنال تىجارەتچىلىرى ۋە ژۇرنىلىمىزغا پوچتىدىن مۇشتەرى بولالمىغان ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ «ئىزچىلار» كىتابخانىسى بىلەن ئالاقىلىشىشنى سورايمىز.
كىتابخانا ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھەر «غالىبىيەت» يولى 100- نومۇر، ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 2850601 - 0991، ئالاقىلاشقۇچى: نۇرشاد هاكىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى
www.uyghurkitap.com



# «ئۆزۈڭدىن ھالقى»دىن

## تاللانغان ھېكمەتلەر

▲ رېئاللىق خۇددى پىشپ ۋايىغا يەتكەندىن كېيىن توككىدە يەرگە چۈشكەن ئالمىغا ئوخشايدۇ. بۇنداق ئالمىنى ھېچكىم شاختا تۇتۇپ قالالمايدۇ.

▲ ھازىرقى دۇنيادا مۇلايىملىق قىلساڭ بەئەينى ساختىپەزگە ئوخشاپ قالىسەن.

▲ كونا ئاڭ رامكىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش — رىقابەتتە ئۇستۇنلۇككە ئېرىششنىڭ ئاچقۇچى.

▲ ئادەم باشقىلاردىن ئۇمىد كۈتۈش ئىمكانىيىتى قالمىغاندا ئۆزىگە تايىنىشى كېرەك.

▲ ئۆزىنى بايقاش — دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا بايقاشتۇر.

▲ ئۆز تەقدىرىڭگە ئۆزۈڭ ھۆكۈم قىلمىساڭ، مەيلى نەگىلا بارمىغىن پۇت تىرەپ تۇرغىدەك ئورۇننى تاپمىقىڭ مۇشكۈل.

▲ ئوزغۇنلارغا خاس ئورۇنغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆزۈڭنى چۈشەنمىكىڭ كېرەكتۇر. بولمىسا، ھەرقانچە چىرايلىق سەھنىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا سېنىڭ قەبرەڭگە ئايلىنىدۇ.

▲ ھەرقانداق ئىشنىڭ ئېپتىداسىدىلا ئۆزۈڭگە ھەم ئاددىي، ھەم توغرا تەبىر بېرەلىسەڭ، ئەتەڭ ئۈچۈن مۇۋاپىق كېلىدىغان ئوبدان بىر باشلىنىش نۇقتىسىنى تېپىپ بولغان بولىسەن.

▲ غالىبلار بىلەن مەغلۇبىيەتچىلەرنىڭ ماھىيەتلىك پەرقى — دەل ئۆزىنى بايقاشتىن ئىبارەت ئاشۇ كۆۋرۈكتىدۇر.

▲ ھەرقانداق ئادەم پەقەت سوئال سوراشنى بىلسىلا، ھەرگىزمۇ نادان — ئەخمەقلەردىن بوپقالمايدۇ.

▲ دۇنيادا ئەڭ ياخشى لايىھە مەۋجۇد ئەمەس، پەقەت ئەڭ ياخشى ھەرىكەتلا مەۋجۇد.

▲ ھاياتىڭنىڭ ئاخىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەمەس، بەلكى رەسمىي باشلانماي قېلىشىدىن ۋەھىمە يېگىن!

▲ ھە-ھۇ بىلەنلا ئۆزۈڭگە ئىشىنىپ كەتمە؛ ئۆزۈڭنىڭ زادى نېمەڭگە ئىشىنىدىغانلىقىڭنى بىل!

▲ ئۆزۈڭدىن ھالقىماقچى بولساڭ، ئۆزۈڭنى چوقۇم يېپيېڭى بىر دەۋرگە يۈزلەندۈرۈشۈڭ كېرەك.

▲ ئالدىن كۆرەر ئادەم، ئەتىنىڭ مەنزىرىسىنى بۈگۈن كۆرەلەيدۇ.

▲ مەسئۇلىيەتچانلىق — ئىشەنچ ۋە ئىناۋىتىڭنى ياراتقۇچى تۈپكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىدىندۇر.

▲ مۇۋەپپەقىيەت — پەقەت پەۋقۇلئاددە ئۇستۇنلۇكۇڭنى جارى قىلدۇرۇشۇڭغىلا باغلىق.

▲ «تەلەي-پېشانە»دېگەن نەرسىلەر ئۆزىمىز ئويلاپ تاپقان «بەزلەش دورىسى»، خالاس.

▲ ئورنۇڭ — ھوقۇقۇڭنى بەلگىلەيدۇ. ھوقۇق بولسا نېمە

**تەقدىرلىك تەبىرلەردە**

قىلالايدىغانلىقىدىن، قانداق ئورۇندىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆزۈڭنىڭ ھەقىقىي ئورنۇڭنى تولۇق بايقىيالىغانلىقىڭ، تاڭلا بەش كۈندىن كېيىن «ئاپلا»دەپ پۇشايمانغا قالغىنىڭدىن كۆپ ياخشى.

▲ ھاماقەتلىكىڭ بىرەر ئىشنى بۇزۇپ قويغانلىقىڭدا ئەمەس، بەلكى ھازىرمۇ ئاشۇنداق بىھۇدە ئىشنى قىلىۋاتقانلىقىڭدا.

▲ ھەربىر ئادەم ئۆز ئالدىغا كارامەت ئىگىسىدۇر.

▲ ئەتىكى غايىلىرىڭنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بىردىنبىر توسالغۇسى— بۈگۈنكى تەشۋىشلىرىڭدۇر!

▲ ئۆزۈڭنىڭ قىممىتىڭنى ياراتمىساڭ يوقىلىسەن!

▲ سەن ھەر قېتىم ۋاز كەچكەن پۇرسەت، ئۇدۇللۇق بېرىپ باشقىلارنىڭ بايلىقىغا ئايلىنىدۇ.

▲ بارلىق كۈچ-قۇدرىتىڭنى ئىشقا سالاي دېسەڭ، باشقىلارنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان پەۋقۇلئاددە ۋە ئۆزگىچە تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆگەن!

▲ مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۇدۇل يولى خاسلىقتا.

▲ كەلگۈسىڭنى پەرەز قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى — ئۇنى ئۆز قولۇڭ بىلەن يارىتىشتۇر.

▲ خاسلىقنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن مەقسەت — كونا سالاھىيەتكە يېڭى لىباس كىيدۈرۈشتۇر.

▲ دىلىنى قىسماققا بەند قىلغانلار — دۇنيادىكى ئەڭ ھارغىن كىشىلەردۇر.

▲ نىشان، ئۇ باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ رىقابەتچىڭ ۋە رەقىبىڭ. ئۇنى مات قىلغان ھامان ئوزغۇنلارغا ئايلىنىسەن.

▲ ھاياتقا بولغان قارىشىڭ— ھاياتىڭدىن نېمىگە ئېرىشىدىغانلىقىڭنى بەلگىلەيدۇ.

▲ بۈيۈكلەردىن بولاي دېسەڭ، ئالدى بىلەن بۈيۈكلۈكنىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىڭ كېرەك!

▲ ئۇلۇغۋار نىشان تىكلىدىم دەپ رېئاللىققا مۇخالىپ ئىش كۆرسەڭ، شېرىن چۈش كۆرىدىغان بەڭگىنىڭ ئاقىۋىتىگە قالىسەن.

▲ بۈيۈكلۈك بىلەن بۈيۈكلۈككە يېقىنلىشىش ئارىلىقىدىكى پەرقنى ئازلىتاي دېسەڭ، ئالدى بىلەن ئاشۇ بۈيۈكلۈككە يېقىنلىشىش ئارزۇسىنى قەلبىڭگە پۈكۈپ، ئاندىن ئۇنىڭغا قاراپ بىرقەدەم-بىر قەدەمدىن توختاۋسىز ئىلگىرىلىشىڭ لازىم.

▲ پەقەت ئەخمەق ئادەملەرلا ئۆزىنى ئۆز قولى بىلەن ياسىغان قەپەسكە سولاپ قويىدۇ.

▲ بارلىق قەھرىمىز بىلەن ھۇجۇم قىلمىساق بولمايدىغان ئەڭ ئەشەددىي رەقىبىمىز دەل ئۆزىمىز.

▲ سېنى پەقەت بىرلا ئادەم ۋەيران قىلالايدۇ، ئۇ بولسىمۇ ئۆزۈڭدۇر.

▲ چىنلىقتىن تايغان ھەرىكەت بالا-قازا ئېپكېلىدۇ.

▲ دۇنيادا مۇنداق ئىككى خىل ئادەم باشقىلارنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدىغان ئەخمەقلەر سانىلىدۇ: بىرى، تۈنۈگۈنى ئۈچۈنلا ياشايدىغانلار بولۇپ، ئۇلار تۈنۈگۈندىن مېھرىنى ئۈزەلمەيدۇ ياكى بولمىسا ئەتىگەندىن كەچكىچە ئۆتكەن ئىشلىرى ئۈچۈن ھەسرەت-نادامەت چېكىدۇ؛ يەنە بىرى، ئەتىسى ئۈچۈنلا ياشايدىغانلار بولۇپ، ئۇلار گويا پويىزدىكى يولۇچىلار كېلەركى بېكەتنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەندەك پەقەت ئەتىنىلا كۈتۈلىدىكەندەك قارارگاھىم، غايە ۋە ئىنتىلىشلىرىم ئىشقا ئاشىدىغان مەنزىل، كىشىلىك ھاياتىمنىڭ ئاداققى نۇسرەتلىرى چىراي ئاچىدىغان غايىۋى ئالەم، دەپ قارايدۇ.

▲ تۈنۈگۈنىڭ — تارىخ، ئەتەڭ — تېپىشماق، بۈگۈنۈڭ — ساڭا بېرىلگەن ھەقىقىي سوۋغاتتۇر.

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرى — ھەركۈنلۈك ئىشىڭنى بارلىق تىرىشچانلىقىڭ بىلەن ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆز ۋاقتىدا قىلىپ، ئالدىڭدىكى ئىشنى ئەڭ مۇھىم، ئەڭ ھالقىلىق ۋەزىپە دەپ بىلىشىڭدە.

▲ بۈيۈكلۈكنىڭ نۇرلىرىنى كۆرەي دېسەڭ، بۈگۈننىڭ قوينىدا ياشا!

▲ مەغلۇبىيەت — مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنى ئۆگىنىش ئۈچۈن تۆلىگەن ئوقۇش پۇلۇڭدۇر.

▲ غالىبلارنىڭ ئەقىدىسى شۇكى: ئېلىشىشتىن توختاپ قالمىساڭلا، ھەممىنى كۆرىسەن.

▲ مەغلۇبىيەتكە مۇلايىملىق بىلەن تەن بەرگىنىڭدىن كۆرە، ئاخىرقى بىر مۇشتنى كېلىشتۈرۈپ ئېتىۋالغىنىڭ تۈزۈك.

▲ ئۆزىدىن ھالقىشنى نىيەت قىلغان ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن ئېيتقاندا، مەزكۇر «ئۇرۇش»پارتلىغان ھامان قوللىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ ئاقىلانە ئۇسۇل شۇكى — ئۇ تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ تۇرۇشقا ھەرۋاقىت تەييار تۇرسۇن!

▲ سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈشكە پېتىنالمىغان ئادەم ھېچقانداق ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقالمايدۇ. چۈنكى ھەرىكەت بولغانىكەن، سەۋەنلىكتىن ساقلىنىش تەس گەپ.

▲ خىرىس — كۈچ سىنىشىش دېمەكتۇر.

▲ زېھنىڭنى ئىشنى توغرا قىلىشقا ئەمەس، بەلكى توغرا ئىشنى قىلىشقا قاراتقىن!

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — قازىنالماسلىقىڭ، مەغلۇبىيەتكە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىڭغا باغلىقتۇر.

▲ بىرەر مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان چېغىڭدا ، يېڭى بىر شەيئىگە يۈز تۇتقان بولىسەن.

---

تام. گىنىك، جون.كوتتېر (ئامېرىكا)نىڭ سېيىت تىلىۋالدى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغان، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 2007-يىل ئاپرېلدا نەشر قىلغان «ئۆزۈڭدىن ھالقى: بۈيۈكلۈككە يېتىشنىڭ بەش تۈرلۈك ھالقىسى» ناملىق كىتابىدىن تاللاپ تەۋسىيە قىلغۇچى: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدىن مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە (M2)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# لوندوندىكى ئويغۇر بالىلىرى

ئابدۇقادىر جالالىددىن

ئاپتوردىن:

ئەسسالامۇئەلەيكۇم قەدىرلىك ئوقۇرمەنلىرىم. بۇ سىزلەرگە ئەنگلىيەدىكى بىر يىللىق مۇساپىرلىقنى تۈگىتىپ كەلگەندىن بۇيانقى تۇنجى مەتبۇئات سالىمىم. بەزىلەر ئېلخەت، بەزىلەر تېلېفون بىلەن نېمە يېزىۋاتقىنىمنى سوراشتى؛ خېلىدىن بېرى يېزىشنى تەرك قىلىۋەتتىڭىز، دەپ رەنجىش ئىزھار قىلىشتى. بۇنىڭدىن خىجىل بولدۇم، سەۋەبى، راست شۇنداق بولدى. يەنە بۇنىڭدىن خۇشال بولدۇم. سەۋەبى، ئوقۇرمەنلىرىم مېنى سېغىنىپتۇ. مەندە باشقىلارنى ئاز- تولا سېغىندۇرغۇدەك قىممەت بار ئوخشايدۇ.

«بىلمىگەن يەرنىڭ ئويى- دۆڭى كۆپ» دېگەندەك، يات مۇھىتنىڭ تۇرمۇشى زېھنىڭىزنى يەيدۇ. بۇنداق يەردىكى ماڭغان- تۇرغاننىڭ ھەممىسى تۇيغۇلىرىڭىزنى يىغىلاپ، پىكىر جەھەتتە بىر قېتىم قايراق تاشلاتقۇزىدۇ. بىر يىل جەريانىدا تەنھا ئۆزۈمنى تىڭشىدىم، ئاڭلىغانلىرىم نەچچە ئەسىر تەنھالىقتا يوقاتقانلىرىمىزدىن ئاپىرىدە بولغان يوقلۇق شۇئىرغانلىرى بولدى. قىزىق يېرى، ئاڭلىغانلىرىمنى يەنىلا يالغۇزلۇق ھەسرەتلىرىنىڭ پىنھان ھاڭلىرىغا تاشلىۋەتتىم.

ھازىرچە سىزلەرگە «لوندوندىكى ئويغۇر بالىلىرى» ناملىق شېئىرىم بىلەن دىدارى ئايان قىلىپ تۇراي. ئېھتىمال، لوندون ھەققىدىكى بۇ شېئىر سىزنىڭ ياۋروپا ھەققىدىكى شېرىن تەسەۋۋۇرلىرىڭىزنى بۇزۇپ، ئەندىكتۈرۈپ قويار. بۇنداق شېئىرىي تەسىرات گەرچە يېقىمسىز بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن پاكىتنىڭ ئىچىدىكى مۇزدەك چىنلىققا ئېرىشىسىز. چىنلىق دېگەن بەرىبىر چىنلىق- تە، ئۇ ھامان ئەقىل كۆزىڭىزنى ئېچىپ قويىدۇ. ناقىس قەلىمىم بۇ قېتىمقى مۇساپىرەتتىن ئىبرەتلىك تەسىرات سۇنۇشقا ئۇرۇنۇپ كۆرگۈسى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك. قېنى، بىز ھازىرچە مۇشۇنداقلا كۆرۈشۈپ تۇرايلى.

قارا ھجران، دەردكە قېلىپ ئانىلار،
پۇل تاپىمەن دەپ چېقىلىپ دادىلار،
كىرىپ چۈشكە ۋەتەندىكى دالىلار،

## مۇساپىر دەشتتىكى ئويغۇلار

سېغىنىشتىن چوڭايسىمۇ يارىلار،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

كېلىپ راسا ئوقۇيى دېگەن نىيەتكە،
كېلەي دەپ ھەم كەلگۈسىدە كېرەككە،
ئىلىم- پەندە قاتنىشاي دەپ كۆرەككە،

ئارمانلىرى ئارام بەرمەي يۈرەككە،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

سۈرۈشتۈرسەم، سانى يۈزدىن ئاشارمىش،
ھەر تەرەپتە، ھەر شەھەردە ياشارمىش،
يالغۇزلۇقتا پىغانلىرى تاشارمىش،
قاتتىقلىقتا ھايات گويا ھاشارمىش،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

لوندون دېگەن بەكمۇ يوغان شەھەركەن،
پۇرسەتكىمۇ شۇنچە تولغان شەھەركەن،
ھەر قەدىمى پۇلغا تۇرغان شەھەركەن،
پۇلى يوقنى يەرگە ئۇرغان شەھەركەن،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

خېنىملاردەك تارتتى مېنى جىلۋىسى،
تەمتىرەتتى پۇلپەزلىكتە ھىيلىسى،
توپلىنىپتۇ ئادەملەرنىڭ لولىسى،
دەردمەن ئىكەن كەلگىندىنىڭ تولىسى،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

«زىيارەتچى ئالىم» دېگەن ئاتاقتا،
كېلىپ ياتتىم كاتەكچىلىك ياتاقتا،
پۇلۇم يەتمەي قالامدىم دەپ چاتاقتا،
غەم قاينايدۇ كاللا دېگەن قاپاقتا،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

بىلگەنلىرى مېنى ھۆرمەت قىلىشتى،
بوسۇغامغا زىيارەتكە كېلىشتى،
بەزىلىرى تۇز ھەم تائام بېرىشتى،
قولى يەتمەس ھەممەتكىمۇ ئېرىشتى،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

بۇ شەھەردە كۈننى ئالماق تەس ئىكەن،
بالىلارنىڭ ھالى شۇڭا پەس ئىكەن،
گۈلدەك چىراي ئالتە كۈندە خەس ئىكەن،
ياشاش دېگەن بەك مۇرەككەپ دەرس ئىكەن،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

بۇ جاھاندا دەردى يوقلار نەدە بار،
گەپ سورىساڭ ھەممىسىنىڭ دەردى بار،
بەزىسىنىڭ بەزىسىدىن ئەرزى بار،
يۈرىكىدە شەلۋەرىگەن دەزى بار،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

يىگىتلەرمۇ قۇرامىغا يېتىپتۇ،
تەنھالىقنىڭ مۇڭلىرىغا پېتىپتۇ،
كېچىلىرى خىيال سۈرۈپ يېتىپتۇ،
ئۇيقۇلىرى نەلەرگىدۇر قېچىپتۇ،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

قاراپ باقسام، قىزلارمۇ بەك ياش ئىكەن،
قاش- كۆزلىرى چىرايلىقكەن، شاش ئىكەن،
قىلغانلىرى بىر- بىرىگە پاش ئىكەن،
شۇڭا بەزەن كۆزلىرىدە ياش ئىكەن،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

قىز- ئوغۇللار بىر- بىرىنى ياراتماي،
بىر- بىرىنى بوسۇغىغا يولاتماي،
ئوغۇل تۇرۇپ قىز بالىغا ئۇناتماي،
قىزلارمۇ ھەم تەمەننانى غولاتماي،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

پۇل تاپمىساڭ ئوقۇشلارغا نە چارە،
خەق ئالدىدا بوپقالىسەن بىچارە،
تاپشۇرمىساڭ ئۆز ۋاقتىدا ئىجارە،
تالادىسەن، سەرسانلىقتا ئاۋارە،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

ئىشلىگەندە، قاپتۇ ئوقۇش بىر ياقتا،
غايىلەرمۇ دەسسىلىپتۇ ئاياقتا،
مەن ئۆزۈمنى تاپالايمەن نە ۋاقتا؟-
كېلەچەككە ئاخىرى يوق سوراقتا-
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

گۇرۇھ بولۇپ ھەر تەرەپكە چېچىلىپ،
بەزى تۇتۇق، بەزىلەردە ئېچىلىپ،
ئۆزىدىن بەك باشقىلارغا ئېچىنىپ،
خىزمەت چىقسا قىزغىنىشتا ئېتىلىپ،

ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

ئوقۇمسا كېلەچەككە چارە يوق،
ئوقۇي دېسە، ياندا ئاقچا- پارە يوق،
خوتۇن ئالاي دېسە قىز بار، يارى يوق،
قىزلارنىڭمۇ بۇ ئىش بىلەن كارى يوق،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

تورغا چىقىپ ئېلخەتلەرنى يوللىشىپ،
يىراقتىكى بىرسى بىلەن مۇڭدىشىپ،
تەسەللىدە بىر- بىرىنى قوللىشىپ،
روھلانسىمۇ ئاخىر يەنە سولىشىپ،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

مۇساپىرلىق ھەممىمىزنى تاسقايدۇ،
بىرەر كۈنمۇ ھايات كۈلۈپ باقمايدۇ،
يات شەھەردە جان قىينىلىپ قاقشايدۇ،
شۇنداق قىلىپ بېلى بوشنى تاۋلايدۇ،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

ياشاشقىمۇ ياراپ قاپتۇ بالىلار،
ئانچە- مۇنچە بىلىم ئاپتۇ بالىلار،
پۇلمۇ يىغىپ، يۇرتقا ساپتۇ بالىلار،
جۆرىسى يوق، قاراپ قاپتۇ بالىلار،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

ئەجىر قىلساڭ كۆيۈپ بىرەر ئارماندا،
مۇرادىڭنى تاپالايسەن جاھاندا،
قالسىمۇ گەر مۇساپىرلىق- تۇماندا،
ئەپلەشمىسە يەنە يېڭى پىلاندا
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

دەيمەن، ئانا ۋەتىنىڭنى ئۇنۇتما،
ۋەتەندىكى يىلتىزىڭنى قۇرۇتما،
ئۆز ئېلىڭگە ئاسىيلىقنى يولاتما،
يۈرىكىڭدە مۇھەببەتنى سوۋۇتما،
ئوقۇيدىكەن لوندوندىكى بالىلار.

2006- يىل دېكابىر، لوندون

---

ئاپتور: شىنجاڭ ماارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە تارماق ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېسسورى(M1)

## ئىناق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

1. دېموكراتىك بولۇش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش، يەنى ھەممە ئادەم تولۇق دېموكراتىيە ۋە ھوقۇق- مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان، ھەممە ئىش قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈلىدىغان بولۇش؛


2. ئادىل، ھەققانىي بولۇش، يەنى جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە ھەققانىيلىقى كىشىلەر تايىنىدىغان بىر ئاساسىي پرىنسىپقا ئايلانغان بولۇش؛

3. سەممىي، دوستانە بولۇش، يەنى كىشىلەر ئۆزئارا باراۋەر، دوستانە، چىقىشىدىغان، ياردەم بېرىشىدىغان، سەممىي، لەۋزىدە تۇرىدىغان بولۇش؛

4. ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇش، يەنى ھەممە ئادەمنىڭ بىلىمى، ئەمگىكى، ئىجادىيىتى ۋە ئىقتىدارى تولۇق ھۆرمەتلىنىدىغان ۋە جارى قىلدۇرۇلىدىغان بولۇش؛

5. تىنچ، تەرتىپلىك بولۇش، يەنى پۇقرالار خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىدىغان، جەمئىيەت تەرتىپى ياخشى بولۇش؛

6. ئادەملەر بىلەن تەبىئەت «ئىناق ئۆتۈش»، يەنى پاراۋان تۇرمۇش بىلەن گۈزەل مۇھىت بىر- بىرىنى تولۇقلايدىغان بولۇش.



# ئۈچ پۈتلۈق (داڭقان) تەپەككۇر ئۇسۇلى توغرىسىدا

ئابلەت مۇھەممەت

مەن يېقىندا ئۆزى ماتېماتىكىغا تۇغما ماھىر ئەمما پەلسەپىلىك مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ قىزغىن پىكىر يۈرگۈزىدىغان، قىزىقىش دائىرىسى كەڭرى بىر ياش ستۇدېنت بىلەن تەپەككۇر ئۇسۇلى توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدىم. ئۇ بالا «تۆت پۈتلۈق نەرسىلەر ئۆزئارا جۈپ ھەم پاراللېل بولغاچقا يەنىلا ئىككى تەرەپنى ھاسىل قىلىدۇ. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئۈچ پۈتلۈق نەرسىلەرنىڭ ھەر بىر پۈتى ئۆز ئالدىغا ئايرىم تەرەپنى شەكىللەندۈرىدۇ ھەم ئۆزئارا پاراللېل بولمايدۇ. مەسىلەن، ئۈچ پۈتلۈق داڭقان دېگەندەك. كىشىلەرنىڭمۇ ئەڭ ئېشەنچلىك تەپەككۇر ئۇسۇلى ئۇنداق ئۆزئارا تايىنىدىغان جۈپ ھەم پاراللېل شەكىللىك تەپەككۇر ئەمەس، بەلكى ئۆز ئالدىغا ئايرىم، مۇستەقىل مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ داڭقان پۇتىدەك مۇستەھكەم تەپەككۇر بولۇشى كېرەك» دېدى. ئۇ بالا يەنە «بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلى دەل مۇبارەك ئۇلۇغ پەيلاسوپ ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر. ئۇلۇغ ئالىم ھاكىمىيەتنى ئۈچ پۈتلۈق تەختكە ئوخشاتقان.

ئۈچ پۇت باراۋەر ۋە مۇستەقىل ھالدا تەختنى تىرەپ تۇرغاندا تەخت مۇستەھكەم پۇت دەسسەپ تۇرالايدۇ دېگەن» دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئويلىنىپ قالدىم. بىز پايدىلىنىۋاتقان بارلىق نەرسە مۇئەييەن قانۇنىيەت ھەم تەرتىپ بويىچە ياسالغانىكەن. ئۇنداقتا، بىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزمۇ جەزمەن ئاشۇ قانۇنىيەتلەر ئىچىدە بولۇشى زۆرۈر ئەمەسمۇ؟

## توغرا تەپەككۇر ھاسىلاتى مۇئەييەن ئۆزلۈك شەرتىنى چىقىش قىلىدۇ

مەلۇمكى، بىرخىل شەيئى ياكى ھادىسە ئۈستىدە خىلمۇ خىل مۇھاكىمە ، پىكىر ۋە قاراش مەيدانغا چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ مۇئەييەن ئىلمىي قانۇنىيەتكە ئاساسلانغان ئىزغا چۈشمىسە، روشەنكى ، قاتمال ۋەزىيەت، ئاق ـ چۈشەنچە قالايمىقانچىلىقى داۋاملىشىۋېرىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا نېمىنىڭ خاتا، نېمىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىش، پىكىردە بىرلىككە كېلىش بەسي مۇشكۈل. خۇددى بىز تەرەققىي تاپقان ئەللەرنىڭ مەدەنىيىتىگە مۇئامىلە قىلىش مەسىلىسىدە ھازىرغىچە قويۇق جاڭگاللىققا كىرىپ قېلىپ چىقالمايۋاتقىنىمىزدەك. ئەمما، ئەگەر سىز مۇستەقىل

تەپەككۇر سەنئىتى

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇر قىلىشىمىزلا ئۆز خاسلىقىمىزغا ئاساسەن ئەڭ توغرا يەكۈنگە كېلەمەي قالمايسىز.بۇ مەسىلىدە ھەممىگە ئورتاق شەرت شۇكى، سىزدە جەزمەن رېئاللىققا ھۆرمەت، ھەقىقەتكە نىسبەتەن سەممىيەت، شۇنداقلا ئېتىراپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىدىغان روھ بولۇشى كېرەك. ئەگەر سىز ئۆزىڭىزنى مەلۇم ئىجتىمائىي رامكا ياكى نوقۇل - بىر تەرەپلىمە «ئېتىقاد»ئىسكەنجىسى بىلەن چىرمىۋالىدىغان بولسىڭىز، سىز ھېچقاچان تەپەككۇرنىڭ ئازادە-كەڭرى مەيدانىغا چىقالمايسىز، شۇنداقلا ئىلمىي ھەقىقەتكە ئېرىشەلمەيسىز. مانا بۇ بىزنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىمىزنى ھەرقايسى نۇقتىدىن بەلگىلەپ تۇرىدىغان تەپەككۇرنىڭ شەرتى.

## ھۆكۈم مۇئەييەن تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى

راست گەپنى قىلغاندا، ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن مۇستەسنا قىلىنغان تەپەككۇر ۋە ۋە ھۆكۈمگە ئاساسلىنىپ سۆزلەنگەن نۇتۇق ، يېزىلغان ئەسەرنىڭ كېيىنكى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئاپتورنىڭ ئۆزىمۇ پەرەز قىلالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، نۇتۇق ياكى ئەسەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرىلىقى ۋە كېيىنكى جەريانلارنىڭ ئىسپاتلىشىغا بولغان تولۇق ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. بىر نەچچە ئون يىلدىن بۇيان ئەپسۇسلىنارلىق بىلەن كۆرۈپ كېلىۋاتىمىزكى، ناتىقلار، بىزنىڭ خېلى بىلىملىك ئاپتورلىرىمىز كونا مۇقام، رامكا، ھېسسىيات ، ھېسداشلىق چەمبىرىكىدىن چىقالماي كەلدى. نەتىجىدە ئېيتىلمىلار، يېزىلمىلاردا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇقتىئىنەزەرلەر ئازراق ۋاقىت ئۆتمەيلا دۇم بوپقېلىۋاتىدۇ.

ئادەتتە بىر مەسىلە ئۈستىدە ئوتتۇرىغا چىققان قاراش، نۇقتىئىنەزەر كۆپىنچە ئىككى خىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ھامان بىرسى توغرا بولىدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى J.W بۇشنىڭ ئىككىنچى قېتىم يەنە رەئىس جۇمھۇر بولۇپ سايلىنىشى. بۇ مەسىلىدە بىر قىسىم كىشى مېدىيىلەرنىڭ رولىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، كىشىلەر ئىرادىسىگە سەل قارىدى؛ يەنە بىر قىسىم كىشى بولسا ئۇ قاراشنى رەت قىلىپ، بۇشنىڭ يەنە بىر نۆۋەت سايلىنىشى ئامېرىكا خەلقى ئىرادىسىنىڭ نەتىجىسى دېدى. مۇشۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ قانداقلىقى بولسۇن بىرسى — ياكى مېدىيىلەر(ئاخبارات-تەشۋىقات ۋاستىلىرى)ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ ياكى ئامېرىكا خەلقىنىڭ ھەم يۇقىرىغا چىقىرالايدىغان ھەم ۋاقتى كەلگەندە چۈشۈرۈۋېتەلەيدىغان ئۆزلۈك ئىرادىسىنى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ دېگەننىڭ بىرسى توغرا بولىدۇ. بىزنىڭ بۇنداق مەسىلىلەردە توغرا تاللاپ ھۆكۈم چىقىرالىشىمىزدا تەپەككۇر كۈچىمىز بىلەن بىللە يەنە تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز ھالقىلىق ئامىل بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، قانداقلىقى بولمىسۇن بىز مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇشنى قۇۋۋەتلەيمىز . مەسىلە تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. كۆپلىگەن شەيئىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغاندىن ئاددىيلاشتۇرۇپ ئەقلىي ئۆلچەم بويىچە ئوتتۇرىغا قويغان مۇۋاپىقراق بولىدۇ. ۋىجداننى ئۆلچەم قىلىپ، ئەمەلىي كۆرپەرەك ئىشقا سېلىپ، ئۆزىنىڭ كۆزىنى ئاساس قىلىپ، مەسئۇلىيەت دېگەن بۇ ئاتالغۇنى داۋامەن قىبلىنامە قىلىپ سۆزلىگەندە ، يازغاندىلا بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تامامەن چىققىلى بولىدۇ.

ئەمما بۇيەردە تەپەككۇر ھەل قىلىدىغان بىر نۇقتا بار. ئەگەر مۇھاكىمىگە تەئەللۇق مەسىلە بولسا، بۇنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇس بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق. ئەمما مۇنازىرىگە تەئەللۇق بولغان مۇئەييەن سىياسىي، ئىجتىمائىي نۇقتىئىنەزەرنى قارشى نۇقتىدىن رەت قىلىدىغان (ياكى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان)مەسىلە بولسا قانداق قىلىش كېرەك؟ بۇيەردە گەپ مەسىلىنىڭ ماھىيىتى بىلەن مەسىلە قويغۇچىنىڭ نۇقتىئىنەزەرنى ئىسپاتلاش ئاساسى ۋە مەنتىقە كۈچىدە. ئەگەر شۇنداق ئىشەنچلىك تەييارلىق ۋە كۈچ بولسا قەتئىي ئىككىلەنمەي ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. سىزنىڭ ئۆزىڭىزگە بولغان ئىشەنچىڭىز سىزنى ئېتىراپ قىلىشقا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمما يېتەرلىك دەلىللەش كۈچىڭىز ۋە ئىشەنچىڭىز بولمىسا، ئەڭ ياخشىسى نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويماي تۇرغان تۈزۈك. كىشىلەر ئۇچرايدىغان كۆپلىگەن كېلىشمەسلىك، بەھۇدە ئاۋارىچىلىكنىڭ تۈپكى بىر سەۋەبى دەل مۇشۇ نۇقتىغا سەل قارىغانلىقىدا. «ئاۋۋال ياخشى ئويلاپ، كېيىن قارار قىلىش»دېگىنى دەل شۇنىڭغا قارىتىلغان. ھېسسىياتنى ئەقىل بىلەن قاتتىق كونترول قىلىش زۆرۈر. ئەڭ ئاۋۋال ھەل قىلىۋالىدىغان ئالدىنقى مەسىلە ئۆزىنىڭ ئاكتىپ ئورۇن ياكى پاسسىپ ئورۇندىن ئىبارەت ئىككى تەرىپىنى تارازىغا سېلىپ دەڭسەپ كۆرۈش ، تارازا چوكىسىدىكى مىقدار سانلارغا قەتئىي ئىشىنىش. سىز ئۇتتۇپ چىقىشنى مەقسەت قىلغانىكەنسىز، بۇ نۇقتىغا جىددىي دىققەت قىلىڭ. بىر ئاكتىپ ئۈستۈنلۈكنىڭ بولۇشى، ھۆكۈم قىلىشتا ھېسسىياتقا بېرىلمىگەنلىكتۇر. بىز بولۇپمۇ مەركىزىي ئاسىيالىقلار ، غەربىي ئاسىيالىقلار كۆپىنچە قىزىققان كېلىمىز، ھېسسىياتقا بېرىلىمىز. بۇ بىزنىڭ كۆپىنچە ئىشىمىزنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەنمەي كەلگەنلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبى.

بىز ئۇيغۇرلارمۇ ھېسسىياتنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلالماي تارىخىمىزدا ئورنىنى تولدۇرۇۋالغۇسىز سەۋەنلىكلەرنى كەينى-كەينىدىن سادىر قىلدۇق. ئۆزىمىز قىزىققان خەلقئارا مەسىلىلەردىمۇ ئىشلارغا ھېسسىياتىمىز بويىچە مۆلچەرلەپ باھا بەردۇق.

نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز يەنىلا قاتمال ھېسسىياتنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى؟ بىز ئوتتۇرىغا

قويغان مەسىلىلەر ۋە ھۆكۈملەردە يەنە قانداق ماھىيەتلىك بىنورماللىقلار مەۋجۇت؟ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىكىر يۈرگۈزۈپ باقساق بولىدۇ.

## غەرب مەدەنىيىتى (غەرب)كە تۇتۇلىدىغان پوزىتسىيە ھەققىدىكى تەپەككۇر

بۇ مەدەنىيەتكە بولغان مۇئامىلە ھەرقايسى خەلقتە ھەرخىل بولۇپلا قالماستىن بىر خەلق ئىچىدىمۇ ھەرخىل. مەدەنىيەت ئىنكارچىلىرى ئىچىدە غەرب تاجاۋۇزچىل خاراكتېرغا ئىگە، ئۇنىڭ مەدەنىيىتى چىرىك مەدەنىيەت دەيدىغانلارمۇ، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز ھەممىدىن ياخشى،باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىدىن ئۆگىنىشنىڭ لازىمى يوق دېگۈچىلەرمۇ بار. بۇ خىل ئىنكارچىلىق خاھىشىدىكىلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى تولىمۇ ئاددىي ۋە زىددىيەتلىك. مەدەنىيەت قوبۇللاشقا ۋەكىللىك قىلغۇچىلار بولسا، ئىلغار مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قېقىش خاتا. ئۇنىڭدىكى پايدىلىق تەركىبلەر بىلەن ئۆز مەدەنىيىتىمىزنى تېخىمۇ بېيىتىش ـ كۈچلەندۈرۈش زامانىمىزنىڭ تەقەززاسى دەپ قارايدۇ. ئىش يۈزىدە بولسا مەيلى ئىنكار قىلغۇچىلار بولسۇن ياكى مۇئەييەنلەشتۈرگۈچىلەر بولسۇن ھەممىسلا ئۆزلىرى كىيىۋالغان بۇ رەھىمسىز غەرب رېئاللىقىنىڭ چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ ئۇتقا تاشلاشقا، ئەسلىي مەدەنىيىتى بويىچە يۈرۈشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ.

ئېلېكتر توكى، رادىئو، تېلېۋىزور،كومپيۇتېر، توڭلاتقۇدىن تارتىپ ئەقەللىيسى بىز ھەر كۈنى كىيىۋاتقان كىيىملىرىمىزنىڭ تۈرىگىچە ھەممىسلا غەرب مەدەنىيىتىنىڭ رېئاللىقى، ھەرگىزمۇ شەرقنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئەمەس. پۈتكۈل دۇنيا ھازىر ئۇن ـ تىنسىزلا مۇشۇ مەدەنىيەت ھاۋاسىدىن نەپەس ئالماقتا. بۇ رەھىمسىز، كىشىلەر ئىرادىسىدىن مۇستەسنا رېئال پاكىتلار ئالدىدا بىز يەنە نېمە دېيەلەيمىز؟! ئەسلىدە قاتماللىق تەپەككۇر ئەمەس. بەزىلەر بۇنى ئاڭدىكى بىغەرەزلىك دەيدۇ. ئىسلاھ قىلىش كېرەكمۇ ـ يوق؟ ئەلۋەتتە بۇ مەدەنىيەت مەسىلىسىدە بىز ئۆزىمىزنىڭ قانداق دەۋردە ياشاپ تۇرۇۋاتقانلىقىمىزنى چۈشىنىپ يېتەلىسەكلا، بىز جانلىق ئۆرنەك قىلىدىغان ئەندىزىلەر ھەر قەدەمدە ئۇچراپ تۇرۇپتۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ رېئاللىقىدىن ئوخشاشلىقنى ۋە شۇنداقلا پەرقىنى ھەرزامان كۆرمەي قالمايمىز. ئۇنداقتا، بىزنىڭ مەدەنىيەت ئۈستىدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلىمىز نېمىنى چىقىش قىلىشى كېرەك؟

## روشەنكى، ئۆزگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ توغرا مۇئامىلە قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى سەمىمىيەت ۋە ئادىللىقتۇر

مەن ئېچكىرى ئۆلكىلەرگە ھەرقايسى مەزگىلدە بارغان، خېلى تۇرغان بولساممۇ غەرب مەدەنىيىتىنى، غەربلىكلەرنى بىر تەرەپلىمە ھالدا قارىغۇلارچە ئەيىبلىگەن ئادەمنى ئۇچراتمىدىم. ئۇلار: باشقىلار مەدەنىيىتىنى بىزگە زورلاپ تاڭمىغان تۇرسا، ئۇلارنى ئەيىبلىسەك تۇرغان تامغا ئۈسكەندەك بىمەنىلىك بولمامدۇ، دەپ قارىشىدىكەن. بۇيەردە ئىلغار شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىش، مۇئەييەن ئېتىراپ ئالاھىدە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ؛ ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۆزئارا تەسىرلىشىپ ئىلگىرىلەپ كەلگەن تارىخ ئىكەنلىكىگە بولغان چۈشىنىك چوڭقۇر ئىكەن؛ باشقىلارنىڭ پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە ئىلغار تەرەپلىرىنى ئېتىراپ قىلىش، ئۆزلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش بىر يۈزلىنىش بولماقتا؛ بېكىنمىچىلىك، قاتماللىق بۇزۇپ تاشلىنىپتۇ. ئاشۇ غەربلىكلەرمۇ بۇيەردە ناھايىتى تەرتىپلىك، ئەدەبلىك يۈرۈشىدىكەن.

مەن 2006 ـ يىلى 27 ـ دېكابىردا خېفى شەھرىدە كەچ سائەت تۆتلەر ئەتراپىدا مۇنداق بىر تېلېۋىزىيە نومۇرىنى كۆردۈم: ئاياللار فىگۇرىسىنى گۈزەللەشتۈرىدىغان ئىلمىي نۇقتىدىن ئىشلەنگەن، كىيىمگە مۇناسىۋەتلىك بۇ نومۇردا شۇ كىيىمنى لايىھىلىگەن ياش، كېلىشكەن فرانسىيىلىك ئايال دوكتورنى جۇڭگوغا تەكلىپ قىلىپ، سەھنىدە مەزكۇر كىيىمنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىكەن. بۇيەردە مەن تەپسىلىي جەريان ئۈستىدە توختالمايمەن. ماڭا تەسىر قىلغان نەرسە شۇكى، بۇ لايىھىلەش ئۈستىسىنىڭ چۈشەندۈرۈش ئۇسۇلى(دەرس ئۆتۈشى دېسەكمۇ بولىدۇ)، سورالغان سوئاللارغا نەق مەيداننى ئاساس قىلىپ، بۇ كىيىمنىڭ ئىنچىكە سىرلىرىنىمۇ ئەمەلىيەت بىلەن نەزەرىيە ئاساسلىرىنى بىرىكتۈرۈپ، شۇنداق جانلىق، شۇنداق چۈشىنىشلىك قىلىپ تونۇشتۇرۇپ چىققانلىقى. بۇ دوكتور ئايالنىڭ سەھنىدىكى ھالىتى، سۆزلەش ئۇسۇلى، قول ھەرىكەتلىرى، ئىسپاتلاش جەريانى، چىراي ھالىتىدىكى سەمىمىي مۇلايىملىق، تەبىئىيلىك، تەمكىنلىك، ئەدەب ـ ئەخلاق، ئەقىل، باشقىلارنىڭ غۇرۇرىغا بولغان ھۆرمەتكە دىققەت قىلىشتەك بارلىق خۇسۇسىيەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئۆزىنى بىر ھەقىقىي ئىنسان، پىشقان ئوقۇتقۇچى ـ ئايال زاتى سۈپىتىدە ئاشۇ سەھنىدە نامايان قىلالىغانلىقى. بۇ غەربلىك ئايال مۇتەخەسسىسكە بولغان قايىللىقنى سەھنىدىكى رىياسەتچى، نومۇرغا چىققان ئايالار ۋە سەھنە ئەتراپىدا تولۇپ ئولتۇرغان بارلىق ئايالنىڭ چىراي ئىپادىلىرى ۋە سورالغان سوئاللارغا ئالغان جاۋابلىرىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مانا بۇ فرانسۇز ياش ئايال مۇتەخەسسىس بىز دەل مەدەنىيەتتە كۆزىمىزگە سىغمايدىغان«جىنسىي ئەركىنلىك دۆلىتى»فرانسىيىنىڭ ئوبرازىغا ۋەكىللىك قىلالىغان ئايالدۇر.

بىز مەسىلىگە ۋۇجۇدىمىزغا گرانت تاشتەك ئورناپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەن بىر تەرەپلىمە ئېتىقادىي ھېسسىيات، ئادەت كۈچلىرىمىز نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەمەس، بەلكى ئاشۇ تەكلىپ قىلغۇچىلاردەك پايدىلىنىش قىممىتى، ئىلمىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن قاراپ تەپەككۇر يۈرگۈزسەك،بۇ ئايال مۇتەخەسسىس ۋە ئۇنىڭ ئەمگىكىگە ئىجابىي باھا بېرەلەيمىز.

ئەلۋەتتە، ھېچكىم مەدەنىيىتىنى بىزگە زورلاپ تاڭالمايدۇ. قانداق قىلىش، ئىختىيار يەنىلا ئۆزىمىزدە. ئەمما باشقىلارنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى تەپەككۇرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ تەپەككۇرىنى سېلىشتۇرۇپ باقساق بولىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ دېگەنگە جاۋاب بولۇشى كېرەكتە.

خوش، بىز دۇچ كېلىۋاتقان يۇقىرىقىدەك ئەمەلىيەتلەرنى ياكى ئىجابىي نۇقتىدا تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە ياكى سەلبىي نۇقتىدىن تۇرۇپ رەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. زادى قايسى مۇئامىلە ئاخىرقى ھېسابتا پايدىلىق؟

## نوپۇزنى ماھىيەتتىن بىلىشنىڭ ئۆزلۈك شەرتى نېمە؟

ئۇنى بىلىش ئۈچۈن نوقۇل ھالدىكى بىلىملا كۇپايە قىلمايدۇ. يەنە باھالاش ئىقتىدارىغا ئىگە تەپەككۇر ھەم ئۆزىگە تەن روشەن كۆز بولۇشى كېرەك. مەسىلەن ئېيتايلى، نوپۇزغا چوقۇنۇش، ئاتالمىش چوڭ «سەرخىل مېڭە» لەرنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى شۇ بويىچە كۆچۈرۈپ، قول تەگكۈزۈشكە بولمايدىغان مۆجىزە ئورنىدا كۆرۈپ مۇئەييەنلەشتۈرۈش، نوپۇزغا جەڭ ئېلان قىلىش كۈچىنىڭ بولماسلىقى. بۇ بىزنىڭ ئەسلىدە زور يوشۇرۇن تەپەككۇر كۈچىگە ئىگە زېيالىيلىرىمىزنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان ئەجەللىك ئاجىزلىقمۇ ـ قانداق؟ ئېيتايلۇق، سەيمېل خانتىڭتون زادى قانداق «سەرخىل مېڭە»؟ بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ شەرھلەشمۇ، ئوتتۇرىدا بىقارارلىقنى ئىپادىلەشمۇ، باشقىچە نۇقتىئىنەزەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشمۇ بولىدۇ.

يەنە بىر خىل تەپەككۇر ئۇسۇلىدا ئاشۇ سەرخىل«مېڭە»گە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى شەرھلەش زۆرۈر ئەمەس. مۇھىمى، ئۇنى پايدىلىنىدىغان تۈتقا قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ كۆزى ئارقىلىق ئۆز مېڭىمىزدە مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىپ، مەيدانغا چىقىرىشقا جۈرئەت قىلىش كېرەك. تەپەككۇر گۇمانىي پوزىتسىيىدە بولۇشى زۆرۈر. شۇندىلا بەزى نوپۇزلارنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىپ، رەت قىلىۋېتىش مۇمكىن. كەلگۈسىدىكى ئىشلارغا پەقەت ئېنىق ، قەتئىي ھۆكۈم قىلالايدىغان «ئەۋلىيا»لا بولمىسا، ئادەتتە ئىنسانلار يەنىلا تەخمىنىي ئېھتىماللىقلارنى، پەرەزنىلا ئوتتۇرىغا قويۇشتىن نېرىغا ئۆتەلمەيدۇ، خالاس. ئەمما پەرەز يەنىلا پەرەز. ئۇ، جەرياننىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈشى كېرەك.

مۇشۇ نۇقتىدىن بىز سەيمېل خانتىڭتوننىڭ «مەدەنىيەتلەر توقۇنۇشى ۋە دۇنياۋى تەرتىپنىڭ قايتا ئورنىتىلىشى» دېگەن كىتابىدا (بۇ كىتاب ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 2003 ـ يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان) يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرۈپ، ھازىر نوقۇل ئوتتۇرا شەرق ۋە بىر قىسىم رايوندىكى رايون خاراكتېرلىك توقۇنۇشنى كەلگۈسى دۇنيادىكى پۈتكۈل خرىستىيانلار بىلەن مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ سەپكە ئايرىپ، كېڭەيتىپ، ئىككى چوڭ ئېتىقاد ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىچىگە سۆرەپ كىرمەكچى بولۇشى(يەنى شۇنداق ھۆكۈم) نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تولىمۇ گۇمانلىق بىر سىياسىي شەخس ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۇنى ئامېرىكىدىكى مۇئەييەن بىر سىياسىي كۈچ، مەخسۇس كىشلەرنىڭ ئېڭىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئېلىشنى كۆزلىگۈچى مۇئەييەن بىر تەشكىلات ئۈچۈن كەتمەن چاپمايدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ دەپ ئۆزىمىزنىڭ بۇ نوپۇزغا بولغان گۇمانىي قارىشىمىزنى تامامەن قويالايمىز.

تەپەككۇردىكى بىر مۇھىم مەسىلە ھەرخىل نوپۇزغا باھا بېرىش، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىش. كۆپىنچە ھالدا نوپۇزلۇقلار ئەڭ كۆپ خاتالىشىدۇ. چۈنكى بۇنى ئۇلارنىڭ ئورۇن ھالىتى بەلگىلىگەن. ھوقۇق ـ ئىمتىيازلار گويا بىر«شەرەپ»سۈپىتىدە نوپۇز ھالىتىدە ئىپادىلىنىپ، ئۇلارنى ئېسەنگىرىتىپ قويىدۇ. ئۇلارنى ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسان تىپىدىن ئايرىمچە بولغان بىر تىپقا مەنسۇپ قىلىپ قويىدۇ. دۇنياۋى دانا داھىي ھېسابلانغان شەخسلەر ستالىن ۋە ماۋزېدۇڭمۇ ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمىغان. شۇنداق ئىكەن، تۆۋەندىكى نوپۇزلۇقلار ـ مەسىلەن: مەنسەپ دەرىجىسى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان يېزا، شەھەر ۋەھاكازا دېگەندەك دەرىجىسىمان ھوقۇق ئىگىلىرىنىڭ ھوقۇقتىن تېخىمۇ ئېسەنگىرەپ، ئالاھىدە ئىمتىيازلىق زەنجىرسىمان قاتلامنى شەكىللەندۈرۈپ قويۇشى تېخىمۇ ئاسان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئاۋام ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىتىپ، ھەققانىيەتتىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقى تولىمۇ روشەن. بۇ ھالدا ھەقىقەتكە يېقىنراق تۇرۇۋاتقان ئاۋامنىڭ چوقۇم بۇ مەسىلىلەرنى تەپەككۇر قىلىپ ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىپ، ئۆزىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى قوغدىشى زۆرۈر.

مەنسەپ نوپۇزلۇقلىرى كۆپىنچە ھالدا تولىمۇ ھەيۋەتلىك قىياپەت تۈسىدە كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولىدۇ. ئاۋام كۆپىنچە ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشتىكى نوپۇزى(ھەيۋىتى)ئالدىدا

تەپتارتىپ قالىدۇ. جۇرئىتىنى يوقىتىپمۇ قويىدۇ. بۇ، ئاۋامنىڭ ھوقۇق، ئورۇن نوپۇزى ئالدىدىكى بىر ئەمەلىي ئاجىزلىقى. قەتئىي، مۇستەقىل پىكىرلىك كىشىلەر، پەلسەپىلىك خەلقلەر نوپۇزلۇق شەخسلەرگە غۇرۇرىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، باراۋەرلىك نۇقتىسىدا مۇئامىلىدە بولىدۇ. (مەسئۇل مۇھەررىردىن: ئەمەلىيەتتە ھوقۇق شۇ مەنىسىدىكى ئېرىشكەن ھەر بىر شەخس بىر مەزگىل نۆۋەت بىلەن كىيىدىغان ھۆكۈمەت چاپىنى. چاپان ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قايتۇرۇۋېلىنىپ نۆۋەتتە كەلگەن يەنە بىر شەخس كىيگەندىن كېيىن كۆرۈسىزكى، مەنسەپتىن قالدىغىنى سىز بىلەن بىزگە ئوخشاش ئادەمكى، ھەرگىز ئەۋلىيا ـ ئەنبىيا، ماشايىخ ئەمەس.) شۇڭا ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي كىشىلىك قىممىتىمىزنى ھىمايە قىلىش، قەدىرلەش، ئىنسان سۈپىتىدىكى غۇرۇرىمىزنى ھەر زامان نامايان قىلىپ تۇرۇشىمىز ئۈچۈن نوپۇزنى بەكلا مەنسىتىپ كەتمەسلىك، ئەمما شۇنىڭ بىلەن بىللە نوپۇزغىمۇ سەل قارىماسلىق كېرەك.

## مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇشتا تەپەككۇردىكى مۇھىم ئامىل نېمە؟

كۆپلىگەن كىشى، مەيلى زىيالىيلار بولسۇن ياكى مەنسەپدارلار ۋە ياكى باشقىلار بولسۇن ئادەملەرنىڭ ئوقۇغان، بىلىملىك، ئۆتكۈر دېگەن تەرەپلىرىگە كۆپرەك نەزەر ئاغدۇرىدۇ. ئەمما ئەقىلدىن ئىبارەت بۇ نۇقتىغا ئانچىۋالا دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. خۇددى كادىر تاللاشتا ئىلگىرى كىم ئەڭ كەمبەغەل بولسا شۇنى، كېيىن بولسا دىپلومى، بىلىمنى ئاساس قىلغاندەك. ئەمما مەسىلىگە جىددىي، ماھىيەتلىك قارالغاندا بىلىم بىلەن ئەقىلدە مۇئەييەن پەرق كۆرۈلىدۇ، رولى، نەتىجىلىرىمۇ خېلى پەرققە ئىگە بولىدۇ. شۇڭا مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇشتا تەپەككۇردىكى ئەڭ مۇھىم مەسىلە خاس، ئۆزلۈك ئەقلىنى ئىشقا سېلىش. دائىم دەپ كېلىۋاتقىنىمىزدەك، باشقىلارنىڭ مىساللىرىدىن كۆرۈۋالماق تەس ئەمەسكى، مەدەنىيەت، تەرەققىيات مەسىلىسىدە قانداقتۇر تەرەققىي تاپقان ئەللەرنى ئەيىبلەش ياكى كۆككە كۆتۈرۈش دېگەن مەسىلە ئەسلا نوقۇل مەۋجۇد مەسىلە ئەمەس. نورمال تەپەككۇردىكى ئاقىلانە كىشىلەر دۇنيانىڭ ھازىرغا قەدەر ئۆزئارا تەسىرلىشىپ ئىلگىرىلەپ كەلگەن دۇنيا ئىكەنلىكىنى دىققەتتىن ساقىت قىلالمايدۇ. ئەگەر بىز مەسىلە ئوتتۇرىغا قويغاندا پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلماي، ھەدىسلا ئۆزىمىز بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتى، ئاداۋىتى بولمىغان باشقىلارنى قالايمىقان ئەيىبلەپ، غەيۋەتخورلۇق، پىتنىخورلۇق قىلىپ يۈرسەك، ئۇلار بۇ غەلىتە قىلىقتىن ئەجەبلىنىپ: بۇ خەق ئېلىشىپ قالغانمۇ ـ نېمە دېيىشى تۇرغانلا گەپ. يەنە بەزىلەر بولسا: «مېڭىسى ئاددىي» دەپ قاراپ پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈشىمۇ تۇرغان گەپ. شۇڭا بىز دۇنيانىڭ يۈزلىنىشىنى ئېنىقلاپ، ئۆزىمىزنىڭ پايدا ـ زىيىنى بىلەن پۇختا تەتبىقلاپ، نوقۇل ھېسسىيات رامكىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ، ئاقىلانە ئىش قىلغىنىمىز تۈزۈك. دۇنيادىكى باشقا پرىنسىپال خەلقلەرنىڭ ھەممىسى مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئۆزلىرىگە تەن پايدا ـ زىيان مەسىلىسىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلغان. بىزمۇ ئەمدى ھەرخىل سىياسىيغا چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە ئەنە شۇنداق ئىنچىكە تەتقىق قىلىدىغان ئەقىل ئاساس قىلىنىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىمىز، بىلىمنى ئەقىل بىلەن بىرلەشتۈرۈشىمىز زۆرۈر.

## تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى بىر مۇھىم مەسىلە ئۆزىنى بىلىشتۇر

بىز ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، مۇئەييەن كەڭرى زېمىندا ياشاپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۆتكەن ئەسىردە دۇنيادىكى تۈركشۇناسلاردىن گېرمانىيىلىك گابائىن خانىم، رۇسىيىلىك ئاكادېمىك رادلوۋ، باسكاكوف قاتارلىق كۆپلىگەن ئالىم ئۆز تەتقىقاتىدا نۇقتىلىق ھالدا ئۇيغۇرشۇناسلىقىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنىدى. پەن ـ تېخنىكا يۈكسەك تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنگە يەتكەن زامانىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىدە تۆرلۈك سەۋەبكە بىنائەن باشقىلار قاتارىدا ئۇيغۇرلارغىمۇ يەنە قىزىقىش پەيدا بولدى. ئەلۋەتتە بۇ مىللەتنىڭ دۇنيا مىللەتلىرى ئىچىدىكى تۇتقان ئورنى ئانچە سىر بولمىسىمۇ، ئادەملىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ سانىدىكىسىنىڭ ئېنىق بىلىپ كەتكەنلىكى ناتايىن. بولۇپمۇ كومپيۇتېر ئومۇملىشىپ دۇنياۋى ئۇچۇرلار خەۋەر قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك تۆرلۈك ـ تۈمەن ئۇچۇردىن ھېچبولمىغاندا ئازدۇر ـ كۆپتۇر خەۋەردار بولۇش ئىمكانىيىتى يوق ئەمەس. ھازىر باشقا خەلقلەر قاتارىدا ئۇيغۇرلارنىڭمۇ گېن، قان تىپلىرى، ئىرقىي ئۆزگىچىلىكلىرى ئومۇمەن ئېنىقلىنىپ چىقىپتۇ. چۈنكى بۇ بىر ئىلىم ـ پەن مەسىلىسى. دۇنيادىكى مۇھىم ئەللەرنىڭ ئاخبارات ۋاستىلىرى دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تەركىبلەرگە، جامائەت پىكىرلىرىگە دائىر ھەربىر تەپسىلاتقىچە دىققەت قىلمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئۇلار باشقىلارغا قىزىقىپ كۆپلىگەن نەرسىنى بىلىۋالغان يەردە، بىز ئۆزىمىزنىڭ دۇنيادىكى ۋە دىيارىمىزدىكى ئورنىمىزنى بىلمىسەك ـ ھە؟! ئەگەر بىر مىللەتنىڭ زىيالىيلىرى، كادىرلىرى ئۆزىنى، ئورنىنى بىلمىگەنىكەن، ئۇنداقتا ئۇ نېمىگە ئاساسلىنىپ تەپەككۇر قىلىدۇ. نېمىگە ئاساسلىنىپ خەلققە باشلامچى بولىدۇ؟! بۇ ھەرقانداق بىر خەلققە

www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن بىنورمال ئەھۋال. خەتەرلىك ئەھۋال. شۇڭا بىز تەپەككۇردىكى بىر مۇھىم مەسىلە دەپ ئۆزىنى ، ئۆز قوۋمىنىڭ ئورنىنى چۈشىنىشنى قويىمىز. بىزنىڭ ھەرتەرەپلىمە نامراتلىقىمىزغا ماس ھالدا تەپەككۇرىمىزمۇ شۇ دەرىجىدىكى (قورقۇنچلۇق دېسەكمۇ بولىدۇ)، بىزدىكى تالاي كىشى ھېلىمۇ مىللىتىڭ نېمە دەپ سورىسا، مەن مۇسۇلمان دەيدۇ. سادىغاڭكېتەيلەر. دۇنيادا نەدىمۇ ئالاھىدە مۇسۇلمان مىللىتى بولسۇن. ئاشۇ سابىق يۇگوسلاۋىيىدىكى مۇسۇلمان سېربلارنى تېخى يېقىندىلا دۇنيا ئېتىراپ قىلدى. لېكىن ئۇلار تىل ئىستېمالى ۋە ئېتنىك جەھەتتىن يەنىلا سېربلارغا مەنسۇپ ئىكەن.

دىنىي ئېتىقاد ئايرىم بىر دۇنياۋى ئۇقۇم. ئۇ ئۇنلىغان، يۈزلىگەن خەلقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا ئۇنى مىللەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر سىز بۈگۈنگىچە يەنىلا مىللىي ئېتنىك ئالاھىدىلىكىڭىزنى بىلمەي يۈرسىڭىز ، ئېتىراپ قىلىشىنىمۇ خالىمىسىڭىز، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق خورلۇق، گۇمراھلىق بولامدۇ؟!

بىزگە قېرىنداش قازاق خەلقى مىللىتىنى پەخىرلىنىپ «بىزنىڭ قازاقلىرىمىز »دەپ تولۇق ئاتايدۇ؛ ئۆزبېكلەر بولسا، «بىز ئۆزبېكلەر»دەپ ئالاھىدە ئۇرغۇ بىلەن تىلغا ئالىدۇ. ئەمما بىزنىڭ بەزى كىشىلىرىمىز ھەتتا ئۇيغۇر دېگەن سۆزنى توغرا تەلەپپۇز قىلماي «ئۇرغۇي » دەيدۇ. ئاشۇلارغا سېلىشتۇرغاندا بىزنىڭ بۇ تارىخى ئۇزۇن، دۇنيا ئېتىراپ قىلغان شەرەپلىك مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەن بۇ مىللىتىمىز بۈگۈنگە كەلگەندە نېمە بولغىنى!؟ تازا ئويدان ئويلىنىپ كۆرەيلى، تەپەككۇر قىلايلى، بولمىسا، بىز باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالىمىز. ئاشۇنداق بىپەرۋا، بىغەملەرلا بولىدىكەن ، ئۇنداقتا بىزنى كۈتۈۋالىدىغىنىمۇ يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ نادان، گۇمراھلىقىمىز كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېچىنارلىق ئاقىۋەت بولماي يەنە نېمە بولىدۇ؟ ئۇ ۋاقىتتا بىز كىملەردىن رەنجىيمىز!؟ پەقەتلا ئۆزىمىزنىڭ نىيەت ـ ئىقبالى، خۇي ـ پەيلىدىن كۆرمەي ئامالىمىز يوق. مۇشۇ يېقىنقى زامان جاھالەتلىك تارىخىمىزنىڭ بېشى بولغان ئاپاق خوجا ۋەتەن ـ مىللەتنى تونۇمىدى، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن تىبەت لاماسىنىڭ تاپىنىغا باش قويۇپ ياردەم سوراپ، جۇڭغار قالماقلىرىنى مۇقەددەس زېمىنغا باشلاپ كېلىپ، پۈتۈن بىر خانىدانلىقنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. مۇقەددەس ئېتىقادمۇ، ئاخىرەتنىڭ سورىقىمۇ ئۇنىڭ نەزىرىدە قىلچە بولمىدى. ئەگەر بىز تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتە ئاڭقاۋ ـ نادان خەلق بولمىساقلا بۇ ئېغىر تارىخي پاجىئە ھەققىدە ئويلىنىپ، بىر خۇلاسىگە كېلەلەيمىز . ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى، قوۋمىنى بىلمىگەن ئادەملەرنى زامان نېمە بىلەن «تارتۇق»لايدۇ؟ جاۋاب شۇنداقكى، ئەگەر بىر قوۋم ئۆزىنى تولۇق چۈشەنمىسە، ئۆزىگە مەڭگۈلۈك مەنسۇپ بولۇشى كېرەك بولغان قىممەتلىك نەرسىلىرىنىمۇ ساقلاپ قالالمايدۇ.

## ئوبيېكتقا ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى تونۇتۇپ قويۇش

بۇ، تەپەككۇردىكى يەنە بىر مۇھىم مەسىلە. كۆپىنچە ھالدا كىشىلەر ئوبيېكتتىن نارازى بولىدۇ. ئوبيېكت ھاكىمىيەتتە ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان قوۋمغا تەئەللۇق بولسا، مۇقەررەركى، ئوبيېكت مۇئەييەن ئۈستۈنلۈك، ئەۋزەللىكلىرىنى نامايىش قىلىشتىن خالىي بولالمايدۇ. ئېرىشىش ھوقۇقى ۋە خىلمۇخىل مەنپەئەت زەنجىرىدە ئاساسىي ئورۇن ھالىتىنى تۇتىدىغان بۇ ئوبيېكت باراۋەرسىز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسلىق تەئەللۇق تەرىپى. روشەنكى، بۇنداق ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە قوۋم نىسبەتەن پاسسىپ ئورۇندا تۇرۇۋاتقان قوۋم ئالدىدا تۇرلۇك «ئۇقۇشماسلىق »نى سادىر قىلىپ قويماي قالمايدۇ. ھەتتا بۇ قوۋمنىڭ غۇرۇرى ۋە قەلبىگە ئازار بېرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇنىڭ ھەممىسىنى ھېس قىلىپ كېتىشىمۇ ناتايىن. دۇنيادا ھېچقانداق بىر قوۋم تەڭسىزلىكنىڭ «قانۇن»لاشتۇرۇلۇپ قېلىنىشىنى قوللىمايدۇ. شۇڭا ئوبيېكتقا زاماننىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولغان تەڭلىك ـ باراۋەرلىك نۇقتىسىدىن تۇرۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار بويىچە سەۋەنلىكنى قىلچە ياسىماي، يۈز ـ خاتىرە قىلماي سەممىي ۋە كۈچلۈك خاراكتېر بويىچە بىلدۈرۈش، ئوبيېكتقا ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى تونۇتۇپ قويۇش كېرەك. بۇ ھەركىمنىڭ ھېچكىم تارتىۋالالمايدىغان ھەقلىق ۋە ھەققانىي ھوقۇقى. پرىنسىپ ئالدىدا سودىلاشماسلىق، پرىنسىپال جىددىي خاراكتېر ئوبيېكتنىڭ ئۆزىنى ئاخىرقى ھېسابتا چۈشىنىشىگە تۈرتكە بولىدۇ.زىددىيەتلەر ئالدىدا ئارىسالدى بولماسلىق، قەتئىي خاراكتېرنى نامايان قىلىش ئوبيېكتنىڭ ئىككىنچى تەرەپنى چۈشىنىشىگىمۇ تۈرتكە بولىدۇ. ئەگەر سىز ۋە سىزنىڭ قوۋمىڭىز بوشاڭ، جۈرئەتسىز بولسا، ھەقلىق ۋە ھەققانىي ئېرىشىش ھوقۇقىنى دادىل ھىمايە قىلىش ئىرادىسى بولمىسا، ئوبيېكت سىزنى ھەرزامان مەنسىتمەيدۇ. بۇ دۇنيا رىقابەت دۇنياسى ئىكەن، پەقەت باراۋەرلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ھەققانىيەتتە ئۆزىنى نامايان قىلالىغانلىكى كىشى ۋە قوۋم ھامان ئوبيېكتنىڭ قايىل بولۇشىغا ، ھۆرمىتىگە ئېرىشىدۇ. شۇڭا بىھۇدە زىيان ۋە روھىي ئازابتىن ئامال بار خالىي بولماقچى بولغاندا ئوبيېكت ئۈستىدە ۋە ئۆزىنىڭ ئورۇن ھالىتى ئۈستىدە رېئال پاكىت ۋە تارىخىي ئەمەلىيەت

نۇقتىسىدا تەپەككۇر قىلىش، بىلدۈرۈش زۆرۈر. بۇ مەلۇم مەنىدە ئوبيېكت ئۈچۈنمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق.

## ھۆددىسىدىن چىقماق ئەڭ تەس بولغان تەپەككۇر نەتىجىسى نېمە؟

كىشىلەر ئەقەللىي ئادەمىيلىك ئۆلچىمىنىگىمۇ ھۆددىسىدىن چىقمىقى تەسكە توختاۋاتقان جەمئىيەتتە، ھەقىقىي ئادەم بولۇشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق بەسي مۈشكۈل . ئۆزىدە غايەت مول مەنىۋى كۈچ توپلىيالىغان ناھايىتى كەم تىپلارلا مۇئەييەن ھەل قىلغۇچ شارائىتتا نامايان بولالايدۇ. ئادەتتە، نىسبەتەن يېتىلگەن پەلسەپىۋى تەپەككۇرلۇك خەلقلەردە مەنسەپ ـ ئەمەل، بايلىق ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر مەزمۇنى ئەمەس بەلكى نىشان، مەقسەت. روھىيەت ئۈستۈنلۈكى ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ.

قەدىمكى رىمدا كۆپ قېتىم رەھبەر بولغان مەشھۇر سەركەردە گاي مارىي ھەر قېتىملىق غەلىبىلىك ئورۇشتىن يانغاندىن كېيىن يېزىسىغا قايتىپ تېرىقچىلىق قىلىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئاتىسى جورجىي ۋاشىگتون ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن دەسلەپ باش قوماندانلىقتىن ئىستېپا بېرىپ، ئۆز قورۇقىغا قايتىپ بىرمەزگىل دېھقانچىلىق قىلغانىكەن. ئاتا تۈرك غازى مۇستاپا كامال پۈتكۈل زېھنىي كۈچىنى تۈركىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشقا بېغىشلاش ئۈچۈن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمىگەن. دۇنيادىكى 1 ـ چوڭ باي، «كومپيۇتېر پادىشاھسى» بىل گېتس يىگىرمە نەچچە مىليارد دوللار پۇلىنى ئافرىقىدىكى نامرات رايونلارغا ئىئانە قىلىۋەتكەن. ئەمما ئۆزى ئوغلىغا مىراس قالدۇرمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن دېگەن گەپمۇ بار ۋە باشقىلار.

ھازىرقى تەرەققىي قىلغان پەلسەپىلىك، سىياسىي مىللەتلەردە بولسا بۇ تولىمۇ روشەن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي مەيدانى ، نىشانى، ئۆزلۈك قارىشىنى ئاساس قىلىپ ھاكىمىيەت كۈرىشى ئېلىپ بارىدۇ. مۇشۇ يولدا غەلىبە قىلسا، ماس ھالدا مەنسەپ تۇتىدۇ. بولمىسا، ھوقۇق كۈرىشىدىن چېكىنىدۇ. سىز شەخس، رەھبەر، ھاكىمىيەت، دۆلەت ئاتالغۇلىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئىنقىلاپ تەپەككۇر يۇرگۈزۈپ بېقىڭ. ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە بۇنىڭ يادروسى مەسئۇلىيەت دېگەن بىرلا ئاتالغۇغا مۇجەسسەملىشىدۇ. مەسئۇلىيەت ھەقىقىي مەنىدە ئىپادە تاپمىغان جەمئىيەتتە ھەقىقىي ئىنسان، رەھبەر، ھاكىمىيەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇنداق جەمئىيەت يۈگەنسىز ئاساۋ ئات، قاراڭغۇ جاڭگال، قالايمىقانچىلىق قاپلىغان رەزىللىكلەر دۇنياسىدۇر، خالاس. دانىيىنىڭ باش ۋەزىرى دىئانانىڭ«ئىرونىن ۋەقەسى» مۇناسىۋىتى بىلەن ۋەزىپىمىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىدىم دەپ ئۆزلىكىدىن ئىستىراپ قىلىشى ۋە ئاكتىپلىق بىلەن پۈتكۈل كابىنېتى بويىچە ئىستېپا بەرگەنلىكى ئادەمىيلىك مەسئۇلىيەتنىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي مەنىدە نامايان قىلغانلىقىنىڭ يارقىن كۆرۈنۈشىدۇر. بىز تەپەككۇر قىلىپ باقتۇقمۇ، باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ ئەمەل ـ مەنسەپ، ئىمتىياز، بايلىق، يىغىپ كەلگەندە ئادەمىيلىك چۈشەنچىمىز قايسى دەرىجىدىكىن؟

## جانلىق تەپەككۇر كىشىلەرنى ئازادە پائالىيەت سەھنىسىگە ئېلىپ چىقالايدۇ

مەلۇمكى، بىر قوۋم ، بىر ئەلنىڭ دوستلارسىز يېگانە قىلىشى تولىمۇ خەۋپلىك. شۇڭا بۇ، ئىستراتېگلار تارىختىن بۇيان بەكلا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن ، دىققەت مەركىزىدىن ھەرگىز ساقىت قىلىنمىغان مەسىلە ئىدى. بۇنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى جانلىق تەپەككۇر ئىدى. بۇ ھەقتە ھازىرغا قەدەر مىساللار تولۇپ تۇرۇپتۇ. جۇڭگونىڭ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» قاتارلىق جەڭنامىلىرىدا بىر تەرەپ قارشى تەرەپنى مەغلۇب قىلىش ئۈچۈن ئامال بار ئۈچىنچى تەرەپنى ۋاقىتلىق بولسىمۇ قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقانلىقىدەك مىساللار بار. ئەينى ۋاقىتتا پۈتكۈل ياۋروپانى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش ئۈچۈن ھېتلېرمۇ، شۇنداقلا مۇئەييەن مەقسەتنى چىقىش قىلىپ ستالىنمۇ «گېرمانىيە ـ سوۋېت دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى»تۈزۈشكەنىدى. كىشىلەرنىڭ ئېسىدە باركى، 1950 ـ يىللاردا (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگو «دۇنيا سوتسىيالىزم چوڭ ئائىلىسى»دىكى قان ـ قېرىنداشلاردىن ئىدى. 1960 ـ 1970 ـ يىللاردا بولسا ، بىرىنچى نومۇرلۇق رەقىبلەرگە ئايلاندى. 1980 ـ يىللاردىن كېيىن مانا ھازىر روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ دوستلۇق مۇناسىۋىتى «ئىستراتېگىيىلىك ھەمراھلىق»نى چىقىش قىلىپ قايتا ئەسلىگە كېلىپ، خەلقئارا ئىشلاردا خېلى ماسلىششچان پائالىيەتلەردە بولۇۋاتىدۇ. ھازىر جۇڭگو بىلەن روسىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»چەمبىرىكى ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا. يېقىندا روسىيە بىلەن جۇڭگو ئون بەش دۆلەتنىڭ ئىرانىي بىرلىكتە چەكلەش كېلىشىمىگە قاتناشتى .1991 ـ يىلىدىكى پارس قولتۇقى ئۇرۇشىدا ئىراقنىڭ يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىشى ۋە باشقىلار. يۇقىرىدا مىسال قىلىنغان تەرەپلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزىگە تەن ھېساب ـ چوتى بار ئىدى. بۇنى ئۇلارنىڭ سىياسىي مۇددىئاسى،تۈزۈلمىسى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورۇن

www.uyghurkitap.com

ئالاھىدىلىكى قاتارلىق بىر قاتار ئامىللىرى ئومۇمەن بەلگىلەپ قويغانىدى. ئەينى ۋاقىتتىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيىنىڭ «دوستلۇق ـ ئىتتىپاقلىق شەرتنامىسى» پەقەت ئىككى يىللا داۋاملىشالىغان. ئاخىرى دۇنيانىڭ زور بىرقىسمىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئۇرۇش ئاپىتى «دوست ـ ئىتتىپاقداشلار» ئوتتۇرىسىدا پارتلىغانىدى. ئەمما دەل ئاشۇ قىسقا ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىش ھەر ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن جىددىي ئېھتىياجلىق ئىدى. بۇ مەسىلىنى ھەرقايىسى تەرەپ جانلىق تەپەككۇر ئارقىلىق ئەينى ۋاقىتتا بىر تەرەپ قىلالىغانىدى. دېمەك، ئىستراتېگلار ئەزەلدىن مۇئەييەن مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن پارچىلاپ يوقىتىش ئۇسۇلىغا بەكلا ئەھمىيەت بەرگەن، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغانلىكى كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلاشقانىدى. بۇنىڭ ھەممىسى بىر تارىخىي ساۋاق، رېئال ئەمەلىيەت ئىدى.

دەرۋەقە، باشقىلار قاتارىدا بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ تارىختا يول باشلىغۇچىلىرى، قەھرىمانلىرى بولغان. ئالدىن كۆرەر، بىلىملىك، كاللىسى ئۆتكۈر زىيالىيلىرىمىز بولغان. ئەمما دۇنيادىكى ھەممىلا بىلىملىك، ئۆتكۈر كىشىنىڭ تولۇق ئەقىللىق بوپكېتىشى ناتايىن. بىز مۇشۇ يېقىنقى تارىخىمىزدىكى تۆمۈر خەلپە پاجىئەسىنى بىلىمىز. كېيىن ئوخشاشلا ھالدا يەنە مۇشۇنداق پاجىئەلەر يۈز بەردى. نېمە ئۈچۈن ئالدىنقىلار كېيىنكىلەر تەرىپىدىن ساۋاق قىلىنمىدى؟! بۇيەنىلا باشتا يۇقىرىقى مىساللار بىلەن گىرەلەشكەن تەپەككۇر ئۇسۇلىمىزدىكى گادايلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ماۋزېدۇڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ بېشىدىلا «كىملەر بىزنىڭ دوستىمىز، كىملەر بىزنىڭ دۈشمىنىمىز، بۇ مەسىلە ئىنقىلابتا ئەڭ مۇھىم مەسىلە» دەپ كەسكىن كۆرسەتكەنىدى. دوستلار ۋە رەقىبلەرنىڭ چەك ـ چېگرىسىنى ئەنە شۇنداق ئېنىق ئايرىش مەسىلىسى ھەرقايىسى دەۋردە بىزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايىسى ئەل خەلقلىرى ئالدىدا داۋامەن مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئىستىقبالىنى بەلگىلەپ قويىدۇ.

كۆپىنچە ھالدا دوستلۇقمۇ شەرتلىك، نىسپىي بولىدۇ. يۇقىرىقى پاجىئەلەر ئېھتىمال ھازىرغىچە تۇرلۇك ئويلىنىش، پىكىر، پىزىلمىلارنىڭ مىللىتىمىز ۋۇجۇدىدا تېخى ھەل قىلىنىپ كېتىلمىگەن تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا. كىشىلىرىمىزنىڭ مىللىتى(ئۆزى)ھەققىدىكى ئاچچىق مۇھاكىملىرى بولۇپ تۇرىدۇ. بەزىلەر رەنجىپ: «بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەقلى گەجگىمىزگە ئۆتۈپ قالدىمۇ ـ نېمە؟» دېيىشىدۇ. يەنە بەزىلەر ئىلگىرىلەپ مۇھاكىمە قىلىپ: ئېھتىمال بۇ مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى ئاجىز ھالقا بوپكەلگەن پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئەقىل تەپەككۇرى ئورنىغا ھېسسىياتنى ، كۈچلۈك مىللىي خاراكتېر ئورنىغا ئېرىشچان كۆڭۈل بوشلۇقنى دەسسىتىپ قويۇشتەك ئومۇمىي «كەڭ قورساق» مىللىي خاراكتېرىمىزنىڭ ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرغانلىقىدىندۇر. چەكتىن ئاشقان ئاق كۆڭۈللۈك ئەخمەقلىقتا ئېلىپ بارىدۇ. بىھۇدە كېلىشمەسچىلىكلەردىن ئامال بار ساقلىنىش ئۈچۈن بىزمۇ باشقا خەلقلەردەك روھىيىتىمىزنى ئىسلاھ قىلمىساق، زامانغا خاس يېڭىلىنمىساق بولمايدۇ، دەپ قارىشىدۇ.

شۇنداق. كۆپىنچە ھالدا پرىنسىپال ئادەملەرنىڭ دوستلۇقى مۇستەھكەم بولىدۇ. ھەرقانداق دوستلۇقنى، مەيلى ئۇ تۆت كۈنلۈك بولسىمۇ ، ھېساب ئۈستىگە قۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىش، سانغا قەتئىي ئىشىنىش زۆرۈر. ئەگەر بىز تارىختىن بۇيان گاداي روھىيەتنىڭ ئەسىرى بوپكەلمىگەن بولساق بىزنىڭ بۇ تارىخىي، ئىنتىلىشچان مىللىتىمىز ھەرگىزمۇ دەۋرنىڭ بۇنداق ئارقىسىدا قالمىغان بولاتتى. بۇ بىزگە جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئۆز ئىشلىرىمىز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قوللىنىشنىڭ جىددىي زۆرۈرلىكىنى بىلدۈردى. يۇقىرىقى جانلىق تەپەككۇرغا ئائىت قاراشلار مەيلى قانداقلىكى بولمىسۇن، كىشىلەردە ئومۇمەن مەۋجۇد بولغان مۇئەييەن تەپەككۇرنىڭ ھاسلاتى. جانلىق تەپەككۇر قىلىنىدىغان نۇقتا ھەرخىل، قاراش، يەكۈنمۇ تەبىئىيكى ھەرخىل. مۇھىمى شۇكى، ئەگەر بىز قاتمال تەپەككۇرگە خاتىمە بېرىپ، ئەمدى شەيئىلەر ئۈستىدە يېڭىچە ئويلىنىش بىلەن جانلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا يۈزلەنسەكلا ، ياخشى ـ يامان دېيىلگەن دۆۋىلەنمىلەر ئىچىدىن ئوڭۇشلۇق بۆسۈپ ئۆتۈپ ، ئازادە پائالىيەت سەھنىسىگە چىقالايمىز.

## تەپەككۇردا بىرخىل ھۆكۈمگە مىخلىنىپ قالماسلىق كېرەك

تەپەككۇر ئىچىدىمۇ تەپەككۇر، ھۆكۈم ئۈستىدىمۇ ھۆكۈم بولۇشى كېرەكمۇ ـ يوق؟ بىز ئەڭ توغرا ھۆكۈمگە ئېرىشىش ئۈچۈن قېلىپلىشىپ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقان ھۆكۈملەر ئۈستىدىمۇ زامان ۋە ماكان، ۋاقىت ئۆزگىرىشلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ قايتا كۆرۈپ چىقىش زۆرۈر دەپ قارايمىز. بىز بۇيەردە باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە توختالماي، نۆۋەتتە ھەتتا ئەڭ ساۋاتسىز كىشىلەرمۇ قىزىقىپ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان پارس قولتۇقى ئۇرۇشىنى مىسال قىلايلى. پارس قولتۇقى ئۇرۇشى مەسىلىسىدە كۆپلىگەن كىشى بۇ قولتۇقتىكى ۋەقەلەر تىلغا ئېلىنسىلا قانداقتۇر بىرەر قۇدرەتلىك دۆلەتنىڭ بۇ رايوندىكى زومىگەرلىكى، نېفىت ئىستراتېگىيىسى، ھەتتا كىمكى پارس قولتۇقىنى تىزگىنلىسە دۇنياغا شۇ خوجا بولىدۇ دېگەندەك قېلىپلاشقان سۆزلەر ئەينى پېتى مۇتلەق ھەقىقەتتەك كۆچۈرۈلۈپ بايان قىلىنىدۇ. مۇشۇ تېرمىنلار ھەققىدە يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ تەھلىل

يۈرگۈزۈش، مەزكۇر رايوندىكى ئەللەرنىڭ سىياسىي يۆنىلىشىنىڭ ھەل قىلغۇچ بىر ئامىل بولىدىغان تەرىپىنىڭ بارلىقىمۇ ئويىغا كىرىپ چىقمايدۇ.

بۇنىڭ ئەكسىچە يەنە بىر خىل ئىلگىرىلەپ تەپەككۇر يۈرگۈزگۈچىلەر بولسا: ئەمەلىيەتتە ئۇيەردە نوقۇل ھالدا قانداقتۇر نېفىت ئىستراتېگىيىسى، زومىگەرلىك مەسىلىسى قانداقتۇر بىرەر دۆلەتكە تەئەللۇق ھالدا مەۋجۇد ئەمەس. ئۇ يەر ماھىيەتتە ئىككى خىل دۇنياۋى سىياسىي كۈچنىڭ (روسىيىدىن ئىبارەت ئۈچىنچى خىل قىستۇرما كۈچمۇ بار) ئېلىشىش مەيدانى. دەل مۇشۇنداق زىددىيەتلەرنىڭ پەقەت كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ رايونغا مەركەزلىشىپ قېلىشى ئۇيەردە تىنچسىزلىق كۆرۈنۈشى بىلەن بىللە يەنە نىسپىي مۇقىم ۋەزىيەتنى ھەم ساقلاپ تۇرالايدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا ، ئۇ رايوندىكى نىسپىي كۈچلۈكرەك ئەللەر ھېسابلانغان ئىراق بىلەن ئىران سەككىز يىل ئۇرۇش قىلىشتى .ئىراق كۇۋەيتنى يۇتۇۋېلىش ئۇرۇشى قوزغىدى. نەتىجىدە بۇ ۋەقەلەر باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى ئۈچۈن بوشلۇق پەيدا قىلىپ قويدى، دەپ قارايدۇ. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا 1991-يىلىدىكى ئىراق ھاكىمىيىتىنىڭ كۇۋەيتنى يۇتۇۋېلىش غەرىزى بىلەن پارتلىغان بىرىنچى قېتىملىق پارس قولتۇقى ئۇرۇشىغا شۇ رايوندىكى سەئۇدىي ئەرەبىستانى قاتارلىق بىر قىسىم ئەلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كۆپ دۆلەت قىسىملىرى قاتناشقانىدى. بۇ قېتىمقى ئىراننى چەكلەش كېلىشىمىگە 15دۆلەت قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگومۇ بار. ئۆزىگە يېقىن بۇ رايونغا ئەزەلدىن چىشىنى بىلەپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تەسىرچان دۆلەت روسىيەمۇ قاتنىشىشتىن چەتتە قالالمىدى. دېمەك، پارس قولتۇقىدىكى مەسىلىلەر قانداقتۇر بىر زومىگەر دۆلەتنىڭ مەسىلىسى ئەمەس بەلكى ھەرقانداق بىر كۈچلۈك دۆلەت ئۆز ئالدىغا ھۆددىسىدىن چىقمىقى تەس بولغان، ھەرتەرەپلىمە ئامىلغا چېتىشلىق مەسىلە بوپكەلدى دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقى قاراش بىلەن گىرەلەشكەن مۇنداق قاراشمۇ دىققەتكە سازاۋەردۇر. بۇ قاراش بويىچە بولغاندا، ھازىرغا قەدەر قانداقتۇر بىر زوراۋان كۈچلۈك دۆلەتنىڭ پارس قولتۇقى ئەللىرىنىڭ نېفىتىنى ئۆز ئالدىغا مونوپول قىلىۋالغان، خەلقئارا نېفىت تەشكىلاتى بەلگىلەپ، تەڭشەپ تۇرۇۋاتقان نېفىت باھاسىنى زورلۇق بىلەن ئۆزگەرتىپ، ئۆز ئالدىغا باھا چىقىرىپ ئالغىنىنىڭ مىسالى كۆرۈلگىنى يوق. ئەگەر نېفىت زومىگەرلىكى راستتىنلا مەۋجۇد بولغان بولسا،1950-يىللارنىڭ ئالدىدا ئاشۇ قولتۇقتىكى نوقۇل يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ، سەدەپ، مەرۋايىت تېرىش بىلەن تەبىئىي تىرىكچىلىك قىلىدىغان ئەينى ۋاقىتتىكى بىر قىسىم كەمبەغەل ئەللەر نەچچە ئون يىلغا يەتمەيلا بۈگۈنكىدەك «يولدا ئالتۇن كۆرسىمۇ كۆز قىرىنى سالمىغىدەك» دەرىجىدە چەكسىز بېيىپ كېتەلەرمىدى؟ سەئۇدىي ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، قاتار، بەھرەين... قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھەممىسىلا ھازىرغىچە تىنچ، بىتەرەپ سىياسەت يۈرگۈزۈپ، نەتىجىدە دۇنيادىكى ئەڭ باي 15ئەلنىڭ ئىچىگە كىردى. ئەگەر قارا نىيىتى ئۇرغۇپ تۇرغان سابىق سەددام ئىراق ھاكىمىيىتى ئەتراپىدىكى ئەللەرگە ئۇرۇش ئاپىتىنى تاڭمىغان بولسا، ئىراقمۇ تېخىمۇ بېيىپ كەتكەن، ھازىرقىدەك پاجىئەلىك ھالغا قالمىغان بولار ئىدى. بۇ ئەللەر تىنچ،ئۆزىنى گۈللەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان سىياسەتنى ئىزچىل يۈرگۈزسىلا ، مۇقىم ۋەزىيەتنى ساقلاپ، داۋاملىق بېيىپ كېتىۋېرىدۇ. زوراۋان دېيىلگەن باشقا كۈچلەرنىڭ ئارىلىشىشىغا بوشلۇقمۇ، ھاجەتمۇ قالمايدۇ. شۇڭا بۇ رايوندىكى مەسىلە سۈرۈشتۈرۈپ كەلگەندە ، مۇشۇ رايوندىكى ئەللەرنىڭ ئۆزىدىن كېلىپ چىققان، قانداق سىياسەت يۈرگۈزۈشكە باغلىق مەسىلىدۇر، دەپ تەپەككۇر قىلىشىدۇ. دېمەك، پارس قولتۇقى مەسىلىسىدىكى بىرىنچى خىل قېلىپلاشقان ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ قارشىسىدىن چىقىرىلغان كېيىنكى ئىككى خىل دادىل يېڭى قاراشمۇ ئويلىنىشقا ئەرزىيدۇ.

يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بۇ، سابىق ئىراق سەددام ھاكىمىيىتى بىر تەرەپ قىلىنغاندىن كېيىن چاۋشيەن ۋە ئىراننى چۆرىدىگەن ھالدا قايتا قوزغالغان قىزىق تېما- مۇھاكىمە، يېڭى دۇنياۋى تېمىلارنىڭ بىرى. «سەندە بار نەرسە مەندە بولسا ، نېمە ئۈچۈن بولمايدىكەن؟» بۇ، قارىماققا ئەزەلدىن يوللۇق بوپكېلىۋاتقان سوئال. بۇ ھەقتە كىشىلەر ھەرخىل مەقسەت، ھەرخىل ھېسسىياتنى چىقىش قىلىپ پىكىر يۈرگۈزۈشىدۇ. ئېيتايلى، بىرىنچى خىل قاراشتا بەزىلەر «چوڭ دۆلەتلەر يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولغانىكەن، ئىقتىدارى يەتكەن ئادەتتىكى دۆلەتلەر ئىگە بولسا نېمە ئۈچۈن بولمايدىكەن» دەپ قارىشىدۇ. ئەمما بۇنىڭ قارشىسىدىن بەزىلەر مۇنداق قاراشنى «ئادەتتىكى، ئىقتىسادى نىسبەتەن ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرنىڭ يادرو قوراللىرى ياسىشىنىڭ پايدىسى يوق. غايەت زور مەبلەغنىڭ ھەربىي ساھەگە يۆتكىۋېتىلىشى دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا پاسسىپ ئامىللارنى پەيدا قىلىدۇ.خەلقنىڭ ئۈستىدىكى يۈكنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەڭ يامان يېرى، بەزى ئەسەبىي كىشىلەر ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان دۆلەتلەر يادرو قوراللىرىغا ئىگە بوپقالسا، دۇنيانى يادرو ئۇرۇشىنىڭ ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىشى ئېھتىمال. شۇڭا، يادرو قوراللىرىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش ئىنسانىيەتكە پايدىلىق» دەپ قارىشىدۇ.

www.uyghurkitap.com

مۇشۇ ئىككىنچى خىل قاراش بىلەن گىرەلەشكەن ئۈچىنچى خىل يادرولۇق قاراشتىكىلەر بولسا: «يادرو قوراللىرى ئىلگىرىلا يادرو قوراللىرىغا ئىگە بولغان چوڭ دۆلەتلەر دائىرىسىدىلا بولغىنى ياخشى. يادرو قوراللىرىنى ئەمدى كېڭەيتىۋېتىشكە بولمايدۇ. چوڭ دۆلەتلەر ئۆز قوللىرىدىكى يادرو قوراللىرى ئارقىلىق بىر ـ بىرىگە تەھدىت هاسىل قىلىپ، بىر ـ بىرىنى چەكلەپ، يادرو ئۇرۇشىنىڭ پارتلاش ئېھتىمالىنى تىزگىنلىشى، ئاخىرقى ھېسابتا يادرو قوراللىرىغا خاتىمە بېرىشكە قاراپ يۈزلىنىشى مۇمكىن» دېيىشىدۇ. 1945 ـ يىلى ئامېرىكا ياپونىيىگە ئاتوم بومبىسى ئىشلىتىپ، ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقىمۇ ئاتوم قورالىنى ياسىدى. 1950 ـ يىلى باشلىنىپ، بىرنەچچە يىل داۋام قىلغان چاۋشيەن ئۇرۇشىدا ئامېرىكا ئاتوم بومبىسى ئىشلەتمىدى. ئۇرۇش مۇنتىزىم قوراللار ئۇرۇشى بولدى. چۈنكى، ئېھتىمال بۇ يەردە جۇڭگو ۋە چاۋشيەن بىلەن بىر ئېتىقادىي سەپتىكى (سابىق) سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ قولىدىكى ئاتوم بومبىسى بۇ ئۇرۇشنىڭ ئاتوم قورالىدىن مۇستەسنا بولۇشىدا چەكلەش رولىنى ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن.

خوش. دېمەك يۇقىرىقى ئەقەللىي مىساللار بىزگە بىر خىل قىلىپلاشقان ئەنئەنىۋى(نوپۇزلۇق)قاراشقا ئۆلۈك هالدا مىخلىنىپ قالماسلىقنى ، ھەرقانداق بىر ھۆكۈم ئۈستىدە يەنە قايتا تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، يېڭى ھۆكۈمگە يەنە ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە ئويلىنىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتىدۇ.

شۇنداق. مۇشۇ ھەرخىل تەپەككۇر هاسلاتى ئىچىدىن ئەڭ ئەقلىي ۋە توغرا ھۆكۈم مەيداندا هامان مەزمۇت پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ.

## تەپەككۇر مۇئەييەن ئېتىقاد قارىشىدىن ھالقىپ ئۆتۈشى كېرەكمۇ ـ يوق؟

كىشىلەر ھەرخىل ئېتىقاد ۋە سىياسىي تۈزۈلمىگە ئىگە جۇڭگو، روسىيە، قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تۈركمەنىستان،تاجىكىستان قاتارلىق يەتتە دۆلەتنىڭ «شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى»غا قاتناشقانلىقىنى بىلىدۇ. مانا مۇشۇ يېقىندىلا ئۇنىڭدىنمۇ كەڭرى بولغان ھەرخىل ئېتىقاد ۋە سىياسىي تۈزۈلمىگە ئىگە 15دۆلەت ئىرانىنى بىرلىكتە چەكلەش كېلىشىمىگە قاتناشتى. بۇنىڭ ئىچىدە جۇڭگومۇ ، ئوتتۇرا شەرقتە ئىلگىرىكى تەسىر دائىرە جۇشنى قايتا كۆرۈش نىيىتىدىن يانمايدىغان روسىيەمۇ قاتنىششقا مەجبۇر بولدى. رېئال تەپەككۇر قىلىنسا، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى مۇئەييەن ئېتىقاد(دىنىي ۋە سىياسىي ئېتىقاد)تىن كۆرە مۇئەييەن سىياسىي مەنپەئەت ئۈستىگە قۇرۇلغان دېگەن ھۆكۈمگە كەلمەي مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنىڭغا قارىغاندا، بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزنىڭ نوقۇل ئېتىقادىي قاراشتىن ھالقىپ كېتەلمەسلىكى بىردىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي شۇنداقلا مەدەنىيەت تۈپكى قاتماللىقنىڭ بىر مەنبەئىمۇ ـ قانداق؟ ھازىرقى دۇنيادا نوقۇل هالدىلا ئېتىقاد قارىشىنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىش، ھەممىنى دىنىي ئېتىقاد ئۆلچىمى بويىچە باھاغا ئىگە قىلىش پەقەت بىز ئۇيغۇرلاردىلا مەۋجۇد بوپكېلىۋاتقان سىياسىي ساددىلىقمۇ ـ قانداق؟

روشەنكى، تەپەككۇردا بىرخىللىقتىن ھالقىپ كېتەلمىگەن، تەپەككۇردا نامرات ، پەلسەپىسىز مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئېنىق سىياسىي نىشانسىز مىللەتلەردۇر. بۇنداق خەلقنىڭ كۆپلىگەن شەيئى ئۈستىدە توغرا ۋە بىرلىككە كەلگەن ھۆكۈم هازىرلىمىقى تولىمۇ تەسكە توختايدۇ. بىر نۇقتىدا جاھىلانە تىرەجەپ تۇرۇۋېلىش ئاخىرقى ھېسابتا كىمگە زىيانلىق؟

## سۈكۈت مۇئەييەن تەپەككۇرنىڭ نەتىجىسىمۇ ـ يوق؟

سۈكۈت مۇئەييەن تەپەككۇردىن شەكىللەنگەن ھالەت. چوڭقۇر دەريانىڭ ئۈستىدىكى يۈزىنىڭ ئېقىمى تىنچ، ئاستىنقى ئېقىمى شىددەتلىك بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ سۈكۈتتە قېلىشى مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ ئەڭ خەتەرلىك ھالەتكە مەھكۇم قىلىنغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئىنسانلارنىڭ سۈكۈت ئىچىدە قېلىشى قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ پارتلاش هارپىسى. چوڭ ئۇرۇش ئالدىدىكى ساختا تىنچ هالەت تىنچلىق ئەمەس. ئوخشاشلا ئىنسانىيەت دۇنياسىدىكى خىلمۇخىل زىددىيەت مەركەزلەشكەن مۇئەييەن جەمئىيەت ئاپپاراتلىرىنىڭ زىددىيەتلەردىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، زىددىيەتلەرنى سۈنئىي جىمجىتلىق ئىچىگە يوشۇرۇشى خەۋپلىك ھالەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جىمجىتلىق ـ سۈكۈت ماھىيەتتە ئاشكارىلىق بولمىغان بىرلا خىل سىياسىي تەشەببۇسلۇق جەمئىيەتنىڭ مەھسۇلى . ئەكس هالدا جانلىق، خىلمۇ خىللىق ئىچىدىكى جۇشقۇن، مۇنازىرە قاينىغان جەمئىيەتنىڭلا ھاياتىي كۈچى زور بولىدۇ. كۆپىنچە هالدا ئۇلۇغ قۇرۇق گەپ، ساختا مەدھىيىلەردىن كۆرە ئاچچىق پىكىر، مۇئەييەن قارشى پوزىتسىيىلەر رېئال ئەمەلىيەتنىڭ ئىنكاسى بولىدۇ. بەلگىلىنىدىغان توغرا سىياسەت ۋە سىياسىي تەدبىرلەر دەل ئەنە شۇنداق ئاچچىق ئەمەلىي ئىنكاسلاردىن كېلىدۇ. سىياسىي تۇرغۇنلۇق، بۇرۇقتۇرمىلىقنى بۇزۇۋېتەلىگەن ، قارشى نۇقتىدىن تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە ئىلھام بېرەلىگەن جەمئىيەتلەرلا ھەقىقىي رەھبىرىي تېپىلىق جەمئىيەت ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، دېموكراتىك

تۇرمۇش بۇزۇلغان، ئاممىۋى نارازەت چەتكە قېقىلغان، ئەشەددىي ھوقۇقچىلىق، مۇستەبىت كۈچ زوراۋانلىقى چەكتىن ئاشقان زېمىنلاردا كىشىلەرنىڭ ھەرتەرەپلىمە ئىنسانىي ھوقۇقلىرىنى قوغداش يوللىرى تەھلىكە ئاستىدا قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر غەزەپ-نەپرىتىنى سۈكۈت ئىچىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. مۇئەييەن پەيتتە ئۇ ھامان ۋولقاندەك پارتلاپ چىقىدۇ. ئەپسۇسكى، دۇنيادا بىر قىسىم يېتەكچى تېپىنىڭ شەيئىلەر ھەققىدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلى يېپىقلىققا مايىل بولغاچقا، بۇنداق سۈكۈتنى «تىنچلىق»دەپ ئۆز-ئۆزىنى ئالداپ تەسەللى تېپىشقا ئادەتلەنگەن.

## دېموكراتىك تەپەككۇر تارىخىي يىلتىزغا ئىگە

روشەنكى، دېموكراتىك تەپەككۇرنىڭ ئۇچىقى ياۋروپا. ئۇ، ياۋروپادا چوڭقۇر تارىخىي يىلتىزغا ئىگە. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ئاساسىي ئېقىمى بولغان دېموكراتىيە ئاشۇ تارىخىي مەنبەنىڭ تەرەققىياتىنىڭ نەتىجىسى.

خەلق ھوقۇقى مەسىلىكى ئىدىيىسى ۋە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى مىلادىدىن ئىلگىرىلا قەدىمكى رىمدا بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى رىم جۇمھۇرىيىتىدە دېموكراتىيىنىڭ دەسلەپكى شەكلى قۇلدارلىق جەمئىيەت دېموكراتىيىسى تۈزۈمى ئىدى. كەڭ رىم پۇقرالىرى مەيلى ئۇ ئادەتتىكى ئاۋامدىن كېلىپ چىققان بولسۇن ياكى ئاقسۆڭەكلەر تەبىقىسىدىن بولسۇن جەڭ مەيدانىدىن ئىبارەت ھايات-ماماتلىق سىنىقنى بېشىدىن كەچۈرەتتى. دەھشەتلىك جەڭ مەيدانىدا كۆرسەتكەن باتۇرلۇقىغا يارىشا تەقدىرلىنەتتى، ئۆستۈرۈلەتتى. دۆلەتنىڭ پۈتكۈل ھوقۇقى ئاقسۆڭەكلەر كېڭىشى يەنى سىناتتا ئىدى. سىنات دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ھوقۇقنى بىر ئادەمگە مەركەزلەشتۈرۈش ئەمەس بەلكى ئىككى كونسۇل ئارقىلىق بىر-بىرىنى چەكلەپ، ئۈنۈملۈك دۆلەت باشقۇرۇش مېخانىزمىنى بەرپا قىلغانىدى. كونسۇللارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى بىر يىلدىن ئاشمىغان. مەيلى ئۇ قانداق خىزمەت كۆرسىتىشتىن قەتئىينەزەر يېڭىلىنىپ تۇراتتى. بۇنداق باقىمەندىلىكتىن خالىي، شۇنداقلا ھوقۇقنىڭ ئىككى تەرەپكە تەقسىملىنىشى ئاشۇ قەدىمكى زامان ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكى دەۋر ئۈچۈنمۇ رېئال ساۋاق قىلىنىش قىممىتىگە ئىگە. دەل مۇشۇنداق مەنبە بولغاچقا ياۋروپادا دۇنيانىڭ باشقا قۇرۇقلۇقلىرىغا نىسبەتەن بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى بۇرۇن باشلاندى ۋە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىدىيىسى ئالدىن شەكىللەندى. نەتىجىدە بۇھالەت ياۋروپادا دېموكراتىيە ئىدىيىسىنى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىلغارلىققا، ئاممىۋىلىققا ئىگە قىلىدىغان تەپەككۇرنىڭ راۋاجلىنىشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلىدى. ئاقىۋەت دۇنيانىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولغان دېموكراتىيە، ئىنسان ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىك شوئارلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولدى.

«غەربتە بىلىم كۈچ، شەرقتە ھوقۇق كۈچ» (مەسئۇل مۇھەررىردىن) دېگەندەك، ئاسىيادا بولسا تاكى 20-ئەسىرنىڭ خېلى بىر مەزگىلىگىچە يەنىلا پادىشاھلىق ھاكىممۇتلەقلىق تۈزۈمى ساقلىنىپ كەلدى. بۇنداق فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈم ھالىتىنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىشى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى تېخى ھازىرقى ئاسىيادىكى يېڭى دېموكراتىك ئەللەردە تۈگەپ كەتكىنى يوق. بۇ ھالەت جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پايدىسىز ئامىللارنى تېڭىپ تۇرماقتا. ھوقۇق مەسىلىكى — ھوقۇقچىلىق ئاسىيادا يەنىلا بەلگىلىك ئېغىر تەسىرگە ئىگە. ئۇ، دېموكراتىك تەپەككۇرنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىپ، دېموكراتىيىنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈملىنىشىگە توسالغۇ بولۇپ تۇرماقتا. بىمەنە، لوگىكىسىز سەپسەتىلەر دەۋران سۈرمەكتە. شۇڭا بىز ئاسىيالىقلارغا نىسبەتەن ماھىيەتلىك دېموكراتىك تەپەككۇرنى ئىزچىللاشتۇرۇش يوللىرىنى تېپىش، شەكىللەندۈرۈش، دېموكراتىك ۋاستىلەرنى راۋاجلاندۇرۇپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئاۋامنىڭ قولىدىكى قورالغا ئايلاندۇرۇش — جەمئىيەتنى تۈزەپ، ئىجتىمائىي ئادىللىققا ھەقىقىي يول ئېچىشتا يەنىلا ھەل قىلغۇچى مۇھىم مەسىلىدۇر. مۇشۇنداق بىر ئۆزگىرىش قىلالامدۇق-يوق؟ شەكىلسىز ۋە شەكىللىك توسالغۇلار يەنىلا كۈچلۈك. بىز ئاسىيالىقلار باشقا دۇنياغا سېلىشتۇرۇپ تەپەككۇر قىلىپ باقايلى. «سىياسىي مەدەنىيلىك» جەمئىيەت ئاتموسفېراسىغا ئايلانغان داغدام يولغا چىقىش ئۈچۈن بىزگە نېمىلەر كېرەك؟

## تەپەككۇر ئۇسۇلىغا ئېنىقلىما بېرىش كېرەك

بىز ئۆزىمىزگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان تەرەققىيات مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا تەپەككۇرنى قانداق ئايرىيمىز ۋە قىلىمىز؟ روشەنكى، 1. مۇشۇ بىرنەچچە يۈز يىلدىن بۇيان ياۋروپانى تەرەققىياتنىڭ ئاۋانگارتىغا ئايلاندۇرۇپ كەلگەن تەپەككۇر ئوڭ تەپەككۇردۇر، تەرەققىياتقا پايدىلىق ھاسىلات ئېلىپ كەلگەن توغرا تەپەككۇردۇر. دەل مۇشۇنداق ئوڭ، توغرا تەپەككۇر ئۇلارنى پەلسەپىلىك سىياسىي مىللەتلەرگە ئايلاندۇردى. ھېتلېرچە كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى، چىرىكلىك، پارىخورلۇق، يالغان-شەكىلۋازلىققا يول ئاچقۇچى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى دەل تەتۈر، خاتا تەپەككۇردۇر.

2. توغرا تەپەككۇر سەممىي، راستچىل خاراكتېرنىڭ ئىپادىسى، شەيئىلەر تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سەممىي خاراكتېر توغرا تەپەككۇرنى بەلگىلەيدۇ. سۆزى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمايدىغان مۇناپىق-كاززاپ كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى ئەڭ

سەممىيەتسىز تەپەككۇر. يالغانچى، ساختا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى شەخسىيەتچىلىككە ئاساسلانغان تەتۈر تەپەككۇردۇر.

3. خەتەرلىك تەپەككۇر مۇستەبىتلىك خاھىشىنىڭ كىشىلەرنىڭ ھەتتا مېڭە توقۇلمىلىرىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان تەپەككۇر ئۇسۇلىدۇر. بۇنداق تەپەككۇر قوماندانلىقىدىكى كىشىلەر كىشىلەرنى تار رامكا ئىچىگە بەند قىلىدىغان تەپەككۇرگە زورلايدۇ. ئىجادچانلىقنى چەكلىمىگە ئۇچرىتىدۇ. سانسىزلىغان بولغۇسى ئىقتىدار ئىگىسىنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىقتىدار ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئىلماي ، قارىغۇلارچە ھەرىكەت قوللىنىدىغان بۇنداق خەتەرلىك تەپەككۇر يېتەكچىلىكى نەدىلا بولىدىكەن، شۇيەردە كىشىلەرنىڭ يېڭىلىق ياراتمىقى ناھايىتى ئاستا بولىدۇ.

4. تەسىرلىشىشكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش تەپەككۇردىكى بىر مۇھىم مەسىلە. خىلمۇخىل خەلق، خىلمۇخىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى ـــ مانا بۇ دائىم كىشىلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان تېما. ئىجتىمائىي تەسىرلەرنىڭ ھەرخىللىقىغا بىنائەن، تەبىئىيكى، تۈرلۈك خەلقتە ئۇنىڭغا تۇتۇلىدىغان مۇئامىلىدىكى تەپەككۇر ئۇسۇلىمۇ مۇئەييەن خاسلىققا ئىگە بولىدۇ. تۈرلۈك خەلقتە ئۇزۇن تارىخىي جەرياندا سىڭىشىپ شەكىللەنگەن مىللىي ئادەت كۈچلىرى ئوخشاش بىر مەسىلە ئۈستىدە ئوخشىمىغان تەپەككۇر پەرقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن: مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىنىڭ مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت بىلەن ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتى، ئېتىقاد بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇناسىۋىتى ، شەخس بىلەن ئومۇمنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە باشقىلار.

زامانىمىزدا ھەرقانداق بىر مىللەت ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن بىر كۈچلۈك ئېتىقاد ئارقىلىق خىلمۇخىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرىنىڭ تەسىرىنى تولۇق چەكلەشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ. مەدەنىيەت قورۇمچىلىقىنىڭ زۆرۈرىيىتىمۇ، پايدىسىمۇ يوق. چۈنكى بىز ھەممىمىز ئاشۇ دۇنياۋى ھاۋانىڭ ئىچىدىن نەپەسلىنىۋاتىمىز. ھازىرغىچە دۇنيادىكى ھېچقانداق بىر خەلق، مەيلى ئۇ قايسى دىنىي ئېتىقادقا تەۋە بولمىسۇن، ئايرىلىمەن دەپمۇ ئەمەلىيەتتە بۇ ھاۋادىن ئايرىلالىغىنى يوق. شۇڭا بىز ئامال بار ئۆز ـ ئۆزىمىزگە ئىگە بولغان ھالدا ئاشۇ ھەرخىل مەدەنىيەت قۇرۇلمىلىرىغا ئىجابىي نۇقتىدىن قارشى ئېلىش پوزىتسىيىسىدە بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. تۈرلۈك خەلقنىڭ ئارىلىشىپ ياشىشى بۈگۈنكى دۇنيانىڭ بىر ئالاھىدىلىكى. شۇڭا، ئەلۋەتتە بەزى تەسىرلەردىن ھوشيار بولۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئەگەر كونكرېت ئايرىپ ياخشى ـ يامان ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىنمىسا ، باشقىلارنىڭ ناچار ئادەت كۈچلىرىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىپ قالىدىغان گەپ. شۇڭا تەسىر قوبۇل قىلغاندا ئەقلىي تەپەككۇرنى ئىشقا سېلىش، نېمىنىڭ توغرا ئادەت، نېمىنىڭ خاتا ئادەت ئىكەنلىكىنى ئالدى بىلەن ئايرىۋېلىش ، ئۆزىمىزنىڭ نېمىلەرنى قەتئىي ساقلاپ قېلىشىمىز، نېمىلەرنى شاللىۋېتىشىمىز كېرەكلىكىنى ئويلىشىمىز كېرەك. بەزى تەپەككۇر ئۇسۇللىرى تولىمۇ خەتەرلىك. ئۇنى ئۆگىنىشكە، قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئەمما بىز يەنىلا شۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە تۇرىۋاتىمىز. مەسىلەن: ئىقتىدارنى نابۇت قىلىۋېتىدىغان قاتمال مائارىپ تەپەككۇر ئۇسۇلى. ئۇ تار مىللىي رامكا، فېئوداللىق ئۆگىنىش ـــ تەربىيە ئۇسۇلىدىن مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك. بىزنىڭ تەسىرلىنىش مەسىللىرى ئۈستىدە قىلىدىغان تەپەككۇرىمىز دەل ئۆزىمىزنى مەركەز قىلىشنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، مۇشۇنداق ھادىسىلەرنىڭ شاكىلى بىلەن مېغىزىنى ئايرىش ئۈچۈن بولىدۇ.

## تەپەككۇردىكى ئەڭ جاھىلانە ھادىسە بىغەرەز تەپەككۇردۇر

بۇ كۆپىنچە مەدەنىيەت بىلەن ئېتىقادنىڭ مۇناسىۋىتى، مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە كۆپرەك ئۇچرايدۇ. بىغەرەز تەپەككۇر ئېتىقاد بىلەن تەرەققىياتنى، مەدەنىيەت بىلەن ئەنئەنىنى ئۆزئالاھىدە خاسلىقى بويىچە ئايرىپ مۇئامىلە قىلىش زۆرۈرىيىتىنى چەتكە قاقىدۇ. ئۇلارنى ئومۇمەن بىر ـ بىرىگە قارشى قويۇۋالىدۇ. بولۇپمۇ ھەممىلا مەدەنىيەت ھادىسىسىنى ئېتىقاد ئۆلچىمى بويىچە بىرتەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرىۋالىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيانىڭ ماددىي مەزمۇنى بوپقېلىۋاتقان زامانىۋى تەرەققىياتنىڭ بارلىق ئېلېمېنتىدىن ھەرقانداق ئېتىقادتىكى ئىنسانلار قېچىپ مۆكۈۋالىدىغان بىرەر بۇلۇڭ ـ پۇچقاقنىڭ يوقلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق پاكىتقا ئارقىسىنى قىلىپ تۇرىۋالىدۇ. ھەتتا ئۆزىنىڭ پۈتكۈل جىسمىدىكى مەۋجۇد نەرسىلەرنىمۇ ئېتىراپ قىلماي تۇرىۋالىدۇ. مەسىلەن: رادىئو، تېلېۋىزور، كومپيۇتېر، ئەقەللىيسى، ئاشۇ ئادەتتىكى پولات مىخ، كىچىككىنە يىڭنىدىن تارتىپ ئۇچىسىدىكى كاستۇم ـ بۇرۇلكىمۇ دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يېڭىلىقى، مەدەنىيەتلەر تەسىرىنىڭ نەتىجىسى بولسىمۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ، ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ ـ يۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدۇ. ئاشۇ چەتنىڭ ھەرزامانەم ئۆزلىرى بىلەن بىللە بولۇۋاتقان «نەپرەتلىك»مەدەنىيەتلىرى، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋېتىپ ئورنىغا ئۆزىنىڭ يارىشىملىق ئەنئەنىۋى مىللىي كىيىملىرىنى كىيىشنى خالىمايدۇ. سىز بۇ نۇقتىنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىز ھەرگىز قوبۇل قىلمايدۇ. مانا بۇ زىددىيەتكە تولغان روھىي ھالەت

www.uyghurkitap.com

تەپەككۇرى ھەقىقەتەنمۇ بىغەرەز تەپەككۇرنىڭ ھاسىلاتىدۇر.

## ئېتىقاد بىلەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مۇناسىۋىتى

بۇ، نۆۋەتتە بىز ئەستايىدىل تەپەككۇر قىلىپ، توغرا ۋە مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا زۆرۈرىيەت بولۇپ تۇرۇۋاتقان مەسىلىدۇر. بۇ ھەقتىكى تەپەككۇر كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى ئاڭ قۇرۇلۇشىدا ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ھاسىلات پەيدا قىلىشى كېرەك. ياۋروپانى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئىلگىرى باستۇرغان ئامىل مارتىن لۇتېرنىڭ دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە تەبىئىي پەنلەردىكى زور بايقاشلاردۇر. بۇ ئىككى ئامىل ياۋروپالىقلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئېتىقاد ئېڭىدا زور بۆرۈلۈش ھاسىل قىلىپ، دىن بىلەن سىياسىينى ئايرىۋېتىش، ئېتىقاد بىلەن تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن زىددىيەت ھالىتىنى توغرا، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشقا زېمىن ھازىرلىغانىدى.

بىز ھازىر دىنىي ئىسلاھات ھەققىدە ئېغىز ئېچىشتىن يەنىلا يىراقتىمىز. ئېتىقادىي ئاڭدا ئەقەللىي ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىش تەشەببۇسلىرىمۇ ئېتىقادىي ئاڭنىڭ جاھىلانە قارشىلىقىغا دۇچ كەلمەكتە. بىر تەرەپ: بىر خەلقتە چوقۇم مۇئەييەن ئېتىقادمۇ بولۇشى، مۇئەييەن تەرەققىيات يولىمۇ بولۇشى زۆرۈر، بۇلار بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، دېسە، يەنە بىر تەرەپ: ھەممىدە ئېتىقاد بىرىنچى، ھەممىلا نەرسە ئېتىقادقا بويسۇنۇشى كېرەك، دېمەكتە. مىڭ يىلدىن بۇيان نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇرنىڭ ئورنى توختام سۇدەك بوپكەلدى؟ باشقىلار ئالدىغا ماڭغانسېرى، ئۇيغۇرنىڭ ھالى خارابلىشىپ كەينىدە قېلىۋەردى؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرى ھەققىدە جانلىق تەپەككۇر قىلغۇچىلار : سەۋەب ئومۇمەن ئېچكى ئامىلدا. ھەممىدە بىرتەرەپلىمە ھالدا ئېتىقادنى ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، بۇ يورۇق ئالەمنىڭ ئىشلىرىنى باشقىلاردەك چىڭ تۇتۇپ قىلمىغىنىمىزدا. باشقىلار ئېتىقاد بىلەن تەرەققىياتنى تەڭ تۇتتى. ئىسلاھ قىلدى، ئۆزگەرتتى. شۇڭا تەرەققىي قىلدى. بىز بولساق مىخلاپ قويغاندەك بىر تەرەپكىلا يېتىۋالدۇق. غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمىدۇق. ئالدىغا مېڭىشنى خالىماي، قاشاڭ ئاتتەك ئارقىغا داجىپ تۇرۇۋالدۇق. ھازىرمۇ يەنىلا دۇنيا بىلەن كارىمىز بولماي ئۆتمۈشكە سېغىنىپ خىيالىي دۇنيا ئىچىدە ياشاۋاتىمىز. بىز سەۋەب قىلىشقا، تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە ھۇرۇنلۇق قىلغاچقا، بىزنىڭ بۇ يورۇق ئالەمدىن ئالىدىغان نېسىۋىمىز باشقىلاردىن كۆپ ئاز بولماقتا. شۇڭا ھالىتىمىزنى ئۆزگەرتىمىز دېسەك جەزمەن ئېتىقادىي ئاڭدا ئىنقىلاب قىلىشىمىز كېرەك، دېيىشمەكتە.

شۇنداق. ھەربىر خەلق بۇ دۇنيادا ئۆزئارا تەسىرلىشىشتىن مۇستەسنا ئىلگىرى باسالمايدۇ. بىز ئۆزىمىزگە پايدىلىق بولغان مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى قوبۇل قىلىشتا قاتمال، قاشاڭ ھالەتتە تۇرۇۋاتىمىز. بىز يېڭىلىق قوبۇل قىلىشتا ئەتراپىمىزدىكى ھەممىلا مىللەتنىڭ كەينىدە تۇرۇۋاتىمىز. نۆۋەتتە زادى بىزگە قايسىسى پايدىلىق ئىكەن؟ زادى ھەممىدە ئېتىقادنى ئۆلچەم قىلىۋېلىپ، باشقا ھەممىنى چەتكە قېقىشمۇ ياكى بىر قولدا ئېتىقادنى، يەنە بىر قولدا زاماننىڭ ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇشمۇ؟ سەممىيەت بىلەن ئىش قىلايلى. بولمىسا باشقىلار «سەندە يوق نەرسە بىزدە بار» دەپ ئۆز ئەۋزەللىكلىرىنى نامايىش قىلىپ، جەلپكارلىق بىلەن ئەزىز پۇشتلىرىمىزنى تارتىپ كېتىۋېرىدۇ. بۈگۈنكى دۇنيادا يەنىلا ئېشەك ھارۋىسىغا چىڭ يېپىشىۋېلىپ، ماشىنا، ئايروپىلانغا دۈمبىسىنى قىلىۋېلىش ئۆز پۇشتى — ئەۋلادلىرىغا قىلچە مەسئۇل بولمىغان بىلەن باراۋەر.

يەكۈن شۇنداق: مۇشۇ دۇنيادا بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم سېلىشنى راۋا كۆرگەن ئادەم ئېتىقادىغىمۇ مۇقەررەر زۇلۇم سالىدۇ.

## سانائەت بىلەن بىزنىڭ باغلىنىشىمىز زادى قانچىلىك؟

سانائەت ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ھەل قىلغۇچ ياشاش مەزمۇنلىرى زامانىمىزدا ئىجتىمائىيەتنىڭ ھەممە تەرىپى بىلەن چېتىلىدۇ. شۇڭا دەۋرىمىزدە سانائەت ۋە سانائەتلىشىش دەرىجىسىنىڭ قانداقلىقى بىر خەلقنىڭ زامانىمىزدىكى ھەر تەرەپلىمە ئورنىنى شەرتسىز كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بارومېتىردۇر. بىز ئۆزىمىزگە، جەمئىيەتتىكى ئورنىمىزغا باشقىلار ئالدىدا جاۋاب بەرگەندە ئاشۇ ئۆلچەمنى تونۇشىمىز، شۇ ئۆلچەم بويىچە ئېرىشىلىدىغان باھانى ئېتىراپ قىلىشنى راستچىللىق دەپ كەسكىن مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز كېرەك. ئۇنداقتا، سانائەتلىشىش بىر خەلققە نېمىلەرنى ئېپكېلىدۇ؟

مەلۇمكى، زامانىمىزدىكى قۇدرەت تاپقان باي، مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى سانائەتلەشكەن خەلقلەردۇر. سانائەت قوشۇنىدا بىر مىللەتنىڭ ئىقتىساد، ئىلىم-پەن، تېخنىكا ۋە ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ، ساپا ھالىتى ئوبرازلىق ئەكس ئېتىدۇ. شۇڭا سانائەتلەشمىگەن خەلقلەرگە نىسبەتەن سانائەتلەشكەن خەلقلەرنىڭ زامانىمىزدىن ئالىدىغان نېسىۋىسى چوڭ بولىدۇ. شۇڭا ئېچىلغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى سانائەتتىن ئىبارەت بۇ زامانىۋى رىقابەت مەيدانىغا ئۆزىنى ئۇرىدۇ. بىز يۇقىرى سانائەتلەشكەن ياۋروپا، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىقلارنى دېمەيلا قويايلى، جۇڭگونىڭ بېيجىن، شاڭخەي، گۇاڭجۇ، شېنجېن ۋە باشقا چوڭ سانائەت شەھەرلىرىدىكى ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى، رايونىمىزدىكى ئۇرۇمچى،

قاراماي، مايتاغ، پوسكام قاتارلىق سانائەت بازىلىرىدىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ۋە باشقىلار بىلەن ناتورال ـ تەبىئىي ئىگىلىكتىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش، تەربىيىلىنىش، مەدەنىيەت ساپا دەرىجىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، پەرق قانچىلىك؟ ئەگەر بىر خەلق زامانىمىزنىڭ مۇشۇ دەۋرىدە يەنىلا %80 ـ %90 كىچە يەرگە باغلىنىپ ياشىسا ، سانائەت ۋە سانائەتلىشىش ھەققىدە ئويلانمىسا، ئىمكانىيەت ۋە سەۋەب ـ نەتىجە توغرىسىدا تەپەككۇر قىلمىسا، ھەققانىي ۋە ھەقلىق بولغان زامان نېسىۋىسىگە ئېرىشىش ھوقۇقىدىن يەنە نەچچە ئەۋلادقىچە مەھرۇم بولۇپ قېلىۋەرمەسمۇ؟ ھازىر بىزنىڭ بىر مەدەنىي خەلق دېيىشكە سالاھىيىتىمىز توشمايدۇ؛ باشقا خەلقلەر بىلەن مۇشۇ ھالىتىمىزدە ھەققانىي رىقابەت ۋە تەرەققىيات سۈرئىتى ھەققىدە گەپ ئېچىشقا سالاھىيىتىمىز توشمايدۇ. ئۆزىمىزنىڭ ۋە ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئەندىكى بەختى ئۈچۈن بىز ماڭىدىغان يول پەقەت بىرلا. ئۇ بولسىمۇ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، باشقىلار قاتارىدا سانائەتلىشىش ئىمكانىيىتى ۋە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش. بىز زادى شۇنداق قىلالامدۇق ـ يوق؟ ئىرادە كۈچىمىز قانچىلىك؟ مانا بۇ ئومۇمەن بىر خەلق ئالدىغا قويۇلىدىغان زامانىمىزنىڭ جىددىي تەپەككۇر تېمىلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

## ئىقتىساد ۋە بايلىق ھەققىدە ئەقىللىي ئۆزلۈك تونۇش بولۇشى زۆرۈر

ئىقتىساد ھەققىدە بىز بۇيەردە ئىنسانلار تەبىقە، دەرىجىلەرگە بۆلۈنۈشكە باشلىغان نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيانقى ئىزدىنىشلەر، ھازىرغىچە بولغان بۇ ھەقتىكى جەمئىيەت چوڭ قانۇنلىرى توغرىسىدا توختىلالمايمىز. بولۇپمۇ ئىنسانلار كاپىتالىزم جەمئىيىتىگە كىرگەندىن كېيىن جەمئىيەتشۇناس ئالىملار، ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەر جىددىي تەتقىقات ئېلىپ باردى. بۇنىڭ ئىچىدە ماركسنىڭ «كاپىتال»دېگەن ئەسىرى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگىدۇر. ئەمما بىز بۇنداق چوڭ تېمىلارنى ئىچكىرىلەپ تەپەككۇر قىلىپ باقمىدۇق. شۇڭا بىز بۇيەردە پەقەت تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى بايلىق چۈشەنچىسى ھەققىدىكى تەپەككۇر ھەققىدىلا توختىلىمىز.

بايلىق دېگەن نېمە؟ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ سىز بايلىقىڭىزغا مەڭگۈ باقمەندە بولالىشىڭىز مۇمكىنمۇ؟

بايلىق ئىنسانلاردا ئادەتتە ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىق دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ئەمدى مۇشۇ بايلىق ھەققىدىكى تەپەككۇردا كىشىلەر مۇنداق ئۈچ خىل ھالەت ئىلگىرى ياشايدۇ: بەزىلەر بېيىسىمۇ روھىي دۇنياسىمۇ ئومۇمەن تەڭ بېيىدۇ. بەزىلەر بېيىغان بىلەن روھى گاداي، قۇرۇق بولىدۇ. بەزىلەر باي ئەمەس، بايلىققا ئانچە ئىنتىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمما غايىچان، روھى باي كېلىدۇ. بىرىنچى خىلدىكى ئومۇمەن روھىمۇ تەڭ بېيىغان كىشىلەر قاتارىغا مىللىتىمىز ئىچىدىكى بەزى داڭلىق، مۇنەۋۋەر ئەر ـ ئايال كارخانىچىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. روھىي گادايلار قاتارىغا ۋاستە تاللىماي بايلىق توپلاشقا ئۇرۇنىدىغان پارىخور، خىيانەتچى، بۇزۇقچىلىق، ئەيش ـ ئىشرەت بىلەن پاراغەت قوغلىشىدىغانلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئۈچىنچى خىل كىشىلەر، يەنى غايە ۋە يۈكسەك روھنى ئەڭ زور بايلىق دەپ قارىغۇچىلارغا ئىدسون، كيۇرىي خانىم، ئېينشتېين، نوبېل كەبى تەبىئىي پەنلەر ئالىملىرىنى، ۋاشىڭتون، لىنكولن، ماركس، لېنىن، ماۋزېدۇڭ، كاستروغا ئوخشاش ئىجتىمائىي ئىنقىلابچىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ماددىي بايلىققا ئۆزىنى ئۇرمىغان. ھەقىقىي بايلىقنى ئۆزلىرىنى ئومۇمىي جەمئىيەت ئىچىگە قويۇپ، ھەممىگە ئورتاق بايلىق يارىتىشتىن ئىزدىگەن.

ئەلۋەتتە، ئىلگىرى بىرمەزگىل «شەرەپلىك كەمبەغەللىك» دەۋران سۈرگەن بىلەن ھازىر دوختۇرخانا دەرۋازىسى ئالدىدا جان بېرىدىغان گەپ. شۇڭا، ئەلۋەتتە بايلىق يارىتىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىش كېرەك. گەپ، پەقەت مەقسەت ۋە ئۇسۇلدا. ئېھتىمال غەربلىكلەر بىلەن شەرقلىقلەرنىڭ شەخسكە مەنسۇپ بولغان بايلىق ھەققىدىكى تەپەككۇرىدا خېلىلا پەرق بولۇشى مۇمكىن. بىلىشىمىزچە، گەرچە غەربلىكلەر ئىقتىسادتا بېيىپ كەتكەن بولسىمۇ، يەنىلا پۇلغا بېيىشقا ئۆزىنى ئۇرۇپ تۇرسىمۇ، يەنىلا ئومۇمەن ئىقتىسادچىل، تېجەشلىك ياشاش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەن. بۇ يىل (2006 ـ يىل) مارتتىكى بىر گېزىتتىن كۆرۈشۈمچە، تېخى ئانچە بېيىمىغان جۇڭگونىڭ پۇلدارلىرىنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك چىقىمى ياۋروپادىكى ئەڭ باي دۆلەتلەرنىڭ بىرسى بولغان ھوللاندىيىلىكلەر چىقىمىنىڭ تۆت ھەسسىسىگە توغرا كەلگەن. بايلىققا تويمىغان ئاچ كۆز كىشىلەرنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئۇيغۇرلاردىمۇ مۇنداق بىر تارىخىي رىۋايەت بار. پېرسىيە پادىشاھى كۇرس تاجاۋۇز قىلىپ دىيارىمىزغا كىرگەندە ، قوۋمىمىزنىڭ باتۇر ئانىسى تۇمارىس ئۇرۇشتا كۇرسنى ئەسىرگە ئالغىنىدا «بايلىققا تويمىغان بولساڭ مۇنۇنى ئىچ» دەپ ئاغزىغا ئېرىتىلگەن ئالتۇننى قۇيغانىكەن. دۇنيا بويىچە 1 ـ چوڭ باي ــ «كومپيۇتېر پادىشاھى»، ئامېرىكىلىق بىل گېتس ئۆزىنىڭ يىگىرمە نەچچە مىليارد دوللار پۇلىنى ئافرىقىنىڭ نامرات رايونلىرىنىڭ سەھىيە ئىشلىرىغا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىئانە قىلىۋەتكەن.

ھازىر ھەممىلا ئادەم ئامال بار بېيىش قايىنىمى ئىچىگە

www.uyghurkitap.com

كىرىپ كەتتى. بىبىش ئۇسۇلى ھەرخىل. تەپەككۇرمۇ ھەرخىل. كۆپىنچە «ئاق مۈشۈك، قارا مۈشۈك، چاچقان تۇتسىلا ياخشى مۈشۈك» — ۋاستە تاللىماسلىق ئومۇمىي ئەھۋال بولماقتا. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ھەرخىل تىپ بىبىش دولقۇنىدا ھەممىلا ئادەمگە ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. بىز بۇ ئالەمنىڭ ئۆتكۈنچى يولۇچىسى بولۇپ تۇرغىنىمىز بىلەن قانداق بىبىشىمىز، نېمىلەرنى ساقلاپ قېلىشىمىز، نېمىلەردىن ساقلىنىشىمىز، نېمىلەرگە بەدەل تۆلىشىمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزگە جىددىي زۆرۈر ئەمما ئېرىششىش ئىمكانىيىتىمىز تېخى بولمىغان نەرسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. ۋىجدان، مەسئۇلىيەت، مەجبۇرىيەت نۇقتىسىدا تۇرۇپ، جەمئىيەت بىلەن بىللە ئۆزىمىزنىمۇ بىر تەپەككۇر قىلىپ تەكشۈرۈپ باقساق بولىدۇ.

## تەپەككۇر مۇئەييەن قانۇنىيەت ئىلكىدە بولۇشى زۆرۈر

تەپەككۇردا ھەرگىز ساقەت قىلىشقا بولمايدىغان مۇھىم نۇقتا شۇكى، ھەرقانداق شەيئىنىڭ شەرتلىك، نىسپىي، ئۆتكۈنچى ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قائىدىدۇر. ئىچكى ۋە خەلقئارا ھەممەمىلكمۇ دەل ئاشۇ قائىدە چەمبىرىكىدىن چىقىپ كېتەلمەيدۇ. بۇ قائىدىدىن مۇستەسنا قىلىنغان تەپەككۇردىن چىقىرىلغان يەكۈن، ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىلا ئاخىرقى ھېسابتا خاتالىققا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا تەپەككۇردا ئاشۇ شەرتلەر ھەممىگە تەتبىقلىنىشى زۆرۈر. بۇ مەيلى ئادەتتىكى شەخسلەر بولسۇن، يازغۇچى، سىياسىيون ياكى مەنسەپدار بولسۇن، جەمئىيەتتىكى ھەممىلا ئەقىل ئىگىسىگە زىچ باغلانغان ئىستىقبالنى بەلگىلىگۈچتۇر.

ئەپسۇسكى، ھۆكۈمران كۈچلەر، ھوقۇق ئىگىلىرى كۆپىنچە دەل مۇشۇ قانۇنىيەتنى دىققەتتىن ساقىت قىلىدۇ. بۇنى ئىلمىي قانۇنىيەت سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىشتىن قاچىدۇ.ھوقۇق، ئىمتىياز، ھۆكۈمرانلىقنى ئۆتكۈنچى ئەمەس بەلكى مەڭگۈلۈكتەك ھېس قىلىشىدۇ. نەتىجىدە ئىجتىمائىي تەتۈرلۈك جەمئىيەت ھالىتى سۈپىتىدە داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئەمما ئاخىرقى نەتىجە نېمە بولىدۇ؟ بىلىشىمىز كېرەككى، دۇنيادا سوراقسىز ئىش بولمايدۇ. ئىشنىڭ باشلانغانلىقى ئۇنىڭ ئاخىرلىشىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. شەرتلىك، نىسپىي، ئۆتكۈنچىلىك ھامان كىشىلەر ھاياتىنىڭ مۇئەييەن دەۋرىگە كەلگەندە شۇ كىشىلەرنى تەبىئىي ھالدىلا سەھنىدىن چۈشۈشكە ھامان مەجبۇر قىلىدۇ. مەزگىللىك ھەيۋەت ئاخىرلىشىپ، ئادەتتىكى ئاۋام بىلەن قايتا تەڭلىشىپ قېلىش ئىككىنچى بىر ھاياتلىقتىكى تەبىئىي ئورۇن ئالمىششى بولىدۇ. باھا ھامان ھايات ۋاقتىدىمۇ ، بۇ ئالەمدىن خوشلاشقاندىن كېيىنمۇ مۇناسىپ بولىدۇ. بۇ چاغدا تۇمەنلىگەن سوغۇق كۆز ئالدىدا ئۆتمۈشىگە ملك پۇشايمان قىلىسمۇ بىكار. شۇڭا ھەرقانداق شەخس ئۆزىنىڭ ياخشى ۋە يامان دېيىلگەن ھايات باسقۇچلىرىدا ھايات قانۇنىيەتلىرىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويماسلىقى زۆرۈر.

ئەپسۇسكى، كىشىلەر ھاياتلىقنىڭ يۇقىرىقى قانۇنىيەتلىرىنى ھەرزامان كۆرۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىشىدۇ. ئامال بار شان-شەرەپ، ئىناۋەت، نوپۇز دېگەن نەرسىلەرنى قوغلىشىدۇ. بۇ، ئىنسان تەبىئىتىدىكى بىر-بىرىدىن ئۈستۈن تۇرۇشنى ئارزۇلاش خاھىشى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كىشىلەرنىڭ نام-ئاتاققا تۇتىدىغان پوزىتسىيىسى ھاياتلىقنىڭ ماھىيىتىنى تەپەككۇر قىلىش ۋە چۈشىنىش دەرىجىسىگە بىنائەن بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. بەزىلەر بۇنى ئەمەل-مەنسەپتىن ئىزدەيدۇ. بەزىلەر بايلىقتىن ئىزدەيدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا ئىجادىي مېھنەتتىن ئىزدەيدۇ. ئەمما بۇ نەرسىلەر ئالەمگە نىسبەتەن تولىمۇ قىسقا، ئۆتكۈنچى بولغان ئىنسان ھاياتىغا نىسبەتەن شۇنچىۋالا بۈيۈكمىدۇ؟ مۇھىممىدۇ؟ بۇنى ماھىيەتەن تەپەككۇر قىلغان بولۇشى ناتايىن. ئىنسان تەبىئىتى چاكىنىلىققا مايىل كېلىدۇ. كۆپىنچە ھالدا ئادەم تىرىكلىكىدە ئىنتىلگەن نەرسىلەرنىڭ تولىسى كۆپۈككە ئوخشايدۇ. ئۆلگەندىن كېيىن روھى ۋە جىسمىدىن پەقەت بىر ئۇچۇم جانسىز توپىلا قالغاندا، ئۇنىڭ شۇ كىشىگە يەنە ئەھمىيىتى بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ شۇڭا دانالار ئەزەلدىن ئىككى نەرسىگە قىزىقمىغان. بىرسى بايلىق(ماددىي)، يەنە بىرسى ئەمەل-مەنسەپ. ئەمما كىشىلەر تەبىئىي ھالدىلا نام-نىشاندىن ئىبارەت بۇ شەرەپنى خالىس كىشىلەرگە ئاتا قىلمايمۇ قالمىدى. بىز بىر قىسىم كىشىنىڭ مەنسەپ-ئەمەلگە ئۆزىنى ئۇرۇپ، ئۆزىنى شانۇ-شەۋكەتنىڭ ئۆزى دەپ قارىغانلىقىنى، ئەمما ئۇنىڭدىن ئايرىلغاندا بولسا ئۇلارنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بىلىمىز. بىز بۇيەردە راستچىللىقى بىلەن تەبىئىي تونۇلغان تەبىئىي پەنلەر ئالىملىرى، پەيلاسوپلار ئۈستىدە توختالمايمىز. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىلا بايلىقى سەممىيەت ۋە خالىسلىقتۇر.

ئىجتىمائىيەتتە بەزىلەر ئۈچۈن نېمىشقا خاتىرە يېزىلمىدى؟ ئېنىقكى، ئۇلار چاكىنا ئارزۇ-ھەۋەسنىڭ قۇربانى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى مىللەتنىڭ ئالدى دەپ ھېسابلىغان، مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان، خېلى جىق ئەسەر يازغان. ھايات ۋاقتىدا قوۋمىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ ، قەدىرلىشىنى ئۈمىد قىلغان بولۇشى مۇمكىن. «قەدىرىمنى بىلمىدى» دەپ ئۆز قوۋمىدىن رەنجىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەمما كېيىن ئۆزىنىڭ نېمىدە خاتا قىلغانلىقىنى بىلگەن چېغىدا ، ياكى دەسلەپتىلا ئاشۇ«شانۇ-شەۋكەت»كە بېرىلگەنلىكىنىڭ ئۆتكۈنچى مەنىسىز نەرسە ئىكەنلىكىنى

www.uyghurkitap.com

ئەمدى سەزگەن چېغىدا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ. ئاجىز ھاياتنى ئۆكۈنۈش، پۇشايمان ئىلكىدە تاماملايدۇ. بۇ كۆپىنچە مەنسەپ ـ ئىمتىيازنىڭ شوتىسىدا تۇرغانلاردا، يازغۇچىلاردا ئۇچرايدۇ. ئەمما بەزىلەر مەنسەپ تۇتمىغان، يەنە بەزىلىرىنىڭ ھايات ۋاقتىدا يازغانلىرىمۇ كۆپ ئەمەس، ئەمما ئۇلارنى كىشىلەر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، زوردۇن سابىر دەپ ھازىرغىچە نام ـ نىشانىنى خاتىرىلەپ، قەبرىلىرىنى دىيارىمىزنىڭ ھەممە يېرىدىن ھەتتا چەت ئەللەردىن زىيارەتچىلەر خالىس كېلىپ يوقلاپ، دۇئا قىلىپ تۇرىدۇ. نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىلەر ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ھەر زامان كىشىلەرنىڭ تىلىدا، دىلىدا. مانا شۇنداق تەبىئىي ئېتىراپ قىلىنغان... پەرق، سەۋەب نېمىدە؟

ھايات يولىنى باشتىلا ئېنىق تەپەككۇر قىلىپ سەممىي ۋە توغرا بەلگىلىۋېلىش، نېمىگە ئىنتىلىپ، نېمىدىن ۋاز كېچىشنى بىلىش... بۇ رېئال ساۋاق كىشىلەرگە ھەرزامان ھاياتلىق قەدىمىنىڭ سالمىقىنى دەڭسەپ بېسىش، ئامال بار ئالدىراق تەپەككۇر قىلىشنى دائىمىي ئادەتكە ئايلاندۇرۇش زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىدۇ.

## ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى ۋە مىللەت، مىللىي روھنى كىشىلەر قانداق باغلاپ تەپەككۇر قىلغان؟

ۋەتەنپەرۋەرلىك دائىم تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان، ماھىيەتتە سالمىقى ئېغىر ئۇقۇم. بۇ، ئادەمنىڭ روھى بىلەن ئۆلچىنىدىغان تەپەككۇر ئېڭى مەسىلىسى. بىر قىسىم خەلقلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەت ئۇقۇمى تولىمۇ ئىپتىدائىي ھالەتتە. شۇنداق ئادەملەر ئەتراپىمىزدا تالاي. ئۇلار شەخس بىلەن دۆلەت مەنپەئەتى، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى توقۇنۇشۇپ قالغاندا ئاۋۋال ئويلايدىغىنى شەخس ــ ئۆزى. ئەلۋەتتە بۇنداق ۋاقىتتا مەسىلىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك، ھەققانىيلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلىشنى ئېسىگە ئېلىپمۇ قويمايدۇ. خىيانەتچى، پارىخور، شەكىللىۋاز، چەكتىن ئاشقان شەخسىيەتچى تىپلار دەل شۇنداق ساختا ۋەتەنپەرۋەرلەر تىپىغا مەنسۇپ. ئەجەبلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا شەرت قويۇش سالاھىيىتى ماھىيەتتە قىلچە بولمىسىمۇ، ئۆزلىرىنى باشقىلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك شەرتى، سىياسىي قىياپەت شەرتى قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە سۈپىتىدە نامايان قىلىدۇ. بۇ مەسىلىدە دۇنيادا گېرمانلارنىڭ تەپەككۇرى دىققەتكە سازاۋەر تەپەككۇردۇر. نېمە ئۈچۈن گېرمانىيىدە سانائەت شۇنچە يۈكسەك تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ مۇھىت پاكىز، سۇلىرى شۇنداق سۈزۈك، باغ ـ ئورمانلاشقان، تەرتىپ ۋە ئەخلاق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ؟ ئەلۋەتتە گېرمانلار ئىلمىي، پەلسەپىلىك مىللەت. ئۇلار شەخسىي ئۆيىنى ئايرىم مۇداپىئە قىلغاندىن كۆرە دۆلەتنى مۇداپىئە قىلىش مۇھىم دەپ قارايدۇ. دۆلەتنى جان تىكىپ قوغدىغاندىلا ئائىلىسىنى ھەم قوغداپ قالالايدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىدۇ. بۇيەردە تەپەككۇر ئۇسۇلىدىكى مەسىلە يەككىلىك بىلەن ئومۇملۇقنى، يەنى قول بىلەن پۇتكۈل بەدەننىڭ ئورگانىك مۇناسىۋىتىنى ئەڭ توغرا بىر تەرەپ قىلىش. بىز بولساق تېخىچە كۆز ئالدىمىزدىكى مەنپەئەتنىلا قوغلىشىش، نەزەرنى يىراققا تىكىشنى بىلمەسلىكتىن قۇتۇلالمايمىز. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يەرگە تۈكۈرۈپ، مىشقىرىپ، قالايمىقان يۈندى ــ ئەخلەت تۆكۈپ يۈرگىنىمىز بىزنىڭ ئومۇم دېگەن چوڭ ئۇقۇمغا، ماھىيەتتە ئومۇمنى ئويلاش روھىنىڭ يادروسى بولغان ھەممىگە ئورتاق ۋەتەن ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن ئۇقۇمغا بولغان تەپەككۇرىمىزنىڭ تولىمۇ ئىپتىدائىي باسقۇچتا ئىكەنلىكىنى تەن ئالماي ئامالىمىز يوق.

مىللىي روھ بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسى زىچ باغلانغان. مىللەت، مىللىي روھنى تەكىتلىگەندىلا، ئېتىراپ قىلغاندىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى مەۋجۇت بولىدۇ. مىللەت، مىللىي روھ بولمىغان كىشىلەردە ھەقىقىي مەنىدىكى ۋەتەن تۇيغۇسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دۇنيا تارىخىنىڭ ھەممە بۆلۈك ـ پۇچقىقىدىن مىللىتىنى، ۋەتىنىنى سېتىۋەتكەن مۇناپىقلارنىڭ مىسالىنى كۆرۈشكە بولىدۇ. مەردۇ ـ مەردانە ۋەتەنپەرۋەرلەر ئۆزىنىڭ مىللىي روھىنى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا نامايان قىلالايدۇ. مۇنۇ ئىككى مىسال مىللىي روھنىڭ يارقىن نامايەندىسىدۇر.

1. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە ئىشغالىيىتىدىكى گرېتسىيىدىن بىر گرېتسىيىلىك ئالىم بىلەن يەنە بىرەيلەن چەت ئەلگە چىقىپ كەتمەكچى بولىدۇ. ئۇلار گرېتسىيە چېگرىسىغا كەلگەندە چېگرىنى قامال قىلىۋاتقان گېرمان ئەسكەرلىرى گېرمانىيىلىكلەر بولسا ئۆتكۈزۈپ، باشقىلارنى گۇمانلىق دەپ قاراپ شۇيەردىلا ئېتىۋەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. شۇ چاغدا ئالىمنىڭ ھەمراھى: «سىز گېرمان تىلىنى گېرمانلاردەكلا سۆزلىيەلەيسىز، ئۇلار سورىغاندا ئۆزىڭىزنى گېرمان دەڭ» دەپ مەسلىھەت بېرىدۇ. ئەمما نۆۋەت بۇ ئالىمغا كەلگەندە، ئالىم مىللىي روھنى ئۆلۈمدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ. ئۇ تەنتەنىلىك ھالدا «مەن گرېتسىيىلىك» دەپ جاكارلاپ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىدۇ.

2. چاررۇسىيە ھۆكۈمرانلىقىدىكى پولشىنىڭ بىر داڭلىق مۇزىكانتى تەكلىپ بىلەن چار پادىشاھ ئوردىسىدا رويالنى شۇنداق ماھىرلىق بىلەن چېلىپ قالتىس ئالقىشقا ئىگە بولىدۇ. مۇزىكا تەسىرىدە قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەن چار پادىشاھ مۇزىكانتنى ماختاپ: «بىزنىڭ رۇسىيىلىك» دەيدۇ.

شۇ ۋاقىتتا مۇزىكانت پادىشاھقا قىلچە پىسەنت قىلماي «مەن پولشىلىق» دەپ، شۇ سورۇندىلا چار پادىشاھنى ئوسال قىلىدۇ. مانا بۇلار ھەقىقىي پرىنسىپال مىللىي خاراكتېر، مىللەت روھى — ۋەتەنپەرۋەرلىكتۇر. بىز بۇلارنى ئۆزىمىزگە باغلاپ قانداق تەپەككۇر قىلىشىمىز كېرەك؟ ئېڭىمىزدا نېمىلەرنى ھەل قىلىۋېلىشىمىز زۆرۈر؟

## ئەقىلگە باھا بېرىش تەپەككۇردىكى ئالاھىدە بىر مەسىلە

بۇ، بىلىم بىلەن ئەقىلنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشنى بىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ مەسىلىدە ئەنئەنىۋى مىللىي ئادەت كۈچلىرى، تەرەققىياتتىكى دەۋرلىك پەرق تۈپەيلى ئەقىل ھەققىدە تونۇش ۋە باھا بېرىشمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھازىرغىچە بولغان دائىمىي ئالامەتلەردىن مەلۇمكى، بولۇپمۇ ئەنئەنىۋى جۇڭگولۇقلار (خەنزۇلار)دا ئەقىل ئۇقۇمى نىسبەتەن ئېنىق، تۇراقلىق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ھىيلە ـ مىكىر، قۇۋلۇق، شەكىل پەيدا قىلىش، ھەرقانداق ۋاستە ئارقىلىق مەقسەتكە يېتەلەيدىغان كىشىلەر ئەقىللىق ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان جۇڭگولۇقلار نەزەرىدە رىۋايەتكە ئايلىنىپ كەتكەن دانا جۇگېلياڭ شۇنداق جۇڭگوچە ئەقىلنىڭ نامايەندىسى. ئۇنىڭ «قۇرۇق شەھەر ھىيلىسى»، «ئوقيا يىغىۋېلىش» دېگەندەك پىلان ـ تەدبىرلىرى كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ. شۇڭا «ئۈچ جۇۋىچى (ياكى ئۈچ ئادەم) باش قوشسا ، بىر جۇگېلياڭ بولىدۇ» دېگەن تەمسىل بار ئىكەن. ئۇلاردا يەنە مۇنداق ئەقلىيە — پىلانلار بار. مەسىلەن: «يولۋاسنى ئالداپ تاغدىن ئايرىۋېتىش»، «ئۆگزىگە چىقىرىپ قويۇپ شوتىنى ئېلىۋېتىش» دېگەندەك. بۇ تەپەككۇر ئۇسۇلى بويىچە ئۆتمۈشتىكى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمران تىپلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋردە مۇئەييەن مەقسەتلىرىگە يەتكەن. تۆمۈر خەلپە پاجىئەسى بىلەن خوجىنىياز ھاجى پاجىئەسى دەل ئاشۇ ئەقلىيلىك پىلانلارنىڭ نەتىجىسىدۇر ۋە باشقىلار.

بىر قىسىم خەلقلەر ئۇدۇل، كەسكىن، كونا مەردانە كېلىدۇ. مەسىلەن: ياۋروپالىقلاردا تاكى 19 ـ 20 ـ ئەسىرلەرگىچە داۋاملاشقان «دوئېل» ۋە ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلىدىكى مەيداندا سەپنى بۇزماي روبىرو تۇرۇپ ئۇرۇشۇش. بۇنىڭدا قاراملىق، كونا مەردانىلىك، جان تىكىشلا باركى، تەدبىر، پىلان ئۈستىدە ئويلىنىش كەم ئىدى. شۇڭا بۇنى چۈشەنگەن ئەقىللىق جۇڭگولۇقلار «توكيودىكى شاڭخەيلىكلەر» فىلمىدە بىر قىزنىڭ ئاغزى ئارقىلىق «ياپون ئەرلىرىنىڭ مېڭىسى ئاددىي» (ئالداش ئاسان دېمەكچى) دېيىش ئارقىلىق ئەقىل مەسىلىسىگە باھا بەرگەن. ئەمەلىيەتتە، غەربلىكلەر ئەكسىچە، بىلىم، تېخنىكا، كەشپىيات، مۇستەقىل تەپەككۇرنى ئەقىلنىڭ بەلگىسى دەپ قارايدۇ. مانا بۇلار ئەقىل توغرىسىدىكى ئىككى خىل تەپەككۇرنىڭ ھاسىلاتى.

## تەپەككۇردىكى ئەقلىي شەرتلەر نېمە؟

1. يېتەكچى ئىدىيىنى توغرا بەلگىلەش — شەيئىلەر ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگەندە رېئاللىقنى، تەبىئىي قانۇنىيەتلەرنى قەتئىي ئاساس قىلىش، ھېسسىياتقا، ھېسداشلىققا بىر تەرەپلىمە بېرىلىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈشتىن قەتئىي ساقلىنىش، بولۇپمۇ ئېتىقادىي ھېسسىياتنى قەتئىي تىزگىنلەش. ئېتىقادنى جەمئىيەت رېئاللىقى ئۈستىگە قەتئىي قويىۋالماسلىق، مۇئەييەن تەرەپكە ئېغىشتىن قەتئىي ساقلىنىش. تارازا تەڭپۇڭلۇقى مەركىزىدە تۇرۇپ، مۇستەقىل تەپەككۇر قىلىش. ئەڭ ئادىل يەكۈننى چىقىرىشقا ئادەتلىنىش زۆرۈر. ئەكس ھالدا، سىزنىڭ ئوتتۇرىغا قويغان نۇقتىئىنەزەرلىرىڭىز (ئەسەردە) يېپىقا تىزغاندەك خاتا چىقىۋېرىدۇ.

2. بىر ئەسەرنىڭ جېنى بىرىنچىدىن تۇرمۇش چىنلىقى، ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش دەرىجىسىدە بولسا، ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ يېڭى قاراش، يېڭى خاس نەتىجە ـ ھۆكۈملەرگە ئېرىشكەن بولۇشىدا. تەكرارلىنىۋەرگەن نەرسىلەردىن قەتئىي يىراقتا تۇرۇش ، يېڭى شەيئىلەر ئۈستىدە داۋامەن ئىزدىنىش، ئېقىمپەرەسلىكنى سىقىپ چىقىرىش لازىم. بىر خىل «ئەنئەنىۋى پىكىر ئوربىتىسى»دىن چىقىپ تەپەككۇر يۈرگۈزۈشكە جۈرئەت قىلىشىڭىز كېرەك. ئەكس ھالدا بولغاندا تەپەككۇر ھاسىلاتىڭىز جانسىز، كونا، ئىستىقبالسىز بولىدۇ.

3. ھەرقانداق بىر خەلقتە ئاڭ، ھەرىكەت، ئېتىقاد، جامائەت پىكرىنىڭ يۆنىلىشىگە مۇناسىۋەتلىك سىياسىي يېتەكچى ئىدىيىۋى پىكىر ئېقىملىرىنىڭ قانداقلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. بۇ ئۇنداق دېسەممۇ، بۇنداق قىلسامۇ بولۇۋېرىدۇ، دەيدىغان مەسئۇلىيەتسىز ئويۇن ئەمەس. ئەگەر سىز ئەتراپلىق، ئىنچىكە تەپەككۇر يۈرگۈزمەي، خاھىشىڭىز بويىچىلا ئوتتۇرىغا چىقارغان نۇقتىئىنەزەرلىرىڭىز بىلەن جامائەت پىكرىنى تەتۈر يۆنىلىشكە باشلىۋەتسىڭىز، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە ئىگە بولالامسىز؟ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نەچچە ئەسىرلەپ قاراڭغۇ گۇمراھلىققا مەھكۇم قىلىنىپ كەلگەنلىكى دەل ئاشۇ بىزنىڭ «بىلىملىك»، ئەنئەنىۋى «ئالىم ـ ئۆلىما»لىرىمىزنىڭ قوۋمنىڭ مەسئۇلىيىتى دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي، خالىغانچە پەتىۋالارنى توقۇپ چىقىرىپ، كىشىلەر ئېڭىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، قوۋمنى تەتۈر يۆنىلىشكە داۋاملىق

باشلىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

بىر قوۋمنىڭ مۇتەپەككۇر زىيالىيلىرى بۇ مەسىلىدە قوۋمنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا بىرىپ تاقىلىدىغان، يېتەكچى رول ئوينايدىغانلىق ۋەزنىنى چوڭقۇر چۈشىنىشى كېرەك. بىز ھازىرغىچە بولغان دۇنيانىڭ سىياسىي ھەرىكەتلىرى تارىخىدىن بىلىمىزكى، سىياسىي داھىيلار،دانا يولباشچىلار ھەرىكەتنىڭ يۆنىلىشى مەسىلىسىدە ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ئاساسلانغاندا مۇرەسسەگە قىلچە ئورۇن قالدۇرمىغان، بۇنى پۈتكۈل سىياسىي ھەرىكەتنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ باغلىغانىدى. شۇڭا، يۆنىلىشتىكى كۈرەش مۇرەسسەسىز كۈرەشكە ئايلانغانىدى. نەتىجە شۇنداق بولغانكى، خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە دەۋرنىڭ تەلىپىگە مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرالىغان يۆنىلىش ئاخىرى بىر تارىخىي دەۋرنىڭ غالىبىيەتچىلىكىنى نامايان قىلىش بىلەن تۈگەللەنگەنىدى. مىسالەن: ئەينى تارىخىي دەۋردىكى روسىيە سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسى ئىچىدىكى لېنىننىڭ بولشېۋىكلار گۇرۇھى بىلەن پلېخانوفنىڭ منشېۋىكلار گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئەنە شۇنداق كۈرەش ئىدى. جۇڭگو ئىنقىلابىدىكى ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرگەن سىياسىي يۆنىلىشمۇ، ئامېرىكا تارىخىدىكى جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى دەۋرىدىكى لىنكولننىڭ سىياسىي يۆنىلىشمۇ شۇنداق غالىب يۆنىلىش بولغانىدى. ھەتتا ھېتلېردەك بىر مۇستەبىت فاشىستنىڭ 1933 ـ يىلى گېرمانىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشمۇ، ئەينى يىللاردىكى بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىنكى گېرمانىيە مەغلۇبىيىتىدىن كېيىن قايتا قوزغالغان گېرمانىيە خەلقىدىكى كۈچلۈك مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى ھېتلېرنىڭ ئۆزنۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ ئاساسىي ئۇچۇن ئۇستىلىق بىلەن خىزمەت قىلدۇرغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

دېمەك، بىز تەپەككۇر يۈرگۈزگىنىمىزدە ئىنچىكە بولۇشىمىز، مەسئۇلىيەت دېگەن سۆزنى داۋامەن ئەستە ساقلىشىمىز، ئۆز نۇقتىئىنەزەرلىرىمىزنىڭ توغرا جامائەت پىكرىگە توغرا ئىستىقباللىق يۆنىلىشتە ئەكس ئېتىش ـ ئەتمەسلىكىگە ئىگە بولۇشىمىز كېرەك. تەپەككۇردا مەسئۇلىيەتچان قوۋملا دۇنيادا كۆپ ئىلگىرىلەپ كەتتى. ئەگەر بىز تەپەككۇردىكى ئەقەللىي شەرتلەرنى جىددىي تۇيغۇ بىلەن دائىملىق ئادەتكە ئايلاندۇرالىساق، قوۋمىمىزنىڭ ئىستىقباللىق يۆنىلىش بويىلاپ، باشقىلاردەك ئىلگىرىلىمەسلىكى مۇمكىنمۇ؟!

## دائىمىي ئاللامەتلەرگە پىكىر يۈرگۈزۈپ بېقىش كېرەك

ئادەتتە بىر دائىمىي ئاللامەتنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭرى بولىدۇ. ئېيتايلۇق، كىشىلەر ئۆز قوۋمىدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ رەنجىش، ئۈمىدسىزلىك كەيپىياتىدىن خالىي بولالمايدۇ. شۇڭا «نېمە ئۇچۇن؟» دېگەن سوئالنى قويۇپ، «رەنجىش»تىن ئىبارەت بۇ دائىمىي ھادىسىنى ئايرىم تەپەككۇر قىلىپ، ماھىيەتەن ئېنىقلاپ چىقماق بىز ئۈچۈن مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرسى. ئەگەر بىر قوۋمنىڭ(شەخسمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) جەمئىيەتتىكى ئورۇن ھالىتى ئۆزگەرمىگەن ھالدا گوياكى مۇقىملاشتۇرۇۋېتىلگەن ۋىنتىدەك باشقىلاردىن پەس ھالەتتە تۇرۇۋېرىدىكەن، رەنجىشنىڭ تۈرلۈك ئالامىتى، نارازىلىق سادالىرى ھەرخىل شەكىلدە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. تۈپكى ھالەت ئۆزگىرىشى بولمىسا ، بۇ ئاۋازلارنىڭ چىقىش يوللىرىنى ئېتىۋېتىش ھەرگىز مۇمكىن بولمايدۇ. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك رەنجىشنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەئىنى بەزى كىشىلەر قوۋم روھىيىتىدىكى بۇزۇلۇشتىن ئىزدەيدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر بولسا مەسىلىگە ئىجتىمائىي نۇقتىدىن قاراپ، رەنجىش، ئۈمىدسىزلىك ئىجتىمائىي تەتۈرلۈكتىن كېلىپ چىقىدۇ، شۇڭا رەنجىشنى ئىپادىلەش مۇھىم دەپ قارايدۇ. بۇنى ئايرىم مەسىلە سۈپىتىدە تەپەككۇر قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىجتىمائىي تەتۈرلۈك زامانىمىزدىكى بىر قىسىم داڭق چىقارغان خەلقلەرنىڭ تارىخىدىمۇ يۈز بەرگەن. مىسالەن: روسىينىڭ 11 ـ ئەسىردىكى مىللىي قەھرىمانى ئالېكساندىر نېۋىسكىيمۇ ئۆزىنىڭ رۇس قوۋمىدىن رەنجىپ «كۆزۈم كۆرمىسۇن» دەپ يىراق چەت دېڭىز بويىغا كېتىپ، بېلىق تۇتۇپ تىرىكچىلىك قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەنىدى. كېيىن گېرمانلار رۇس كېنەزلىكلىرىگە بېسىپ كىرىپ ، چوڭ مىللىي ئاپەت پەيدا قىلغاندا رۇس خەلقى ۋەكىل ئەۋەتىپ نېۋىسكىيدىن كەچۈرۈم سورىغان. ئۇنىڭ گېرمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشىنى قايتا ـ قايتا تەلەپ قىلىشقانىدى. ئەمما رۇسلار كېيىن تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى. بۈگۈنكى رۇسلار قاتتىق مىللىي خاراكتېرلىك مىللەت. دېمەك، رەنجىش، ئۈمىدسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەتۈرلۈكلەر ئومۇمەن ھەممىلا خەلقتە بولغان دائىمىي تەبىئىي ھادىسە. پەرق شۇكى، ئۇلار ساۋاقلارنى ۋاقتىدا يەكۈنلىدى. تەجرىبە توپلاشنى بىلدى. ئۆزلىرىنى ئۆزگەرتتى، پىشتى. بىز تەپەككۇرنى شۇنداق قىلىشىمىز، شۇنداق ئويلىنىشىمىز، پايدىلىق ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىشىمىز زۆرۈر. مىللىي قوۋمىمىزنىڭ ئالدىدىكى گىرانىت تاشتەك قاتماللىقىدىن، كونسېرۋاتىپلىقىدىن، قاشالىك ئاتتەك ئارقىغا داجىپ تۇرۇۋېلىشىدىن رەنجىپ، بىغەرەز دەپ ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىمىزنىمۇ تەڭلا تاشلىۋەتسەك، ئاخىرقى

www.uyghurkitap.com

ھېسابتا ئۇلار بىلەن ئوخشاشلا يەنە بىزمۇ، بىزنىڭ ئەۋلادلىرىمىزمۇ زىيان تارتماي قالمايدۇ. ھەرقانداق قوۋم ئەزاسىنىڭ ئومۇمىي قوۋم كېلىشىمەسلىكىدىن خالىي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا رەنجىشتىن ئىبارەت بۇ ئالامەت ئۈستىدىكى تەپەككۇر ماھىيەتتە پۈتكۈل قوۋم ئەزالىرى ئەستايىدىل مۇئامىلىدە بولۇشقا تېگىشلىك بولغان،قوۋمنىڭ تەقدىرىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلىدۇر.

## ئۆزگىرىشچان ۋەزىيەت توغرىسىدا تەپەككۇر

## كۈچىمىزنى سىناپ كۆرەيلى

بىز دۇنيا ، ۋەزىيەت توغرىسىدا تەرەققىي قىلغان سىياسىي مىللەتلەردەك تەپەككۇر يۈرگۈزۈشنى ئىمكانىيىتىمىز يار بەرگەن دائىرىدە ئەمدى باشلىدۇق. دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ قانداق ئۆزگىرىشى مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان ھەممە ئادەم ، ھەممە قوۋمنىڭ، مەيلى ئۇ كۈچلۈك ھۆكۈمران ئاتالغان بولسۇن ۋە ياكى كۈچسىز ، بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا ياشاۋاتقانلار بولسۇن ئاخىرقى ھېسابتا ئۆز تەقدىرى بىلەن زىچ باغلانغان. شۇڭا بىر قىسىم سەزگۈر سىياسىي مېڭىگە ئىگە كىشىلا ئەمەس، ئومۇمەن ھەممىلا ئادەم دېگۈدەك بۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلىشقا باشلىدى. نۆۋەتتە بۇ ھەقتىكى قىزىق تەپەككۇر نۇقتىلىرى قايسى؟

1. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلىشىپ «سوغۇقچىلىق ئۇرۇشى»باشلانغاندىن تارتىپ باشلانغان،ھازىرمۇ تۈرلۈك شەكىلدە بەسلىشىپ داۋاملىشىۋاتقان ھەربىي ھازىرلىقلار مۇسابىقىسى پەسىيىش ئورنىغا نېمە ئۈچۈن بارغانچە ئۆرلەۋاتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن خەلقئارا جەمئىيەتلەرنىڭ بۇنىڭغا قارىتا چەك قويۇش ئىقتىدارى يوق. ھەتتا ئاشۇ مۇئەييەن دۆلەتلەر خەلقلىرىمۇ چەك قويۇشنى مۇۋاپىق تاپمايدۇ؟

2. مۇسابىقە ئاخىرقى ھېسابتا قارشىلاشقۇچى چوڭ ئىستراتېگىيىلىك ھەرقايسى كۈچلەر ئارىسىدا كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى شەكىللەندۈرۈپ، دۇنياۋى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالامدۇ ياكى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ھېسابتا پارتلىشىغا ئېلىپ بارامدۇ؟

3. ھازىر دۇنيادا جۇڭگودىن باشقا يەنە بىر نەچچە كىچىك سوتسىيالىستىك دۆلەت مەۋجۇد. ئىلگىرىكى سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى دۇنيا سوتسىيالىزم چوڭ لاگېرى ئەمدى مەۋجۇد ئەمەس. شۇڭا ئەمدى ئىلگىرى پەرەز قىلىنىدىغان سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ لاگېرنىڭ بىر- بىرىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان دۇنياۋى كۆلەملىك ئۇرۇشنىڭ بولۇش مۇمكىنچىلىكى يوق. ئەمدىكى دۇنيادا بولسا، پەقەت دۇنيانىڭ چوڭ بىر قىسمىدا رايون خاراكتېرلىك چوڭ ئۇرۇشنىڭلا بولۇش ئېھتىماللىقى بار دېگەن قاراش توغرا ئىستىقباللىق قاراشمۇ؟

4. غەرب بىلەن شەرقنىڭ (ئاساسەن جۇڭگونىڭ) مۇناسىۋىتى. بۇ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى نېمە بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئۇرۇش بىلەنمۇ ياكى تىنچ يول بىلەنمۇ؟ تەپەككۇر قىلىپ ئىشەنچلىك بىر ھۆكۈمگە كېلەلەمسىز؟

5. روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ھازىرقى نىسبەتەن يېقىن مۇناسىۋىتى (ئىشەنچ دەرىجىسى زادى قانچىلىك) ئەگەر، ناۋادا دۇنيا ۋەزىيىتىنى ئۇرۇش تۇمانلىرى قاپلىسا، روسىيە بىلەن جۇڭگو شەرق سېپىنى تۈزۈشى مۇمكىنمۇ؟

6. روسىيە جۇڭگونىڭ قۇدرەت تېپىشىنى چىن دىلىدىن خالامدۇ ياكى بۇ ئۇزۇن چېگرىداش چوڭ قوشنىسىدىن كۆڭلىدە قاتتىق خاتىرجەمسىزلىنەمدۇ؟ تارىخىي ئاساستا تەھلىل قىلىپ، بۇ ھەقتە ئىشەنچلىك ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويالامسىز؟

7. روسىيە بىلەن غەرب مۇناسىۋىتىنىڭ ئاخىرقى ئىستىقبالى، غەرب بىلەن ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى ئوخشاشلىق، شەرقىي ياۋروپا، جەنۇبىي ياۋروپادىكى تەسىر كۈچىدىن ئايرىلىپ قېلىش، غەرب بىلەن ئىلگىرىكىدەك بىۋاستە تىركىشىش ئىقتىداردىن ئايرىلىپ قېلىش ۋە باشقا سەۋەبلەرگە بىنائەن روسىيە ئاخىرقى ھېسابتا غەربكە ئېغىپ كېتەرمۇ ياكى بىتەرەپ تۇرۇۋېلىش، كۆزىتىش ئۇسۇلىنى قوللىنارمۇ؟

8. ئىران، چاۋشيەن يېرىم ئارىلى. بۇلار نۆۋەتتىكى جىددىي خەلقئارا نۇقتىلاردۇر. ئىران بىلەن چاۋشيەن غەربكە قاتتىق پوزىتسىيە تۇتسا، تامامەن يېتىم ئورۇنغا چۈشۈپ قالامدۇ-قانداق؟ روسىيە بىلەن جۇڭگو نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يادرو پىلانىنى قوللىمىدى؟ روسىيە بىلەن جۇڭگونىڭ ئىراننى چەكلەشكە دائىر 15دۆلەت كېلىشىمىگە قاتنىشىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

9. جۇڭگو يەنە خېلى بىر مەزگىل تىنچ تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىگە موھتاج. شۇڭا ئۇ ئامال بار تىنچلىقپەرۋەر تاشقى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، چوڭ ئۇرۇش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما چاۋشيەن يېرىم ئارىلى بىلەن تەيۋەن مەسىلىلىرى جۇڭگوغا نىسبەتەن ئالاھىدە سەزگۈر مەسىلىلەردۇر. ئەگەر مۇشۇ ئىككى رايوندا جىددىي ۋەزىيەت يۈز بېرىدىغان بولسا، جۇڭگونىڭ قانداق پوزىتسىيىدە بولۇشى ئۇرۇش ياكى تىنچلىق مەسىلىسىدە ھەل قىلغۇچى، بەلگىلىگۈچى ئەھمىيەتكە ئىگە مەسىلە بولامدۇ-قانداق؟

10. ياپونىيە دۇنياۋى ئىقتىسادىي ئىككىنچى چوڭ دۆلەت. نۆۋەتتە ئۇ ھەربىي چوڭ دۆلەتكە ئايلىنىش ھارپىسىدا تۇرۇۋاتىدۇ. يىللىق ھەربىي خىراجىتى

ئامېرىكىدىن قالسىلا دۇنيادا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تارىختىي سەۋەبلەرگە بىنائەن بۇھال ئۇنىڭ شەرقتىكى قوشنىلىرىنى ئەندىشىگە سالماي قويمايدۇ. ئۇ نۆۋەتتە غەرب سېپىگە مەنسۇپ دۆلەت. ئەگەر زور جەددىي ۋەزىيەت دۇنيانى قاپلىسا ئۇنىڭ مەقسىتى ۋە نىشانى قايسى نۇقتىلار بولار؟

11. ھىندىستان ۋە ئومۇمەن جەنۇبىي، شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى ئاخىرقى ھېسابتا غەرب سېپىگە مەنسۇپمۇ ـ قانداق؟ ئامېرىكا، ياپونىيە، ھىندىستان ھەربىي ئىتتىپاقىنىڭ مەقسىتى نېمە؟ تىغ ئۇچى نەگە قارىتىلغان؟

12. دۇنيانىڭ تەقدىرىنى قايسى ئېقىم، قايسى قىممەت قارىشى ئاخىرقى ھېسابتا بەلگىلەش ئىقتىدارىغا ئىگە؟

ئۇرۇشنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا كىشىلەر ئىلگىرى ئېنىق قىلىپ: تاجاۋۇزچىل ئۇرۇش ۋە ھەققانىي ئۇرۇش دەپ ئايرىپ كەلگەنىدى. لېكىن ئەمدى بۇ مۇرەككەپ زامانغا كەلگەندە بۇنداق ئايرىش كۆپلىگەن مەسىلىگە جاۋاب بېرەلمەيدىغان بوپقالدى. ئۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كونكرېتلىقتا ئىگە قىلىشقا،يېڭى مەزمۇنلار بىلەن شەرھلەشكە توغرا كېلىدۇ.

بەزىلەر ئۇرۇش سىياسىينىڭ مەلۇم شەكلدە داۋاملىشىشى دەيدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇرۇش ئۇزۇن مۇددەتلىك تىنچلىقتا ئېپىكىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشى بولسا ئۇرۇش ساپالىقلارنىڭ ساپاسىزلارنى شاللاش ۋاستىسى دەيدۇ. ۋە يەنە بەزىلەر بولسا، قانداقلىكى بولمىسۇن ئۇرۇش بىر ئاپەت دەيدۇ.

ئەمما شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەر ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا ئۆزىنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئۇنى ھەرقانداق كۈچمۇ ئۆز ئالدىغا توسۇپ قالالمايدۇ.

تارىختىي ساۋاقلارغا ئاساسەن خەلقئارا مەسىلىلەردىن شۇنداق نەتىجىگە كېلىش مۇمكىن: ھەرقانداق خەلقئارا ئىتتىپاق ھەل قىلغۇچ ۋاقىتتا ئىشەنچلىك بولىۋەرمەيدۇ. پەقەت مۇئەييەن مەقسەت ـ مەنپەئەت ئورتاقلىقىلا شۇ ئەل، قوۋملارنى ئورتاق ھەرىكەت بىرلىكىگە ئىگە قىلىپ تۇرىدۇ. ھەربىر ئەل ۋەزىيەتكە ئاساسەن ئۆزىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى چىقىش قىلىپ ياكى ئىتتىپاق ئىچىدە پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ ياكى تېزلا ئۆز ئالدىغا شەرتنامىنى بىكار قىلىۋېتىدۇ ۋەياكى سۈكۈتتە تۇرۇۋېلىپ ئىككى يولۋاسنىڭ ئۇرۇشىنى چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرگەچ پۇرسەت كۈتىدۇ. ھەرقانداق ئەل ۋە شەخسلەر ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىتنى قولغا كەلتۈرمەك تولىمۇ مۇھىم دەپ قارايدۇ.

## يەكۈن

بىز مۇشۇ دۇنيادا ياشاۋاتقانىكەنمىز، تۈرلۈك ـ تۈمەن ئۆزگىرىش، ھادىسە، كېلىشمەسلىك، ئاپەت ئىلكىدە بولىمىز. تەسىردىن خالىي بولالمايمىز. قېچىپمۇ قۇتۇلالمايمىز. دۇنيا ئەزەلدىن شۇنداق ئۆزئارا تەسىرلىشىش نەتىجىسىدە ئىلگىرىلەپ، قەدەممۇقەدەم قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ بۈگۈنگە يەتكەن. مەدەنىيەتلەر جۇغلانمىلىرى ئىنسانلارنىڭ ئورتاق بايلىقى. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ تارىختىن بۇيانقى بارلىق پائالىيىتى نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلىپ توپلانغان.


شەرق بىلەن غەربنىڭ قىممەت قارىشىغا ئوبيېكتىپ، ئادىل باھا بېرىشنى ئۆگىنىۋېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىز ھېسسىيات ۋە بىرتەرەپلىمە ھېسداشلىقنىڭ چەمبىرىكىدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمىسەك، بىز دۇچ كەلگەن ھەرقانداق شەيئىگە توغرا، ھەققانىي باھا بېرەلمەيمىز. ئاخىرى ئەركىنلىكىنىمۇ داغدام يولغا چىقالمايمىز. ئادەم ۋۇجۇدى ياخشى بىلەن يامانىنىڭ جۇغلانمىسى. بارلىق شەيئى ئەنە شۇنداق قارىمۇقارشى تەرەپلەرنىڭ بىرلىكىدىن تۈزۈلگەن. بىز شەيئى ـ ھادىسىلەر ئۈستىدە توغرا، ئىستىقباللىق يەكۈنگە ئېرىشىشنى خالايدىكەنمىز، ئۇنىداقتا مۇستەقىل بولغان مۇستەھكەم ئۈچ پۇتلۇق تەپەككۇر ئۇسۇلىدىن چەتنەمەسلىكىمىز زۆرۈر. مۇشۇ ئاساستا بىز تۈرلۈك ـ تۈمەن مەدەنىيەت ــ تەسىرلەرنىڭ «شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش» مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. تەپەككۇردا يەتمەك بولغان مەقسەتمۇ شۇ.

2006 ـ يىل خېفى ــ غۇلجا

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر باھار كوچا 3 ـ يان كوچا 60 ـ قورۇدا، شەھەر يۇقراسى(M1)

**ماقالىنى بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدىي (تەكلىپلىك)**



# تەپەككۇر مېۋىلىرى

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ ئۆزۈڭ بۇ دۇنيادا مەڭگۈلۈك ياشىمايدىغان تۇرساڭ، باشقىلارنى قانداقمۇ «مەڭگۈ» سۆيەلەيسەن؟

▲ ئەر ـ ئايالنىڭ بىر ـ بىرىنىڭ كەمچىلىك ـ يېتەرسىزلىكىنى قوبۇل قىلالماسلىقى، پەرزەنتىنىڭ رېئاللىقتىكى «تىرىك يېتىم»لىك سەرگۈزەشتىسىنى قوبۇل قىلىشقا زورلايدۇ.

▲ بىر ئادەم مۇكەممەل بىر رومان.

▲ باشلىقتىن نېمانچە قورقىسىز، باشلىقنىمۇ قورقىتىدىغان ئايالى بار.

▲ خىزمەتنىڭ ئېھتىياجى بىلەن بۇگۈن سەن ئۇنىڭغا يالۋۇرساڭ، تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن ئەتە ئۇ ساڭا يالۋۇرىدۇ. مانا بۇ، ھايات قانۇنىيىتى.

▲ پەقەت ئۆلۈملا بۇ دۇنيادا ھېچ نەرسىنىڭ مەڭگۈلۈك ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

▲ سەن ھەۋەس قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ سەن ھەۋەس قىلمايدىغان كەمچىلىكلىرى بار.

**تەپەككۇر گۈزى**

▲ تەبىئەت ــ سۈكۈت ئىچىدىكى سىر ۋە ئۇيقۇدىكى ساھىبجامال.

▲ ھاياتقا ئاتىلارنىڭ كۆزى، ئانىلارنىڭ يۈرىكى بىلەن قارا.

▲ سەن بىر ئادەم. لېكىن خىلمۇ خىل ئىدىيە ئىچىدىكى نەچچە ئادەم.

## ھايات يولىدىكى پارچىلار

▲ نادانلىق ئائىلىدىن باشلىنىپ جەمئىيەتتە يىلتىز تارتىدۇ.

▲ ئىبرەتكە ئايلىنىپ قالماي دېسەڭ ئىبرەت ئال.

▲ باشقىلار جىم يۈرۈپ بارلىق ئىشنى پۈختا قىلىۋاپتۇ، بىز داۋراڭ سېلىپ يۈرۈپ قۇرۇق قول قاپتىمىز.

▲ موھتاجلىقتىكى ئىككى كىشىنى پەقەت ئۇنتۇمايسەن: بىرسى، ئالدىڭغا كىرگەن كىشىنى، بىرسى، ئالدىغا كىرگەن كىشىنى.

▲ يېڭىلگىنىڭگە تەن بەرمەي دېسەڭ، يېڭىلىپ تۇرۇپ يېڭىشنى ئۆگەن.

▲ قەھرىتان قىش كېچىسى ئۆزىنىڭ سۈرلۈك ۋە ھەيۋەتلىك سۈكۈناتى بىلەن جىمجىتلىق ۋە سوغۇققانلىقنىڭ غەلىبە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ تۇرىدۇ.

▲ ھايات گويا بىر گۈزەل سىمفونىيىگە ئوخشايدۇ: باشقىلارغا چېلىپ بەرسەڭ ئۇلار زوق ئېلىپ تېخىمۇ

www.uyghurkitap.com

گۈزەللەشتۈرىدۇ، ئۆزۈڭلا ئاڭلىساڭ بىزارلىق ھېس قىلىسەن، ئورتاقلاشساڭ داڭلىق ناخشىغا ئايلىنىدۇ.

▲ تۈرمۈش ھەرگىز بىر رامكا ئەمەس قېلىپتا قۇيۇپ چىققىلى. ياشاش يولۇڭنى ئۆزۈڭ تاللاپ ماڭ. باشقىلار ماڭغان يولدا مېڭىۋەرسەڭ فورمۇلاغا ئوخشاپ قالىسەن.

ــ شەمشىقەمەر ئەبەيدۇللام

---

ئاپتور: موڭغۇلكۈرە ناھىيە «ئارمان»تاللا بازىرىنىڭ پىرىكازچىكى

## يىراق ۋە يېقىن

▲ دېڭىزنىڭ ھەمىشە تىنچ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان كېمىچى ھەرگىز دېڭىزچى بولالمايدۇ.

▲ داۋرىڭى تولا ئىشنىڭ ئايىغى چىقمايدۇ.

▲ بۇ دۇنيا ھەربىر ئادەمگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن، ئەمما ۋاقىتنى بەلگىلەپ بەرمىگەن.

▲ ئەخلاق ــ روھنىڭ غۇنچىسى.

▲ تۆھپە ئۇنتۇلمايدۇ، ئۇنتۇلىدىغىنى ئەجىر ـ مېھنەت.

▲ كېرەككە كېلىدىغان ئادەم ئىشىدىن، بىكارچى ـ سۆلەتۋاز گېپىدىن بىلىنىدۇ.

## تەپەككۇر قىرغاقلىرى

▲ ھۇرۇن ئادەم ــ ھوسۇلسىز ئېتىز.

▲ قانۇننىڭ قۇدرىتى ــ ئادالەتنىڭ غەلىبىسى

▲ تارىخ ــ تۈنۈگۈننىڭ شاھىتى، بۈگۈننىڭ ئەينىكى، ئەتىنىڭ كۆلەڭگۈسى.

▲ پۇشايمان ــ ئەقىلسىز باشنىڭ ئاچچىق نىداسى.

▲ساختىپەزلىك ــ رەزىللىكنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى.

▲ ئەھمىيەتلىك ئىش بىلەن ئۆتكەن ۋاقىت ــ تەڭدىشى يوق بەخت.

▲ باشقىلارغا تايىنىپ غەلىبە قىلغان ئىشنىڭ قىممىتى ، ئۆزىگە تايىنىپ ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىشنىڭ مىننىتى بولمايدۇ.

▲ ئادەم ــ ئادەم بىلەن ئەپ ئۆتەلىسە ئادەم، بولمىسا ماتەم.

▲ تارىخ ھەقىقي يېزىلغان بولسا، گۇمانلىنىدىغان ئادەم چىقمىغان بولاتتى.

▲ تەدبىرى كۆپنىڭ ھىيلىسى كۆپ.

▲ باشقىلارغا ھەسەت قىلغۇچە، ئۆزۈڭگە دىققەت قىل.

ــ ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە 5 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

## ئەقلىيەدىن دۇردانىلەر

▲ قاراكۆچ ئىشلىتىش ــ ھايۋاننىڭ تەبىئىتى، ئەقىلگە تايىنىش ــ ئىنساننىڭ پەزىلىتى.

▲ باشقىلارنىڭ ئىزىدىن ئەگەشكەن ئىزسىز قالار، سۆزىگە ئەگەشكەن پىكىرسىز.

▲ قورقۇش ــ يېرىم ئۆلۈش.

▲ سەھرالىقلار ئىشچان، تىرىشچان كېلىدۇ، شەھەرلىكلەر گەپدان، ئېھتىياتچان.

▲ ئادەم ئارمان بىلەن ياشايدۇ، پۇشايمان بىلەن ئۆلىدۇ.

▲ دادا بولساڭ ئۈچنى قىلما: بالاڭنىڭ ئالدىدا ئادەم تىللىما، يالغان سۆزلىمە،غەيۋەت قىلما.

▲ دىلىڭىز چاڭقىغان، پىكرىڭىز قىسىلغان، ئەقلىڭىز يەتمىگەن، روھىڭىز قورۇنغان چاغلاردا «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا مۇراجىئەت قىلىڭ.

▲ پۇرسەتنى قىزلارنى كۆزەتكەندەك كۆزەت، مەھبۇبەتەك چىڭ قۇچاقلا.

▲ نادان كىشىنى باشقۇرماق ئاسان، ئۆزگەرتمەك تەس.

▲ دېھقاننىڭ كۆڭلى، كادىرنىڭ بېلى تۈز.

▲ گراماتىكا ــ سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ قېلىپى، ئىستىلىستىكا ــ بېزىكى، لوگىكا ــ مېغىزى.

▲ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى ــ دېھقاننى بازارغا يېتەكلەش، مائارىپ بىلەن يۆلەش، ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەش، پەن ـ تېخنىكىغا باشلاش، ئەسكى ئادەتنى تاشلاش.

▲ ئاتا يا ئاپىسىنى ئاغرىغاندا «مەن باقىمەن» دەپ تالاشقاننى كۆرمىدىم. ئۆلۈپ قالسا، مىراس تالاشقاننى كۆپ كۆردۈم.

▲ ئايالىڭدىن كۆرگىچە ئۆزۈڭدىن كۆر؛ كېلىنىڭدىن كۆرگىچە ئوغلۇڭدىن كۆر.

▲ قانۇن دۆلەتنىڭ تۈۋرۈكى، ئەخلاق بايرىقى.

▲ ئاتا بالىنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىدىغان پوتا، مۇئەللىم بالىنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە شوتا بولالىسا، بالىنىڭ چىقىدىغان ئورنى مۇنبەر بولىدۇ.

▲ بالاڭنىڭ ۋاپادارلىقىنى بىرى موھتاجلىقتا، يەنە بىرى ئاغرىپ ياتقاندا سىنا.

▲ تارىخ قەھرىمانلارنىڭ قېنى، ئاجىزلارنىڭ كۆز يېشى بىلەن يېزىلغان خاتىرە.

▲ بازار ئايلانساڭ مەنپەئەت بار، مازار ئايلانساڭ ئىبرەت.

▲ ئىجتىمائىيىتىمىزدىكى «يۈز مىڭلىغان نېمە ئۈچۈن؟»گە جاۋاب ئىزدىسىڭىز «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ئوقۇڭ.

ــ ياقۇپ ھەمدۇللا

---

ئاپتور: مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيە ئۇيغۇر ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى مۇئەللىمى

* * *

▲ بىرىنچى قېتىم كۆردۈك، ھەيران قالدۇق؛ ئىككىنچى قېتىم كۆردۈك، ئويلاندۇق؛ ئۈچىنچى قېتىم كۆردۈك، ھەل قىلىش يولىنى ئىزدىدۇق. مانا بۇ سەندىكى ئويغىنىشتۇر.

ــ شىرمۇھەممەت تۇردى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ساقچى ئوفىتسېرلار ئالىي تېخنىكومى 7-جوڭ ئەترەت 20- تارماق ئەترەت (قانۇن فاكۇلتېتى)نىڭ ئوقۇغۇچىسى

## ئۆپۆق سادالىرى

▲ ئەتراپىڭدا ئەقىللىق ئادەملەر كۆپەيگەنسېرى مەنىۋى يولۇڭ كېڭەيگەن بىلەن، ياشاش يولۇڭ شۇنچە تارىيىدۇ.

▲ تالانت – ئىقتىدارنى پۇرسەت ئىسپاتلايدۇ.

▲ يوشۇرغان نەرسىنىڭ ھەممىسى سىر ئەمەس؛ پەقەت يوشۇرۇشنى بىلگەن ھەم يوشۇرالىغان نەرسە سىردۇر.

▲ مەغلۇبىيەتتىن كېيىن قايتا باش كۆتۈرگەن (ئىشنى قايتىدىن باشلىغان) ئادەم – ئۈچى قۇرۇپ، تۈۋىدىن كۆكلىگەن كۆچەتكە ئوخشايدۇ.

▲ سوئال – جۈرئەت.

▲ خاتالىق (سەپسەتە)سايىگە ئوخشايدۇكى، بىز ھەقىقەتكە كەينىمىزنى قىلغان ۋاقتىمىزدىلا (ئۇ) ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ.

▲ ھېسسىيات – يوشۇرغاندا ئۆرلەيدىغان، ئاشكارىلىغاندا تۆۋەنلەيدىغان تېرمومېتىر.

▲ يۈرەكنىڭ نېمىلىكىنى، بىرگە، قارشى چىقالىغاندا، يەنە بىرگە، تەسلىم بولغاندا بىلەلەيسەن.

▲ سېنى ماختايدىغانلار كۆپەيسە،ئەتراپىڭغا دىققەت قىل؛ تىللايدىغانلار كۆپەيسە، ئۆزۈڭگە دىققەت قىل.

▲ ھەقىقەتنى سەپسەتە باش كۆتۈرگەن جايدىن ئىزدىسەڭ، ئەڭ ساپ چىقىدۇ.

▲ سەن باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىشتىن بۇرۇن ئىشەنچىسىدىن قېلىشنى ئويلا، شۇندىلا ئۆزۈڭنى يوشۇرۇن تەرەققىي قىلدۇرۇش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيسەن.

▲ باشقىلار بىلەن كۆپ پاراڭلىشىش – بىر بولسا بىلىمىڭنى ئاشۇرىدۇ، يەنە بىر بولسا نادانلىقىڭنى چاندۇرىدۇ.

▲ نامىڭنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتكەندە سەن بىر بولسا ئەڭ ياخشى ئادەمگە، يەنە بىر بولسا ئەڭ ئوسال ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان بولىسەن.

▲ بىراۋنىڭ شەخسىيىتىنى سورۇشتۇرگىنىڭ – ئۇنىڭ ئاجىزلىقىنى سورۇشتۇرگىنىڭ.

▲ ھۆرمەتنىڭ يوقىلىشى – ئىسمىڭنىڭ بۇزۇپ ئاتىلىشى بىلەن باشلىنىدۇ.

▲ سۆيگۈ-مۇھەببەتنى چۈشەنگەن ۋاقتىڭدا نىكاھقا، چۈشەنمىگەن ۋاقتىڭدا ئازابقا ئايلىنىدۇ.

▲ ئايالنىڭ بىر كۆلكىسى مىڭ ئەرگە تېتىسا،ئەرنىڭ بىر قەھر-غەزىپى پۈتكۈل بىر ئەلگە تېتىيدۇ.

▲ ئاياللارنىڭ دەرد تۆككىنى(يىغلىغىنى)يەڭگىللىكى بولسا، ئەرلەرنىڭ دەرد تۆككىنى – يېڭىلگىنى.

– مەھمۇتجان ئابدۇۋەلى داۋۇد ئۇيغۇرزادە

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت لەڭگەر مەھەللىسىدە ، دېھقان

* * *

▲ ھەسەت، ئۇ ۋاقتى كەلگەندە ھەرقانداق ئېسىل ئادەمنىمۇ تېزلا شەخسىيەتچىگە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ.

– بەھرىنسا ئادىل دىلدىكار

---

ئاپتور: ئۈرۈمچى«پىدا»شىركىتى«پىدا»كىتابخانىسىنىڭ خادىمى

▲ رىقابەتچىڭنى دۈشمىنىم دەپ تونۇدۇڭمۇ، يېڭىلگىنىڭ شۇ.

– قاسىمجان ئەمەت

---

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ ۋەدە – قەرز، ۋاقتى كەلگەندە تۆلەيسەن.

▲ بىر ياخشى ئىش–ئەڭ ياخشى تەشۋىقات.

– ئابلەتجان شۈكۈر(خۇش چاقچاق)

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە دۆڭقوتان بازىرى لەڭگەر كەنتىدە، دېھقان

▲ چۈشەنگەن ئادىمىڭلا سېنىڭدىن ئېھتىيات قىلىدۇ.

▲ تىككەن قايەردە؟ مېنىڭچە، يەنىلا ئۆزۈڭ تىككەن كۆچەتلەر ئارىسىدا.

▲ ئۆلۈمگە يېقىنلار غەلىبىگىمۇ يېقىندۇر.

▲ تاتلىق نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالىدىغىنى كۆپىنچە نەشتەرلىك ھەرە بولىدۇ.

▲ كۈچى يەتمىگەنلەر گەپ قىلىدۇ، كۈچى يەتكەنلەر ئىش.

– غوپۇرجان ياقۇپ(سەگەك)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە يېڭىشېرىق يېزا قۇملۇق كەنت مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## تەنھا پىكىرلەر

▲ كۈتمىگەن يەردىن چىقىشنىڭ ئۆزى بىر غەلىبە.

▲ دۇنيا – «تاللاش بازىرى»ئەمەس، بەلكى «شاللاش بازىرى»دۇر.

▲ ھېسسىياتتىن چۇقان چىقىدۇ، ئەقىلدىن پىكىر.

▲ يوقالماسلىق ئۈچۈن تىرىشىش، ئۇنتۇلماسلىق ئۈچۈن يارىتىش كېرەك.

▲ قەھرىمانلىقتىن شۆھرەت، نامەردلىكتىن لەنەت تۇغۇلىدۇ.

## سوغۇق تۇيغۇلار

▲ چىدىماسلىق قىلىش ئۈچۈن باھانە كېرەك، شۆھرەت تېپىش ئۈچۈن جەريان.

▲ تىرىشىپ مەغلۇب بولساڭ ئۇ بىر سىناق، تىرىشمايلا يىقىلساڭ ئۇ ھالاكەت.

▲ تەۋەككۇلچىلىك قىلىش ئۈچۈن جۈرئەت كېرەك بولغىنىدەك، ۋاز كېچىش ئۈچۈنمۇ چىدام ۋە رەھىمسىزلىك

ئۇيغۇر كىتابلار تورى www.uyghurkitap.com

كېرەك.

▲ رەقىبىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىيالمىغان كىشىنىڭ ئۇلۇغۋار قەسەملىرى پەقەت شوئارلا، خالاس.

▲ تارىختىن تەسەللىي ئىزدىگەن ئادەمگە تارىخ كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز يۈك ئارتىپ قويىدۇ.

## زامان تەقەززا پىكىرلەر

▲ ئېتىقاد بىلەن نەپس ئۈچ جايدا ئەڭ قاتتىق تىركىشىدۇ: 1. قىز - ئاياللار ئالدىدا؛ 2. بايلىق ئالدىدا؛ 3. ھوقۇق - مەنسەپ ئالدىدا.

▲ بىر مىللەت ئۈچۈن ئىقتىساد بىلەن مەدەنىيەت گويا كىيلىك بىلەن قان، سىياسىي بولسا قول - پۇت، سەنئەت بولسا ئۇنىڭ مىجەزىدۇر.

▲ ئىقتىساد بىلەن تېخنىكا زىچ بىرلەشكەن مىللەت تەرەققىياتقا ئالدىنى قىلغان مىللەتتۇر؛ سەنئەت بىلەن نامراتلىق ھۆكۈم سۈرگەن مىللەت بولسا، قۇل بولۇشقا تەييار تۇرغان، ھالاكەتكە قەدەم قويغان، باشقىلار ئۈچۈن ئىبرەت ئەينىكى بولۇشقا باشلىغان مىللەتتۇر. بۇنىڭ مىسالى سىگانلاردۇر.

▲ ئۆزۈڭنى تونۇ! بىراق زىيادە ياۋاشلىشىپ كەتمە؛ ئۆزۈڭگە ئىشەن! بىراق زىيادە ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمە.

▲ نىشانى نائېنىقلارنىڭ تۈنۈگۈنى پۇشايمان ئىچىدە، بۈگۈنى تۇمان ئىچىدە، ئەتىسى بولسا تۈگىمەس خىيال ئىچىدە ئۆتىدۇ.

▲ تارىخ ھەر بىر قەدەمدە ئىزدەنگۈچىگە مەدەت، چېكىنگەنگە لەنەت، ئويلانغانغا ئىبرەت سوۋغا قىلىپ تۇرىدۇ.

## خاتىرەم قۇرلىرىدىن

▲ دوستۇڭنىڭ نەسىھىتىدىن ھەقىقەتنى بىلەلمەي يۈرسەڭ، دۈشمىنىڭنىڭ قىلىچى ساڭا ئاخىر ھەممىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

▲ مەن نېمە ئۈچۈن غەلىبە قىلدىم؟ چۈنكى مەن كىتابنى ئۇستاز، روھ تىۋىشلىرىغا تەدبىر بەلگۈلىگۈچى، ھېسسىياتىمنى ۋەزىر، تەپەككۇرۇمنى ھۆكۈمران، تېنىمنى ئەسكەر قىلىپ رىقابەتكە قاتناشتىم ئەمەسمۇ؟!...

▲ ساڭا قىزىقمەنۇ بىراق سەن ماڭا قىزىقمايسەن، ئەنە شۇنداق بولغاچقىلا «غەيۋەت» دېگەن بۇ بالا تۇغۇلغان.

▲ ئەقىل — قىلىچنىڭ بىسى، ھېسسىيات — سېپى، ئېتىقاد — ئاشۇ قىلىچنى باشقۇرغۇچى قولدۇر.

▲ ئەقىلگە ئىشارە قىلساڭ مېڭەڭ ئېچىلىدۇ، ھېسسىياتقا ئىشارە قىلساڭ كۆڭلۈڭ.

▲ ئۇرۇمچى — ئويغانغانلارنى ئۇخلاتمايدىغان، ئۇخلاۋاتقانلارنى ئويغاتمايدىغان شەھەردۇر.

— لۇتپۇللا ئەركىن

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شىمالىي مەكتەپ رايونى تىل ئىنستىتۇتى

تەييارلىق 7 - سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ تاياق ئادەمنى بىر بولسا تۈزىدۇ، بىر بولسا بۇزىدۇ.

▲ «ئەگەر» دەپ ئىش باشلىغۇچىلار ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالمايدىغانلاردۇر، «جەزمەن» دەپ ئىش باشلىغۇچىلار ئۆزىگە ئىشەنچ قىلالايدىغان كىشىلەردۇر.

▲ تەبىئىي يارىتىلمىغان ھەرقانداق نەرسىدە ساختىلىق مەۋجۇد.

▲ رىقابەت مەنپەئەتنى، مۇھەببەت كۆڭۈلنى ئاساسىي شەرت قىلىدۇ.

▲ ياشاش ئۈچۈن ھەم شاش ھەم تاش بولۇش كېرەك.

▲ قىزلار يۈرۈش - تۇرۇشىدىن، ئوغۇللار گەپ - سۆزىدىن بىلىنىدۇ.

▲ تىلنى بىلمەي سىرنى، سىرنى بىلمەي ئۆزىنى بىلگىلى بولماس.

▲ بىر ئىشنى باشلىماقتىن، ئاخىرلاشتۇرماق تەس.

▲ ياخشى نەرسە بازاردا تۇرمايدۇ.

▲ ئادەمنى بىرى مېھىر - مۇھەببەت، يەنە بىرى غەزەپ - نەپرەت ئىتتىك ئۆزگەرتىدۇ.

▲ مۇنداق ئىككى خىل ئادەم تېز ھۆرمەت تاپىدۇ: بىرى، ئەل سۆيگەن ئادەم، يەنە بىرى پەن سۆيگەن ئادەم.

▲ بىر مىللەتنىڭ تارىخىنى شۇ مىللەتنىڭ مائارىپى يازىدۇ.

▲ ئەمگەك — مەۋجۇدلۇقنىڭ ئاتىسى، ئەقىل — ئانىسىدۇر.

▲ تارىخ ئوقۇمىغان ئادەم ئاتا دۈشمىنىنى ئۇقماس.

▲ چۈشەنمىسەڭ ئىشەنمە.

▲ روناق تاپاي دېسەڭ ئىشنى ئەڭ ئاۋۋال سەھەر تۇرۇشتىن باشلا.

▲ ئادەمنى بىرى ئىشەنگەن دوست، يەنە بىرى پۇل ئىتتىك ئازدۇرىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ كۆزى چۈشكەن نەرسە ئادەمگە بىر بولسا كۆپلەپ دوست، بىر بولسا كۆپلەپ دۈشمەن تاپىدۇ.

▲ ئىلگىرى «پالۋان»لار ئۇستىخانلىق ئادەملەردىن چىققان بولسا، ھازىر پۇلى ۋە بىلىمى بار ئادەملەردىن چىقىۋاتىدۇ.

▲ باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشەي دېسەڭ، بىرى، گېپىنى بۆلمە، يەنە بىرى، كۆزىگە كىرىۋالما.

▲ ئەگەشكەننىڭ ئەركى يوق.

▲ ئەركەك دېگەن «ئېگىلمەس» دېگەنلىكتۇر.

▲ خىرىس — بىر ئىشقا كىرىش دېمەكتۇر.

▲ سىر — قۇلۇپ، ئەقىل — ئاچقۇچتۇر.

▲ قىزلار ئىقتىدارلىق ئوغۇللارنى، ئوغۇللار ئېپپەتلىك قىزلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

▲ قىز - ئايالنىڭ كۆڭلىنى بىلمەكچى بولساڭ قولنى تۇتۇپ باق.

▲ سەنتۇرۇلۇپ كەتمەي دېسەڭ غادىيىۋالما.

— ئابدۇغەنى توختى

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە بايئاۋات يېزا گۈلباغ كەنتىدە

* * *

▲ بىرى، ئەڭ خۇشال بولغان چېغىڭدا، يەنە بىرى، ئەڭ ئازابلانغىنىڭدا ئېسىڭگە كەلگەن دوستۇڭ ھەقىقىي سىرداش دوستۇڭدۇر.

— مەدىنە مەۋلان ئېلى

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كاتىباتلىق 2004-يىللىق 2-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ سەممىي- راستچىل ئادەمنىڭ ئۆزى پەيلاسوپ.

▲ چىن يۈرەكتىن ئېيتىلغان راست سۆزنىڭ ئۆزى ھەقىقەت.

▲ بىر كىشىنىڭ ناچار ئادەملىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆز قېرىندىشىنى پەس كۆرۈشى يېتىپ ئاشىدۇ.

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيلەرگە ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى قالدۇرمىغان.

## تەپەككۇر ئۈنچىلىرى

▲ دوست - دۈشمەنلىك كىچىككىنە مەنپەئەت ئۈستىدە، ئۇنىڭدىن ۋاز كېچەلىگەن كىشىنىڭ شۇ ۋاقىتتا دوستى بار.

▲ قەيسەرلىك ئىنسان تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچى، مۇشۇ باسقۇچتىن ئۆتكەندىن كېيىن ئادەم چېكىنىشكە باشلايدۇ.

▲ يالغۇزلۇقتىن قورقما، تەپەككۇرۇڭنى ئويغىتىدۇ؛ دوستلىرىڭنى كۆپ قىلىۋالما، ۋاقتىڭنى ئالىدۇ.

▲ باشقىلار ئويلىمىغاننى ئويلاپ باق، دېمىگەننى دەپ باق، سېنىڭمۇ يېڭىلىق يارىتىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېھتىماللىقىڭ زور.

— ئىسرائىل توختى

ئاپتور: نەنجىڭ تەبىئىي پەنلەر ئۇنىۋېرسىتېتى خىمىيە سانائىتى ئىنستىتۇتىنىڭ 2007-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى

## دېھقاننىڭ دەيدىغانلىرى

▲ قۇربىم يەتسە پۈتكۈل قىزلارنى يىغىپ گۈلمېھرى تۇرسۇننىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىل 1-سانىغا بېسىلغان «‹گۆھەر›زادى كىمگە تەئەللۇق؟» دېگەن بەدىئىي مۇلاھىزىسىنى بىر ئوقۇپ بەرسەم.

▲ مېنىڭ ئانام ئىككى: بىرى، مېنى تۇغۇپ بېجىرىم چوڭ قىلدى؛ يەنە بىرى، جاھاندارچىلىق قىلىشنى ئۆگىتىپ يولۇمنى ئوڭ قىلدى؛ ئۇ بولسىمۇ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى.

— ئابدۇۋەلى ئابدۇغەنى خاتىپ

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە لەڭگەر بوزىيەر دېھقانچىلىق مەيدانى باشتېرىم كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ كىشى ئۆزى قىلچە قىزىقمايدىغان ئىشنى قىلىشقا زورلانسا، بىر بولسا قاتتىق قېيىنىلىپ، يەنە بىر بولسا ساختىپەزلىك بىلەن پۈتتۈرىدۇ.

— شەرىپە سەمەت

ئاپتور: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىلى 2003-يىللىق سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ئاقىل تەپەككۇرلىرى

▲ ئالىم- پەيلاسوپلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولالمىغانلار «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسىنى ئوقۇسا كۇپايە.

▲ تاماكا — سەن بىلىپ تۇرۇپ ماڭىدىغان بارسا- كەلمەس يول.

▲ قولۇڭدىكى ناننى چىڭ تۇتۇپ يېيەلمىسەڭ، تىلەپ يېيىشكە مەجبۇر بولىسەن.

▲ سىزنى سۆيگەنلەرنى سىز سۆيمەيسىز، سىز سۆيگەنلەر سىزنى سۆيمەيدۇ. مانا بۇ ئۆتنە ئالەم.

— تۇردىمۇھەممەت نىيازباقى ئاقىل

ئاپتور: قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزا 2-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تىل-ئەدەبىيات مۇئەللىمى

* * *

▲ ھايات — ئىلگىرى كاللامدا سوئال دۈۋىسى، ھازىر كاللامدا ۋاقىت جېڭى.

— مەلىكەم ياقۇپ

ئاپتور: ئاراتۈرك ناھىيە توخۇلۇ يېزا بېدىلىك كەنتىدە، دېھقان

▲ ئەمگەك بىلەن يەر كۆكىرىدۇ، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلى بىلەن كۆڭۈل.

— ئۆمەرجان ئابلا(تەنھا)

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە 1-ئوتتۇرا مەكتەپ 3-يىللىق 4-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تىلىمدىن ئەمەس، دىلىمدىن پىشقان مېۋىلەر

▲ تۇل ئايال — شورلۇق، تەنھا ئەر — مېۋىسىز باغ.

▲ بەڭگى قېرىسا ئىت بولىدۇ، جىگدە قېرىسا چىت.

▲ شەھەردە كۆپىيىپ كەتكەن نەرسە نەغمە-ناۋا، مۇزىكا؛ يېزا-قىشلاقلاردا بولسا شوئار بىلەن لوزۇنكا.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ژۇرناللارنىڭ سەرخىلى.

ئۇندا چاقنىغان ھېكمەتلەر ئوت يۈرەك ئاپتورلار ھەيكىلى.

ــ تۇردى ئالاۋۇش

---

ئاپتور: كۇچا ناھىيە خانىقتام يېزا چىمەن كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ يۇرتۋازلىق ــ بۆلگۈنچىلىكنىڭ ئاساسى.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشىدۇر.

▲ ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ــ قانداق قىممەت يارىتالىغانلىقىڭدا.

ــ تۇرسۇنئاي نەبى

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە چىگىسخوزا بازار 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى

▲ ئەسكى چاپاننىڭ ئىچىدىكى ئادەمگە سەل قارىماڭ. ئەجەبا سىز ئەسكى غىلاپنىڭ ئىچىدىن ئۆتكۈر پىچاقنىڭ چىقىدىغانلىقىغا ئىشەنمەمسىز؟

▲ كىشى كۆرمىدى دەپ يامانلىق قىلمۇەرمە، كۆز بىلەن قۇلاق بىكارغا يارىلىپ قالمىغان.

ــ رەھىمجان نەئىم

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەللەر تىللىرى ئىنستىتۇتى ئىنگلىز تىلى 2004 ـ يىللىق 2 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاياللارنىڭ ئائىلىگە كۆڭۈل بۆلمەسلىكى نورمالسىزلىق، ئەرلەرنىڭ سىياسىيغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ئاپەت.

ــ جۇمە گايىت

---

ئاپتور: بۈگۈر ناھىيە يېڭىسار يېزا سايىمەھەللە كەنتىدە، دېھقان

▲ يېمەكلىكنى قالايمىقان ئىستېمال قىلساڭ ئاشقازاننى، مەدەنىيەتنى قارىغۇلارچە قوبۇل قىلساڭ ئۆزۈڭنى بۇزىسەن.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ھەر قېتىم كۆرسەم ماڭا بىر قېتىم ئەقىل قوشۇلىدۇ.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ يېڭى بىر سانىنى ئوقۇسام، ئۆزۈمدىن چوڭ بىر كەمچىلىك تۇگەيدۇ.

ــ ئالىمجان مۇھەممەت

---

ئاپتور: يوپۇرغا ناھىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 5 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## ھېكمەت ئۇچقۇنلىرى

▲ يېپى ئۇزۇن لەگلەكنى باشقۇرۇش قىيىن.

▲ تۆھپىسى يوق كىشىلەرنىڭ باشقىلارنى تەنقىدلەش ھوقۇقى يوق.

▲ كۆپنى كۆرگىنى كۆز، بالا تاپقىنى سۆز.

▲ ئىشنى مەنىلىك قىلغىنى ئەقىل، سۆزنى مەنىلىك قىلغىنى نەقىل.

▲ يۈك توشۇپ تاپقىنى ھالال، گەپ توشۇپ تاپقىنى دەللال.

▲ ئەڭ چوڭ قۇلدار ــ پۇل.

▲ تاجاۋۇزنىڭ مەقسىتى ــ مەنپەئەت، قوغدىنىشنىڭ مەقسىتى ھەقىقەت.

ــ ئەيسا ھاجىم مۇختار

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۈمىد ــ قىشتا چىققان قۇياش، پىژغىرىم ئىسسىقتا ياغقان يامغۇر.

ــ مېھرىبان تۇردى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن ئىنستىتۇتى 2006 ـ يىللىق 6 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## روياپقا چىققان ئىزتىراپلىق خىياللار

▲ سالام ــ بىراۋغا ھۆرمەت، ئۆزۈڭگە ئىززەت.

▲ گەپ توشۇغۇچى ــ يوشۇرۇن بومبا ئورۇنلاشتۇرۇۋاتقان دۈشمەن.

▲ ھەقىقەت ــ سەت چىرايلىق، سەپسەتە ــ چىرايلىق سەت.

▲ مۇھەببەتتە ۋىسالغا يېتىش ــ ئوت ئىچىدىن تىرىك چىقىش.

▲ كۆز بىلەن بىراۋنى كۆرسەن، ئەقىل بىلەن ئۆزۈڭنى تونۇيسەن.

▲ كۆزنىڭ روشەنلىكى يۈرەككە تۇتاشقانلىقىدا.

▲ ئىمتىھان نەزەرىيىۋى بىلىمىڭ بىلەن، جەمئىيەت ئەمەلىيىتىڭ بىلەن تاللايدۇ، شاللايدۇ.

▲ ھەي ئوغۇل، ئىسمىنى تووۇلغۇچە دىككىدە قارىغان ئەمەس،ۋىللىدە قىزارغان قىزغا ئۆزۈڭنى ئاتاپ قوي.

▲ تەرەققىيات ــ ھەم گۈل ھەم كۆل.

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى»سەھىپىسى ــ ھەر بىر تەپەككۇر ئىگىسىنىڭ تەپەككۇر پىچىقىنى بىلەيدىغان بىلەيتاش.

▲ سەھرادىكى بايلارنىڭ ئۆيىدە قوي، شەھەردىكى بايلارنىڭ ئۆيىدە زىياپەت، قاتار چاي، ئولتۇرۇش، توي كۆپ.

▲ چىراي كۆيدۈرگەن بىلەن، كۆڭۈل سۆيدۈرىدۇ.

▲ بۆھتان ــ «يېمىگەن ماننىنىڭ پۇلىنى تۆلەش».

▲ ھېسسىيات ــ ئادەمنىڭ ئەڭ يامان «شەيتان»ى.

▲ ئەقىل ــ ئادەمنىڭ گۈزەل كىلەچىكى.

▲ كۆيۈمچان ئانا قىزىغا مېھىر ـ مۇھەببەتتىن، مەسئۇلىيەتچان ئاتا ئوغلىغا قەدىر ـ قىممەتتىن دەرس بېرىدۇ.

▲ ھۇرۇننىڭ بەختى پەقەت ئارزۇ ـ ھەۋەستىنلا ئىبارەت، خالاس.

▲ ئىككىلىنىش ــ دۈشمەننى قورالاندۇرۇش.

▲ ئىزدىنىش — جەننەتنىڭ ئاچقۇچىنى تېپىش.

▲ جۇپ ياشاش هايات پەيزىنى سۈرۈش ئەمەس، هاياتلىق زەنجىرىنى ئۇلاشتىن ئىبارەت.

▲ دۈشمەنلەر بىر رېلىستا ئۇزئارا قارىمۇ قارشى كېلىۋاتقان ئىككى پويىزغا، دوستلار كەڭ تاشيولدا بىر ـ بىرى بىلەن ياندىشىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا ئوخشايدۇ.

▲ بىر كورۇپ كۆيگەننى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇغىلى بولمايدۇ.

▲ ئادەم بىلەن هايۋاننىڭ هەر ئىككىلىسىدە يات جىنسقا ئىنتىلىش بولىدۇ، ئادەم پەقەت ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش بىلەن هايۋاندىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

▲ تەمە قىلىش سىنى باشقىلارغا تەۋە قىلىپ قويىدۇ.

▲ سېنىڭ دىققىتىڭنى ئۆزىگە تارتقان نەرسە، يا سەن تۇنجى قېتىم كۆرگەن، ياكى سەن ئۆزۈڭدىن بېرى كۆزلىتىپ كېلىۋاتقان نەرسىدۇر.

▲ تەرەققىيات — بىرىنى يوقىتىپ بىرىگە ئېرىشىش دېمەكتۇر.

▲ مۇھەببەتنىڭ تاتلىقى هېسسىيات، ئاچچىقى مەسئۇلىيەت.

▲ كۆڭۈل چەكسىز بولسىمۇ، بىردىن ئارتۇق ئادەمنى سىغدۇرالمايدۇ.

▲ تەپەككۇر — كۆزى ئېچىلغان بوۋاق.

▲ سۆيگىنىڭنىڭ لېۋىگە قونغىچە، يۈرىكىگە ئۇۋا سال.

▲ شەرمەندە ئىككى قېتىم ئۆلىدۇ، لېكىن بىر قېتىم دەپنە قىلىنىدۇ.

— سەلەيجان روزى

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ ئۇدۇلدىن قارىسا ئادەم پۈتۈن كۆرۈنىدۇ، ياندىن قارىسا يېرىم.

— هېۋىزۇللا

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پېشقەدەم كادىرلار باشقارمىسىنىڭ پېنسىيونېرى

▲ «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» ئارقىلىق پۇل ـ مۇئامىلىنى چۈشەنسەك، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى ئارقىلىق ئۆزىمىزنى چۈشىنىدىكەنمىز.

— ئىمىنتوختى هېيت

ئاپتور: لوپ ناهىيە 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 2 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ «تەپەككۇر كۆزى» سەھىپىسى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى «قۇتادغۇبىلىك» دۇر.

▲ ئاجراشقان ئاتا ـ ئانىلار — ئۆز پەرزەنتىنىڭ كېيىنكى ئىستىقبالىنى دوغا تىككەن قىمارۋازلاردۇر

— گۈلباهار ئابدۇرەشىد

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىغا ئەقلىيە يېزىپ ئەۋەتىۋاتقانلار تەپەككۇر دۇنياسىنىڭ سىرىنى ئېچىۋاتقانلاردۇر.

▲ نادانلىق چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.

— تەنها

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيىلىرىگە ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان.

▲ غەمدىن قۇتۇلغانلار ئۆلگەنلەردۇر، شۇڭا هاياتلا بولىدىكەنمىز غەمدىن قۇتۇلالمايمىز.

▲ دوستۇم، رەقىبىڭ بىلەن يېقىنلىشىشنى ئويلامسەن؟ ئۇنداقتا، رەقىبىڭنىڭ سېنىڭدىنمۇ كۈچلۈك رەقىبكە يولۇقۇشنى كۈتۈپ تۇر.

ئەپسۇس، ئاپتور مەزكۇر ئەقلىيىلىرىگە ئىسىم ـ فامىلىسى ۋە ئادرېسىنى يېزىشنى ئۇنتۇغان.

▲ ياشلىقتىكى زېرىكىش هۇرۇنلۇقتىن،
قېرىلىقتىكى زېرىكىش ماغدۇرسىزلىقتىن.

▲ قىسمەتنى بىر بولسا باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلمىگەنلەر، يەنە بىر بولسا باشقىلارنىڭ ئىشەنچىسىدىن قېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلار كۆپ قىلىدۇ.

— نۇرمۇهەممەت مجىت

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇر تىل ـ ئەدەبىياتى 2004 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ باشقىلار سىنى ماختىغاندا ئېغىزىڭغا ئەمەس، كۆزىگە باق.

— مەلىكەم ئۆمەر

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئادەمگە 20 ياشنىڭ تۆپىسىدە كىرگەن ئەقىل جاسارەت، ئىشەنچ، 30 ياشنىڭ تۆپىسىدە كىرگەن ئەقىل تەشۋىش، 40 ياشنىڭ تۆپىسىدە كىرگەن ئەقىل پۇشايمان ئەكېلىدۇ.

▲ ئاياللار تۇنجى نىكاهىدا مەغلۇب بولسا ئۆز كەسپىدە نەتىجە قازىنىش ئارقىلىق ئۆز دەردىگە تەسەللى تېپىشنى ئويلايدۇ.

— جۈرئەت ئاۋۇت

ئاپتور: ئاۋات ناهىيە تامتوغراق يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

▲ ساددا ئەر يالغانچى خوتۇننىڭ سومكىسى.

▲ دۇنيانىڭ تەقدىرىنى ئىقتىساد بەلگىلەيدۇ.

▲ زېمىن — ئېچىل داستىخان.

ـ سەۋرىدىن ھەنىپىدىن

---

ئاپتور: قاراماي شەھەر جەرەنبۇلاق رايونى نېفىت بۇرغىلاش 1 ـ شىركەت 30586 ـ ئەترەتنىڭ ئىشچىسى

▲ ئالىمنىڭ گېپى توك جەمئىيەت ــ زالىمنىڭ ئىشى ئوك، گېپى چوك جەمئىيەتتۇر.

ـ مەتقاسىم ئوسمان

---

ئاپتور: نىيا ناھىيە ئامانەت قەرز كوپېراتىپىنىڭ خادىمى

## مەن ئويلاپ قالدىم

▲ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشى ــ ئىلىم ـ بىلىمنىڭ قەبرىگاھى.

▲ نۆۋەتتىكى ئىقتىدار مۇنداق ئۈچ نەرسىنى شەرت قىلىدۇ. 1. بىلىم، 2. ئىقتىساد، 3. مۇناسىۋەت.

ـ ئابدۇزاھىر ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتور: قىرغىز، شىنجاڭ ئىسلام دىنى ئىنستىتۇتى 2005 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ بىرسىنى چۈشىنەي دېسەڭ، ئاۋۋال ئۇنى چۈشىنىدىغانلار بىلەن دوست بول.

▲ ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان ئىشلارغا يولۇققاندا، ۋاز كېچىشنى بىلىڭ.

ـ مېھراي ئەركىنجان

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇچۇر قۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ خۇشال بولغاندا دوستلار بىزنى تونۇيدۇ، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا بىز دوستلارنى تونۇيمىز.

ـ قەلبىنۇر سىيتنىياز (چاقماق)

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر تەرمىچىلىرى

▲ سەممىيلىك ــ بىر ئادەمنىڭ ئۆزىدىكى خاتالىقنى تونۇش دەرىجىسى.

▲ ھەرقانچە ئالدىراش بولساڭمۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەن «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىدىن بىر جۈملە ئوقۇپ قوي، ئوقۇيالمىساڭ ئوقۇتۇپ ئاڭلا. تەپەككۇرۇڭ ئويغىنىدۇ، ئەقلىڭ ئېچىلىدۇ، قولۇڭ ئىختىيارسىز بىلىم ئىشىكىنى چېكىدۇ.

▲ بايلىق ياراتمىغان بىلىم قۇراشتۇرۇلمىغان زاپچاسلارغا ئوخشايدۇ. زاپچاسلار قۇراشتۇرۇلمىسا تۆمۈر ـ تەسەكتىن پەرقى قالمايدۇ.

▲ ئۇلۇغۋار گەپلەرمۇ ئەمەلىيەتتىن يىراقلاپ كەتسە، سەپسەتىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

▲ باشقىلار سېنى قانچە تەتقىق قىلغانسېرى، چۈشەنگەنسېرى، سەن باشقىلارنىڭ نەزەرىدە شۇنچە ئاجىزلاشقان ھېسابلىنىسەن. ئەكسىچە، ئۆز ـ ئۆزۈڭنى تەتقىق قىلغانسېرى، چۈشەنگەنسېرى شۇنچە قۇدرەت تاپىسەن.

▲ بالىلىرىڭغا كىچىك چېغىدىلا ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناشنى ئۆگەتسەڭ، چوڭ بولغاندا ناخشا ئېيتىدىغان، ئۇسسۇل ئوينايدىغان جايلارغا بارماي، نەگە بارسۇن؟

ـ مۇھەممەتجان ئابدۇغەنى

---

ئاپتور: كېرىيە ناھىيە خەلق قوراللىق بۆلۈمىدە ئوفىتسېر

## روھ ئايدىڭى

▲ ئۈمىدسىزلىك ــ ئۈمىدىنىڭ ياردار قىياپىتى.

▲ ئىشەنچ ــ مەڭگۈلۈك سۈبھى.

▲ شېئىر ــ روھ ئۆزلۈكى.

▲ روھ ــ ئەركىن قۇش.

▲ تەكلىماكان ــ ئۇيغۇر تارىخى ئۆتمۈشىنىڭ يىلتىزى ساقلانغان قەلئە.

▲ ئاداۋەت ــ نادامەت.

ـ ئابلەت مۇھەممەت كۈيزار

---

ئاپتور: يەكەن ناھىيە ئالمەت يېزا سۆگەتلىك كەنت پاشالىق ھويلا مەھەللىسىدە، دېھقان

## تۇرمۇش ھاسلاتلىرى

▲ سىر بېرىش ــ شاش ئاتىنىڭ نوقتىلىنىشى.

▲ تەكرارلانغان يول ــ دۈشمەنگە ئاشكارىلانغان ئاجىزلىق.

▲ سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ــ نىكاھنىڭ يىلتىزى، پەرزەنت ــ مېۋىسى.

▲ سېنى ھەممىدىن بەك چۈشىنىدىغان ئادەم بىر بولسا دوستۇڭ، بىر بولسا دۈشمىنىڭدۇر.

▲ شوقلۇق ــ قىزلارنى شەرم ـ ھايادىن، ئوغۇللارنى ئەرلىك جاسارەتتىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

▲ ئايال ــ ھېسسىياتنىڭ باھار پەسلى، ئەر ــ ھېسسىياتنىڭ كۈز پەسلى.

ـ مۇھەممەتئىمىن يۈسۈپ

---

ئاپتور: قاغىلىق ناھىيە زۇڭلاڭ يېزا كەڭساي باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى

## قارىچۇقتىكى ھىجرانلار

▲ سەۋر قىلىش ــ ۋاقىتنى يوشۇرۇش.

▲ هايا كۆزدە، رىيا سۆزدە بولىدۇ.
▲ دانالار سورۇنىدا سۆھبەت تولا، نادانلار سورۇنىدا تۆھمەت.
▲ ئۆمۈرلۈك سۆيگۈ-مۇھەببەت — ھەم تۈنجى ھەم ئاخىرقى مۇھەببەتتۇر.
▲ ھېسسىيات — ئەقىل كەسكۈسى.
▲ ھۆرمەت — ئەخلاق چاچقۇسى.
▲ تەپەككۇر — سىرنى ئاچقۇچى.
▲ خائىن ئۆز تۇركۇمىنى سېتىشتىن بۇرۇن ئۆزىنى سېتىۋېتىدۇ.
▲ ئۆزىگە سوت ئاچقانلىق — تەقدىرگە تەبىر بەرگەنلىكتۇر.
▲ سۆزدىن تېنىش چىدىماسىنىڭ، پاكىتتىن تېنىش قورقۇنچاقنىڭ ئىشى.
▲ كۈتۈش — ۋاقىتنىڭ ئەڭ ئاستا ئۆتىدىغان مەزگىلى.
— تۇرسۇنجان قاسىم

ئاپتور: ئاقتو ناھىيە بارىن يېزا قىزىلئۆستەڭ كەنت قارىياغاچ مەھەللىسىدە، دېھقان

# تەپەككۇرۇمغا تېز سىزما

▲ سۆكۈت ئاياللارغا سۇر بېغىشلايدۇ.
▲ قىزىقىش — روھىي دۇنيانىڭ يول خېتى.
▲ ياشلىقىڭدا غەيرەت-شىجائەت، قىرانلىقىڭدا ماھارەت، ياشانغانىدا ساۋاق-ئىبرەتنى تاپمىساڭ بۇ ھاياتتا ياشىدىم دېمە.
▲ پۇلنىڭ بايانى: ماڭا باش قويساڭ خوجايىنمەن، مېنى ۋاستە دېسەڭ خوجايىنسەن.
▲ نەقىل نەقىنىڭ كۆزى، ئەقىل ھەقنىڭ نۇرى.
▲ ھەۋەس ھەسەتكە ياكى قايىللىققا سۆرەيدۇ.
▲ ھايا — ئىنسانلىق تاج.
▲ تۇرمۇشتا ئەسقاتىدىغىنى كۈچ ئەمەس، پەم.
▲ روھىيەتكە قىلىنغان تاجاۋۇزلۇق زېمىنغا قىلىنغان تاجاۋۇزلۇقتىن ئەجەللىك بولىدۇ.
— ئابلەت روزى

ئاپتور: پەيزاۋات ناھىيە خۇشئاۋات يېزا يۈكمەچلىك كەنتىدە، دېھقان

* * *

▲ ھوقۇق بىلەن قىزلىق ئوخشاش مەنتىقە، ئىككىلىسى ۋىجدان ئارقىلىق ھۆرلۈككە ئېرىشىدۇ، نومۇسسىزلىق بىلەن ئۆزىنى يوقىتىدۇ.
▲ ئەرلەرنىڭ ئاچچىقى كۆزىدىن، ئاياللارنىڭ ئاچچىقى سۆزىدىن .
— تۇرسۇن ھەسەن

ئاپتور: مەكىت ناھىيە قۇرما يېزا تېرىممەھەللە كەنتىدە، دېھقان

# ئويغاق خىياللار

▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىغا ئاپىرىن ئېيتماي تۇرالمايمىز، چۈنكى ئۇنى ئوقۇپ نۇرغۇن قىز يامان يولدىن قايتتى.
▲ مۇھەببەت كەمبەغەلنىڭ يۈرىكىدە، ئاشىقنىڭ دىلىدا، دەردمەننىڭ ناخشىسىدا، ساختىپەزنىڭ تىلىدا بولىدۇ.
▲ كۆرگەنلا ئادەمگە ھالىڭنى ئېيتىۋەرمە، ئۇ ئېغىزىدا ساڭا ھېسداشلىق قىلغان بىلەن كۆڭلىدە سېنى مەسخىرە قىلىدۇ.
— خانزۆھرە مەمتىمىن

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئۇچۇرقۇرۇلۇشى فاكۇلتېتى 2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ چىن ئادەملەرنىڭ قەلبىدە ئادەملەر مەنسەپدار - پۇقرا، باي - كەمبەغەل دەپ ئايرىلماي پەقەت ياخشى ۋە ناچار ئادەم دەپلا ئايرىلىدۇ.
▲ بىز ھاراق ئىچكەندە راست گەپ قىلىمىز. يامىنى، ئاڭلىغۇچىلارمۇ مەست بولغاچقا نۇتۇق تەسىرىنى كۆرسەتمەيدۇ.
ساق چاغدا ياغلىما گەپنى تولا قىلىمىز. لېكىن ئاڭلىغۇچىلار ساق بولغاچقا نۇتۇقنىڭ تەسىرى بولمايدۇ.
— ئېلى توختى (ئەينەك)

ئاپتور: باي ناھىيە 3-ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇئەللىمى

# تەپەككۇر چەشمىلىرى

▲ كۆز يېشى — پۇشايماننىڭ ساڭا تۇتقان بىر قەدەھ شارابىدۇر.
▲ سەممىيەت — ھۆرمەتنىڭ تۈۋرۈكى.
▲ رىقابەت — دەۋرىمىز ياشلىرىغا تاشلانغان كىملىك سوئالى.
▲ ئېرىشكىنىڭدىن مەھرۇم بولغىنىڭ كۆپ بولغاندىلا، سەندە قەدىر-قىممەت ئېڭى يۈكسىلىدۇ.
— نۇرئەھمەتجان ئىسمائىل

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى ئۇيغۇرتىل-ئەدەبىياتى2004-يىللىق 1-سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ مەندىكى ئەڭ ئېغىر كېسەل — روھىي بېسىم.
سەندىكى ئەڭ ئېغىر كېسەل — ئۆزۈڭنى ماختاش.
ئۇلاردىكى ئەڭ ئېغىر كېسەل — ئۆزىنى بىلمەسلىك.
▲ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى»ژۇرنىلىنى ۋاراقلىغىنىڭىز — بۈگۈنكى ئاگاھلاندۇرۇشتىن خەۋەردار بولغىنىڭىز.
— دىلنۇر دىلشاد

www.uygurkitap.com

---

ئاپتور: تاجىك، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 2007 ـ يىللىق 4 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئاتا ـ ئانائىڭنىڭ قاپارغان قوللىرىنى ئېسىڭگە ئالالماي قالساڭ، سەن بۇزۇپ ـ چېچىۋاتقان پۇلغا قارا...!

ـــ خەيرىنسا مەھمۇت

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى ئوفىتسېرلىرى مەكتىپى 2006 ـ يىللىق 6 ـ ئەترەت ئوقۇغۇچىسى

▲ ئىنسان تەپەككۇردىن ئايرىلغان كۈنى تىرىك مۇردىغا، ئەقىلدىن ئايرىلغان كۈنى ھايۋانغا ئوخشايدۇ.

ـــ ئابدۇللا ناسىر

---

ئاپتور: توقسۇ ناھىيە ئۆگەن يېزا ئورلۇق كەنتىدە، دېھقان

▲ دۇنيادىكى ئەڭ ئېغىر ئازاب، ئۆزى ئەڭ ياخشى كۆرگەن نەرسىدىن ۋاز كەچكەندىكى ئازاب بولسا كېرەك.

ـــ ئاتىكەم ھېكىم

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر 16 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 3 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ نادانلار بولغاچقىلا ئاقىللار قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرالايدۇ.

ـــ تاھىر مۇھەممەت(مەشئەلى)

---

ئاپتور: غۇلجا شەھەر «پەرىشتە»ئىچىتقۇ چەكلىك پاي شىركىتىنىڭ خادىمى

▲ خۇشاللىق بىلەن خاپىلىق سايىگە ئوخشايدۇ.

▲ غەيۋەتخورلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىشىدىكى ئەڭ چوڭ ئامىل ــ بىكارچىلىق.

ـــ پەرھات رېشىت(گۈلخان)

---

ئاپتور: قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ 3 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسدا چۈشىنىش، ئاتا ـ بالا ئوتتۇرىسدا ئىشىنىش، ئاكا ـ ئۇكا ئوتتۇرىسدا يەخىرلىنىش بولسىلا، بۇ ئائىلە چوقۇم روناق تاپىدۇ.

▲ ئۆزىمىزنى دائىم تەكشۈرۈپ تۇرمىساق، خاتالىقىمىزنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا بۇ خاتالىقلارنىڭ ئالدىنقاچان پەرزەنتىمىزدە ئايان بولغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىمىز.

▲ بالىلار قەلبى ئاق قەغەز بولماستىن بەلكى چالا پۈتۈلگەن پۈتۈك، ئوقۇتقۇچىلار پەقەت شۇنى تولۇقلاپ يازغۇچىدۇر.

▲ ئۆزىنى بىلگەن دەردتە قالماس، جاھاننى بىلگەن يەككە.

ـــ ئابدۇغەنى ئابدۇۋاھىد

---

ئاپتور: قەشقەر شەھەر تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتەپ تولۇق 1 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

▲ زالىملارنىڭ قامچىسى بىرگە ئالىمغا، بىرگە نادانغا ئەڭ ئاۋۋال تېگىدۇ.

ـــ مۇھەممەتجان قۇربان

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە فاكۇلتېتى 2006 ـ يىللىق 9 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## نەمجان پىچىرلاشلار

▲ بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار كىتابقا تەلمۈرىدىغان، ھازىر كىتاب ئوقۇغۇچىلارغا تەلمۈرمەكتە.

▲ بىراۋنىڭ مۇھەببىتىنى سىنىماقچى بولساڭ، ئۇنىڭ نەپرىتىنى سىنا.

▲ يازغۇچى ـ شائىرلار مېۋىلىك دەرەخ، مۇھەررىر باغۋەن، ئەسەر ئۇنىڭدا چۈشكەن مېۋە. كىشىلەر كۆپ ھالدا پىشقان تەييار مېۋىنى كۆرىدۇ، ئەمما دەرەخكە قىسمەن كىشىلا دىققەت قىلىدۇ، باغۋەننى ئويلايدىغانلار بولسا يوق دېيەرلىك.

ـــ ئادىلجان قادىر

---

ئاپتور: قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كومپيۇتېر فاكۇلتېتى 2004 ـ يىللىق 1 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ ئادەمنىڭ ئالدىدا پۇرسەت، كەينىدە پۇشايمان.

▲ ئاقىل سۆزىنى ئالدانغاندا، بۇلاق سۈيىنى چاڭقىغاندا بىلىپ قالىسەن!

▲ ئادەمنىڭ تىلىكىدىن يول، بىلىكىدىن پۇل، يۈرىكىدىن ئوت چىقىپ تۇرىدۇ.

▲ ئادەمنى ئادەملەر گەپتىن چاتاق چىقارسا مازاققا، پۇلدىن چاتاق چىقارسا تاياققا زورلايدۇ.

▲ ئايال ئۆينىڭ چىرىغى، ئەر تۈۋرۈكى، بالا ئىشىكى.

ـــ باباچبەگ داداچ

---

ئاپتور: تاجىك، ئاقتو ناھىيە تار تاجىك مىللىي يېزا قوزا كەنتىدە، دېھقان

## تەپەككۇر تامچىلىرى

▲ بىراۋنىڭ يالۋۇرۇشىغا دىققەت قىلىپ قوي. يالۋۇرۇشقا ئېتىبارسىز قاراش،ئاجىزلارغىمۇ سېنى ۋەيران قىلىۋېتەلەيدىغان بومبا سوۋغا قىلىدۇ.

▲ قولۇڭدىكى پۇرسەتنى چىڭ تۇت، چۈنكى ئايرىلىش مۇقەررەرلىك.

▲ ئايرىلىش ئالدىدا ھەممە كۆز يېشى قىلىشتى. بىراق ئايرىلىشنىڭ يېڭى باشلىنىش ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئويلاپ باقمىدى.

▲ پۈتكۈل ئىنسانىيەت زېمىن ئالدىدا يۈكۈنگەندىلا، دۇنيا ئاجايىپ گۈزەللىك بىلەن تولىدۇ.

ـــ مەمتىمىن تۇرسۇن

---

ئاپتور: شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئۇنىۋېرسىتېتى تەييارلىق 2007 ـ يىللىق 7 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى

* * *

▲ نادانلار ئادالەتنى بىلمىگەچكە ، دانالار دائىم خورلۇق ئىچىدە قالىدۇ.

▲ قارنى ئاچ دېيىشكە ھەددىم ئەمەس، ياراتقۇچىدىن قورقىمەن . ھەر ئىشنىڭ ئىنسانىيلىق ئاساسىدا بولغىنى ياخشى.

— ئابدۇرەشىد ئابلىمىت

---

ئاپتور: شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك كەسىپلىرى تېخنىكا ئىنستىتۇتىدا

## قوشۇلغان ھېسلار

▲ «ئامال قانچە!» دېيىش بىر بولسا ئىرادىسىزلارنىڭ، بىر بولسا ئىلاجسىزلارنىڭ گېپى.

▲ تۇرمۇش — ئىرادىنىڭ رەقىبى.

▲ يۈرەكلىك بولساڭلا ئاجىز ھېسابلانمايسەن.

▲ تەدبىرلىك بول! قەدىرلىك بولىسەن.

▲ ئېتىبارىڭنىڭ بولمىغانلىقى، ئىقتىدارىڭنىڭ بولمىغانلىقىدىن.

▲ سىرىڭ كۆپ بولسا، غېمىڭ كۆپ بولىدۇ.

— مەۋلان ئابلىمىت، مېھراي روزىمۇھەممەت

---

ئاپتورلار: نىلقا ناھىيە «تاگبالى»سودا-سانائەت بازىرىدا

## تەپەككۇر مېۋىلىرى

▲ تارىخنى پەقەت ھەقىقەت ئىگىسىلا يېزىشقا لايىقتۇر.

▲ «كۆزى يامان»دىن قورق، «سۆزى يامان»دىن قورقما.

▲ گۇمان — يۈرەكتىكى تۇمان.

▲ چىرايلىق ئايال بىر بولسا «جادۇگەر»، بىر بولسا پەرىشتە.

— ئابلىمىت ئىبراھىم (قىيان)

---

ئاپتور: يېڭىشەھەر ناھىيە ئوتتۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئاشپىزى

* * *

▲ دەرد-ئەلەملەر ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بەختنى بىلگىلى بولمىغىنىدەك، بەخت-سائادەت ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ھالاكەتنىمۇ سېزىۋالغىلى بولمايدۇ.

— ئابدۇمىجىت

---

ئاپتور: جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەلۇم قىسىمدا جەڭچى(M1)

### تەھرىراتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئۇقتۇرۇشى

ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى كېرەك:

1. ئاپتورلار كونۋېرتقا ۋە ئەسەرگە ئىسىم-فامىلىسى، كەسپى، ئادرېسىنى ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا ئېنىق ۋە تەپسىلىي يېزىشى، ئالاقىلىشىشقا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن تېلېفون ۋە يانفونى بارلار ئەسكەرتىپ قويۇشى كېرەك.

2. ئەسەرلەر ئۆلچەملىك ماقالە ياكى ئىش قەغىزىگە قۇرئارىلىقى كەڭ، ئىملا قائىدىسىگە ئۇيغۇن يېزىلىشى كېرەك. بەتنىڭ ئاستى-ئۈستىدىن مۇۋاپىق ئاق تاشلانمىغان، ئالدى-ئارقىسىغا يېزىلغان، ئىملاسى سەت، قۇرئارىلىقى زىچ، سۆز-جۈملىلەر گىراماتىكىنا قائىدىسىگە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ. كومپيۇتېردا باستۇرۇپ ئەۋەتىش شەرت ئەمەس.

3. ئەسەرلەردە ئېلىنغان ستاتىلارنىڭ ئاپتورلىرى، بېسىلغان كىتاب، گېزىت-ژۇرناللارنىڭ نەشر قىلىنغان ۋاقتى،نەشر قىلغان نەشرىياتلار ئېنىق، توغرا، ئەينەن ئەسكەرتىلىشى كېرەك. مەزكۇر تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

4. تەرجىمە قىلىنغان ياكى نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەرنى ئەۋەتكەندە مەزكۇر ئەسەرلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى ياكى كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئەۋەتىش بىلەن بىرگە، نەشر قىلغان گېزىت-ژۇرنال، نەشرىياتلارنىڭ نەشر قىلغان ۋاقتى، نەشر خاتىرىسىنى قوشۇپ قويۇشى كېرەك. بۇ تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان ئەسەرلەر بىردەك قوبۇل قىلىنمايدۇ ياكى ئىشلىتىلمەيدۇ.

5. يېزا-قىشلاقلاردىكى ئاپتورلار، بولۇپمۇ دېھقان ئاپتورلار ئۆز ئادرېسلىرىنى يازغاندا، ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق كەنتلەرنى ئانچىنچى كەنت، مۇنچىنچى كەنت دەپ سان-رەقەم بىلەن ئالماي، شۇيەرلىك ھۆكۈمەت ئورناتقان يەر-جاي ناملىرى تاختىسىدا يېزىلغىنى بويىچە ئەسلىي ئاتىلىشى بىلەن ئۆز ئەسەرلىرىگە توغرا يېزىشى كېرەك.

6. ئاپتورلار ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ژۇرنالغا بېرىلگەن ياكى بېرىلمىگەنلىكىنى ژۇرنالدىن كۆرۈۋالسا بولىدۇ، تېلېفون بېرىپ سۈرۈشتۈرۈش ھاجەت ئەمەس. زۆرۈر تاپسا تەھرىراتىمىز ئاپتوزلار بىلەن ئۆزى ئالاقىلىشىدۇ.


7. ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە، رۇخسىتىمىزسىز تورغا چىقىرىشقا، توپلام تۈزۈشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلارنىڭ قانۇن بويىچە جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. ھەردەرىجىلىك رادىئو ئىستانسىلىرى ژۇرنىلىمىزدىكى ئەسەرلەرنى ئاڭلاتقاندا ژۇرنىلىمىزدىن ئېلىنغانلىقىنى ئەسكەرتىشى كېرەك.

8. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەردىن ئۆزگەرتىش ۋە تولۇقلاشقا تېگىشلىك دەپ قارالغانلىرىدىن باشقىلىرى بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا ئاپتورلار ئەسەر ئەۋەتكەندە ئۆزىدە بىر نۇسخا ساقلاپ قېلىشى كېرەك.

9. پوچتىدىن قەلەم ھەققى سېلىشتا قولايلىق بولۇشى ئۈچۈن ئاپتورلار تەھرىراتىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكەندە كىملىكىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىنى ئۆز يازمىسىغا چاپلاپ ئەۋەتىشى كېرەك.

— «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىراتى

www.uyghurkitap.com



## مەنۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغارلىق ئۆلچىمى

ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ رەئىس جۇمھۇرى J. W بۇشنىڭ قايسىبىر نۇتقىدا مۇنداق بىر ئابزاس بار: «ئىنسانىيەتنىڭ تۈمەنمىڭ يىللىق تارىخىدا ئەڭ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغىنى كىشىلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرى ئەمەس، سانسىزلىغان ئالىم - ئۆلىمانىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىمۇ ئەمەس، سىياسىيونلارنىڭ دەبدەبىلىك نۇتۇقلىرى تېخىمۇ ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمرانلارنى قايىل قىلىپ بويسۇندۇرۇش ۋە تىزگىنلەشنىڭ رېئاللىققا ئايلانغانلىقى، ھۆكۈمرانلارنى قەپەسكە سولاش چۈشىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقى. چۈنكى، پەقەت ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، تىزگىنلىگەندىلا ئۇلار ئاندىن باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلمايدىغان بولىدۇ. مانا مەن ھازىر دەل قەپەستە تۇرۇپ سۆزلەۋاتىمەن».

بۇشنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى تولىمۇ ئېسىل گەپ ئىكەن. مەن بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئىلغار ياكى قالاقلىقىنى دەڭسەيدىغان مۇنداق بىر ئۆلچەمنى تۇرغۇزۇپ چىقىشقا بولامدىكىن دەپ قالدىم:

ئومۇمەن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى قەپەسكە سولىيالايدىغان مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسى ئىلغار ۋە يېڭى مەدەنىيەتتۇر؛ ئەكسىچە ، ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇنى قەپەسكە سولىيالىغان مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسى ھەم قالاق، ھەم چىرىك مەدەنىيەتتۇر.

بۇ ئۆلچەم بىزنىڭ ھازىرغىچە بولغان ئىنسانىيەت مەنىۋى مەدەنىيىتىنى خۇلاسىلەپ، تاسقاپ، ئۇ ھەقتە ھۆكۈم چىقىرىشىمىزغا ، شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇشىمىزغا پايدىلىق. دۇرۇس، بۇنداق ئۆلچەمنى دېمەك ئاسان بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلماق بەسى مۈشكۈل. بۇ، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرىدا مەلۇم ئۆلچەمنى تۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن شۇنىڭغا ئاساسەن مەشغۇلاتقا كىرىشىپ كەتكەنگە ئوخشىمايدۇ. ھالبۇكى، بۇنداق ئۆلچەمنىڭ بولۇشى بىزنىڭ پىكىر يوللىرىمىزنى ئېچىشىمىزغا پايدىلىق. بولۇپمۇ بىزنىڭ تۆرلۈك - تۈمەن مەنىۋى مەدەنىيەت ھادىسىسىگە ھۆكۈم قىلىپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزىمىزگە لايىقلىرىنى تاللىۋېلىشىمىزدا بىزنى ئالدىنقى شەرت ۋە ئومۇمىي تەلەپلىك رولىنى ئوينايدۇ. مەدەنىيەت ئۈستىدىكى ھۆكۈم، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا قىممەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمدۇر. يەنە كېلىپ

**ترجىمە كۆزنىكى**

مەدەنىيەت قارىشى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمىغان سۇبيېكتلارنىڭ مەدەنىيەت ئۈستىدىكى ھۆكۈمىمۇ پەرقلىق بولىدۇ. ئەلمىساقتىن تارتىپ تاھازىرغىچە مەدەنىيەتكە بولغان ھۆكۈمىمىزدە قارىمۇقارشىلىق ئىزچىل مەۋجۇد بوپكەلدى؛ نېمىنى تاللاپ، نېمىنى شاللاش مەسىلىسىدە ھەدېسىلا ئاق بىلەن قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتۇق. شۇڭلاشقا، مەدەنىيەتكە ھۆكۈم قىلىشتا ئەركىنلىك، دېموكراتىيە، ئادىللىق، كىشىلىك ھوقۇق دېگەندەك ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق قىممەت ئېڭىغا ياتىدىغان تەرەپلەرنى كۆپرەك نەزەرگە ئېلىشىمىز كېرەك. بۇ نۇقتىلارنى جايىدا نەزەرگە ئالالىساق يۇقىرىقىدەك ئاستىن ـ ئۈستۈنلۈكمۇ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئەگرى ـ توقايلىقلارمۇ ئازىيىپ بارىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆڭۈلغا قارشى تۇرۇش بىلەن كۆڭۈلغا ۋارىسلىق قىلىش ئوتتۇرىسىدا تالاش ـ تارتىش ناھايىتى كەسكىن بوپكەلدى. لېكىن ھەركىم ئۆز گېپىنى يورغىلاتتىكى، ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى. مېنىڭچە، بۇنىڭدىكى تۈپكى سەۋەب، تالاش ـ تارتىش قىلىنغان ئاشۇ مەسىلىنىڭ نېگىزىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە ئورتاق قىممەت ئېڭى بىلەن بىرمۇ ـ بىر سېلىشتۇرۇپ چىقمىغانلىقىمىزدا. مىسالەن ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ يادروسى ۋە ماھىيىتى نېمە؟ ئۇنىڭ يادروسى ۋە ماھىيىتىدە ھۆكۈمرانىنى قەپەسكە سولاش مايىللىقى بارمۇ ـ يوق؟ ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەت تارىخىدىكى بۇ چوڭ مەسىلىدە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى سىستېمىلىق نەتىجىلەرنى قازىنالىدىمۇ ـ يوق؟ ياكى بولمىسا، جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلارنى بويسۇندۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مۇۋەپپەقىيىتىگە زادى قانچىلىك كۈچ قوشالىدى؟ ئۇنىڭدا زادى قانچىلىك رول ئوينىيالىدى؟ قانچىلىك ئۇنۇم قازاندى؟ بۇ مەسىلىلەرنى «مىللەتپەرۋەرلىك»نۇقتىسىدىن ئەمەس، «قايناق ھېسسىيات» نۇقتىسىدىنمۇ ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۆلچەم نۇقتىسىدىن تۇرۇپ ئانالىز قىلغانلا بولساق، ئورتاق تونۇشقا كەلمەك ئاسان ئىدى. شۇنداق بولغان بولسا، بىر قېتىملىق تارىخىي ئويغىنىش ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى سىلكىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغان، شۇنداقلا ئەل ئېگى ۋە مىللەت روھىنى يەنە بىر قېتىم ئازاد قىلغان بولارئىدۇق.

ئۇنىڭدىن باشقا، سىياسىي نەزەرىيە ساھەسىدە «يۇقىرى مائاش بىلەن پاكلىققا كاپالەتلىك قىلىش تەلىماتى»، «يېڭىياچە ئىمتىياز تەلىماتى»، «دېموكراتىيە كەمتۈكلۈكى تەلىماتى»، «ئەركىنلىكنىڭ زىيىنى تەلىماتى»، «سەرخىللار جاھان سوراش تەلىماتى»، «مەركەزلەشتۈرۈپ بىر قېلىپقا سېلىش تەلىماتى» قاتارلىقلار؛ ئىقتىسادىي نەزەرىيە ساھەسىدە «ئومۇمنىڭ مۈلكىنى ئىگىسىز قالدۇرۇش نەزەرىيىسى»، «دۆلەت مۈلكى بىلەن زاۋۇت باشلىقىنى بېقىش نەزەرىيىسى»، «دۆلەت مۈلكى خارابلىقىنى ئەقىلگە سىغدۇرۇش نەزەرىيىسى»قاتارلىقلار؛ مەدەنىيەت نەزەرىيىسى ساھەسىدە: «جۇڭگو مەدەنىيىتى دۇنيانى قۇتقۇزىدۇ نەزەرىيىسى»، «غەرب مەدەنىيىتى چۈشكۈنلەشتى نەزەرىيىسى»، «جۇڭگو مەركەز نەزەرىيىسى»، «قالاق مەدەنىيەتتىن ئىلغارلىق تەمە قىلىش نەزەرىيىسى»قاتارلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەيدانغا چىقىپ ، بازار تېپىۋاتىدۇ. مۇبادا ئۆزىمىزگە «بۇ تەلىمات ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ بازار تېپىشى ھەقنى بويسۇندۇرغانلىقىمىزمۇ ياكى بولۇشىغا قويۇۋەتكەنلىكىمىزمۇ؟»دېگەن سوئالنى قويۇپ، ئىنچىكە تەھلىل قىلىپ باقىدىغان بولساقلا، ئۇنداق تەلىمات ۋە نەزەرىيىلەرنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسى «مانامەن»دەپلا پوسكىيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا ، يېقىندىن بۇيان خان ـ پادىشاھلار توغرىسىدىكى تېلېۋىزىيە فىلىملىرى «باشلامچى تەشۋىقات ۋاستىلىرى»نى تۇشمۇ تۇشتىن ئىگىلەپ، ھەددەپ بازار تاپقىلى تۇردى. ھەتتا چەت ئەللەرگىمۇ يامراپ، كۆرمىگەن كىشىنىڭ روھىغا سىڭىپ كىرمەكتە. بۇ فىلىملەرنىڭ خوجايىنلىرىدىن : «بۇنى بازارغا سېلىشتىن مەقسەت نېمە؟» دەپ سوراپ باقىدىغان بولساق، ئۇلاردىن بەزىلىرى ناھايىتى يۈكسەك ئالىيجانابلىق تۇيغۇسى بىلەن: «چەت ئەللىكلەرنىڭ ۋاشىڭتون، ناپالېئونغا ئوخشاش بۈيۈك ئىمپېراتورلىرى بار ئىكەن، بىزمۇ جۇڭگودا ئۆتكەن ئاشۇنداق شاھلىرىمىزنىڭ ئوبرازىنى ياراتتۇق...»دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ خان ـ پادىشاھلارغا بولغان ھەۋەس تۇيغۇسى بىلەن ئىشلەپ چىققان ئۇ نەرسىلىرىدە ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغىنى خان ـ پادىشاھلارغا ، ھوقۇق ـ ئىمتىيازغا، خۇنخور زومىگەرلەرگە، زوراۋان لۈكچەكلەرگە، ھىيلە ـ نەيرەڭگە، پۇلغا ۋە جاھانكەزدى زاھىدلارغا چوقۇنۇپ، قۇللۇقنى سېغىنىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بىلىپ ـ بىلمەي ھەممۇ ـ سانا ئوقۇۋاتقىنى رەزىللىك، ياۋۇزلۇق، پەسكەشلىك ۋە سەلبىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئۇنداقتا، ئاشۇنداق نەرسىلەرنى كۆككە كۆتۈرگۈچىلەر زادى نېمە قىلماقچىدۇ؟

مەدەنىيەت، شۈبھىسىزكى تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ ئەدەبىي ئەسەرلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك. ئەمما مەسىلە شۇ يەردىكى، سىز بازارغا سالماقچى بولغان «مەدەنىيەت مەھسۇلاتى»ڭىز، ئىنسانىيەتكە ئورتاق قىممەت ئېڭىنى سىڭدۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى دۇرۇس ئىپادىلىدىمۇ ياكى ئاشۇ قىممەت ئېڭىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ يوقاتتىڭىزمۇ؟ بۇ، «باش تېمىنى ئالدىن بېكىتىۋېلىپ شۇ بويىچە قەلەم تەۋرىتىدىغان»ئىش ئەمەس، بەلكى «يازغۇچىنىڭ تومۇرىدا ئېقىۋاتقىنى قانمۇ ياكى سۇمۇ؟»دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرىدىغان مەسىلىدۇر. شۇڭا، مەنىۋى مەھسۇلات يارىتىپ، مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلار ئالدى بىلەن ئۆزىدىن: «ياراتقان ئەسىرىمنىڭ ئىلغارلىقى زادى نەدە؟»دەپ سوراپ بېقىشى كېرەك.

---

سۇ جۇڭجيې قەلىمىدىكى بۇ فېلىيەتون «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2007 ـ يىلى ئىيۇل (ئالدىنقى يېرىم ئايلىق)سانىغا بېسىلغان. **ئابدۇلھەكىم ئوسمان ھەقيار** تەرجىمىسى. تەرجىمان: گۇما ناھىيە جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ ساقچى ئوفىتسېرى (M2)

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو مائارىپىنى زادى كىم «قەستلەۋاتىدۇ؟»

جۇڭگو ـ ئەزەلدىن مائارىپقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن دۆلەت؛ ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدە تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن بۇيان دۆلەتنىڭ تالاي كارخانىسى بارا ـ بارا «يىگىلەپ» بېرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت ئىلكىدىكى كەسىپلەردىن بولمىش مائارىپ كۈنسايىن جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. داۋالىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئىشلىرى راۋۇرۇس كاپالەتلەندۈرۈلمىگەنلىكى سەۋەبلىك دېھقانلار بىلەن مائاشلىقلار ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئۈلۈغ ـ كىچىك تىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، ھۆكۈمەت مائارىپقا مىليونلاپ، مىلياردلاپ مەبلەغ سېلىۋاتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مائارىپ ساھەسى مائارىپ خىراجىتىنىڭ زور بىر قىسمىنى «پارچە ـ پۇرات ھەقلەر»، «ئوقۇش پۇلى» دېگەندەك ناملار بىلەن، ئاشۇ مائارىپتىن بەھرىلەنگۈچىلەرگە يۈكلەپ قويۇۋاتىدۇ. قىسقىسى، جۇڭگودا ئىسلاھات ۋە ئېچىۋېتىشتىن بۇيان مائارىپتەك قەدىر ـ قىممىتى ئۆسكەن ساھە بارمۇ؟ ئەلۋەتتە يوق! ھالبۇكى، ھازىر ئومۇمىي ئېھتىياجنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ھە دېسىلا دوكتور ئاسپىرانتلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالىي ئوقۇش تارىخى مائارىپىغا بېشىمىزچىلاپ كىرىپلا كېتىۋاتىمىز؛ بۇنى پۈتكۈل ئاۋام ـ پۇقرانىڭ ئاممىۋى ھەرىكىتىگە ئايلىنىپ كەتتى دېسەكمۇ ئارتۇق كەتمەس. مەسىلەن، ئائىلىلەر نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتساق، سانسىزلىغان ئاتا ـ ئانا بۇرنىدا يەر تىرەپ مىڭبىر جاپادا تاپقان تۆت تەڭگە پۇلىنىڭ ھەممىسىنى بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا خىراجەت قىلىۋاتىدۇ؛ ئوقۇشتىكى بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ئىسسىق ئۆيلىرى ۋە خىزمەتلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرۈۋاتىدۇ؛ بەزى نامرات ئاتا ـ ئانىلار ئەسلىي ـ ۋەسلىنى دو تىكىشكە، ھەتتا قان سېتىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ.

ئىقتىسادشۇناسلىقتا تەنەنەرخ، پايدا دېگەنلەر تەتقىق قىلىنىدۇ، ئەلۋەتتە. خوش، ئۇنداق بولسا ئۆزىمىزدىن سوراپ باقايلى: پاتمانلاپ خىراجەت كېتىۋاتقان جۇڭگو مائارىپىنىڭ ھاسىلاتى زادى قانچىلىك بولۇۋاتىدۇ؟ جۇڭگو مائارىپىنىڭ تۆھپىسى، مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ«سالاھىيىتىنى يېگىلاش»تىلا ئۆز ئىپادىسىنى تېپىۋاتقان بولسا كېرەك. سالاھىيەتكىلا ئېسىۋېلىش ــ جۇڭگونىڭ تۈزۈملىرىدىكى قالاقلىق ۋە قاتماللىقنىڭ مەھسۇلى؛ مائارىپنى كىشىلەرنىڭ سالاھىيىتىنى يېگىلاشقىلا يۈزلەندۈرۈپ قويۇشنىڭ ئۆزىمۇ بىر مىللەتنىڭ رېئاللىقىدىكى تراگېدىيە! ھالبۇكى، بۇ تراگېدىيە ئەلمىساقتىن بېرى جۇڭگو مائارىپىدىن ئىبارەت بۇ كەڭرى سەھنىنى بوشاتماي كەلدى. تېخىمۇ پاجىئەلىك يېرى شۇكى، بۇ تراگېدىيە جۇڭگونىڭ 21 ـ ئەسىردىكى مائارىپ سەھنىسىدىمۇ ئىزچىل ئوينىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۆزى تراگېدىيىلا ئەمەس، بەكمۇ ئېچىنىشلىق تراگېدىيىدۇر، خالاس.

مائارىپنىڭ تۈپكى نىشانى ــ كىشىلەرنى ئىلمىي تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش. خوش، ئۇنداق بولسا جۇڭگو مائارىپى بۇ نىشانغا يېتەلىدىمۇ؟ ياق! چۈنكى جۇڭگو ئوقۇغۇچىلىرى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈشلەر «ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئاجىز ئىكەن، تەپەككۇردا ئاسانلا ئېزىپ كېتىدىكەن، تەتقىقات ئۇسۇلى ناباب ئىكەن، ئۆگىنىشكە ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتمايدىكەن» دېگەن يەكۈنلەر بىلەن نەتىجىلەنمەكتە. دېمەك، شۇ سەۋەبتىن بىز ئىلىم تەتقىقاتلىرىغا پۇل، زېھىن ۋە ۋاقىت جەھەتتىن تولىمۇ كۆپ ۋە ئېغىر بەدەل تۆلەۋاتقان بولساقمۇ، ئەجىرىمىزگە تۇشلۇق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيۋاتىمىز. بەزىلەرنىڭ ھېسابلاپ كۆرۈشىچە، 2000 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا ئۇنىۋېرسىتېتى، نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، فۇدەن ئۇنىۋېرسىتېتى، جېجياڭ ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئەڭ داڭلىق ئالتە ئۇنىۋېرسىتېتتىكىلەر «تەبىئەت»، «ئىلىم ـ پەن» ژۇرناللىرىدا 26 پارچە ئىلىم تەتقىقاتى ماقالىسى ئېلان قىپتۇ؛ ئەمما ئاشۇ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ماقالىلەر ئىچىدە خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەرنىڭ ئېلان قىلغىنى ئالتە پىرسەنتتىنى، كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەرنىڭ ئېلان قىلغىنى 15 پىرسەنتتىنى، توكيو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكىلەرنىڭ ئېلان قىلغىنى 20 پىرسەنتتىنى ئىگىلەيدىكەن. جۇڭگودىكى يۇقىرىقى ئالتە ئۇنىۋېرسىتېت، ئەقەللىيسى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى جەھەتتىمۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. دېمەك، بىر خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىلىم ـ پەن نەتىجىسى جۇڭگودىكى 200 ئۇنىۋېرسىتېتنىڭكى بىلەن باراۋەر كېلىدۇ، دېگەن گەپ. خوش، دۇنيادىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىلىم ساھەسى بىلەن جۇڭگو ئىلىم ساھەسىنىڭ تۈپ پەرقى مانا مۇشۇ يەردە!

نۆۋەتتە، جۇڭگودىكى ئوقۇغۇچىلار تەتقىقات ئىقتىدارى جەھەتتىلا ئەمەس، ھەتتا خىزمەت ئىقتىدارى جەھەتتىمۇ كىشىلەرنىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويۇۋاتىدۇ. مەسىلەن، Mckinseyمەسلىھەتچىلىك شىركىتىنىڭ 2005 ـ يىللىق تەتقىقات دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «كارخانىلاردىكى ئوتتۇرا قاتلام باشقۇرغۇچىلارنىڭ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش ئىقتىدارى نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ھىندىستانلىق ئوقۇغۇچىلار جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلاردىن ياخشى ئىكەن(دىققەت: بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان پەرقنى بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مائارىپ سېلىنمىسى نىسبىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان پەرقتىن ئىبارەت ئىجتىمائىي ئارقا كۆرۈنۈش نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلىش مۇمكىن؛ جۈملىدىن ھىندىستاندىكى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان ئوقۇش پۇلى 46 يىلدىن بېرى ئۆستۈرۈلمىگەن بولغاچقا، ئالغان ئىش ھەققىگە تايىنىپ تۇرمۇشنى قامداشقا ئامالسىز قېلىۋاتقان نۇرغۇن پروفېسسور خىزمەت ۋەزىپىسىنى ئاتقۇرغاندىن باشقا، ئاخشىمى ـ ئەتىسى سىرتلارغا چىقىپ ئىشلەيدۇ).»

جۇڭگو مائارىپى بازار ئېھتىياجىغا لايىقلىشالمىغانلىقى سەۋەبلىك، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن تالاي ئوقۇغۇچى جۇڭگودىكى ئېغىر ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ سەۋەبكارى بوپقېلىۋاتىدۇ. جۈملىدىن، جۇڭگودا 2006 ـ يىلى خىزمەت تاپالمىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى 2005 ـ يىلدىكىدىن 25 پىرسەنت ئېشىپ كەتتى. بۇ خىل ئىجتىمائىي بېسىمنىڭ

سەۋەبىنى كارخانىلارنىڭ ئادەم كۈچىگە تويۇنۇپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت تۈپكى ئامىلدىن باشقا، مۇھىمى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىگىلىك تىكلەش ئاكتىپچانلىقى كۈچلۈك بولماسلىق، ئىقتىدارى ئاجىز بولۇشتەك ئامىللاردىن كۆرۈشكىمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

خوش، مائارىپقا ھۆكۈمەتمۇ، پۇقرالارمۇ جان-جەھلى بىلەن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، يەنە نېمىشقا مائارىپتا ۋاي دېگۈدەك نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز؟ ھەتتا ئىشلىرىمىزنىڭ نەتىجىسى كۈتكىنىمىزنىڭ ئەكسى بولۇپ چىقىدۇ؟

ئەمدى مەن ئېچىشىچە سورالغان سوئالغا ئېچىشىچە جاۋاب بېرەي: جۇڭگو مائارىپنى زادى كەم قەستلەۋاتىدۇ؟ كىم بولاتتى، ئۆزىمىز قەستلەۋاتىمىز؛ مۇددىئايىمىز دۇرۇس بولسىمۇ لېكىن خاتا نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇل-چارىلىرىمىز ۋەجىدىن ئاخىرى بېرىپ مائارىپنى قەستكە ئۇچرىتىۋاتىمىز!

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان خاتا نۇقتىئىنەزەر، ھۆكۈمەت فۇنكىيىسىگە بولغان چۈشىنىشىمىزدىكى خاتالىقنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق رەئىس جۇمھۇرى رېگان: «ھۆكۈمىتىمىزنىڭ بولغانلىقى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئامالىنى تاپقانلىقىمىز ئەمەس، چۈنكى ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزى بىر مەسىلىدۇر» دەپ توغرا ئېيتقان. دېمەكچىدەك، تەرەققىي تاپقان ئەللەردىكى مائارىپ سۇبيېكتى ئاساسەن دېگۈدەك پۇقراۋى مەكتەپلەر بىلەن خۇسۇسىي مەكتەپلەردىن تەشكىل تاپقان. ھالبۇكى، جۇڭگودا بولسا ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردىن تارتىپ تاكى ئۇنىۋېرسىتېتلارغىچە ھەممىنى ھۆكۈمەت باشقۇرىدۇ. قىسقىسى، باللارنى ھۆكۈمەت ئوقۇتىدۇ. مەكتەپلەرنى قوشۇۋېتىش، ئايرىۋېتىش، مەكتەپتىكى مەمۇرىي رەھبەرلەرنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش، كەسىپلەرنى تەسىس قىلىش، ئوقۇتۇش پىلانىنى تۈزۈشتىن تارتىپ ھەتتا ئىمتىھان ئېلىشقىچە بولغان ھەممىنى دۆلەت ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مائارىپ ئورگانلىرى بىر تۇتاش باشقۇرىدۇ. دېمەك، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يېتىلىش يارىتالمايۋاتقانلىقى ۋە ئىجادكار مۇتەخەسسىسلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈپ چىقالمايۋاتقانلىقىنى پەقەت مائارىپنى دۆلەت باشقۇرۇپ، بىر تۇتاش ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت مونوپوللۇقتىن كۆرۈشكە بولىدۇ.

يۇقىرىدا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن «ئۇسۇلدىكى خاتالىق»، ئۆگىنىش ئۇسۇلىغا بولغان چۈشىنىشىمىزدىكى خاتالىقنى كۆرسىتىدۇ، ئەلۋەتتە. جۇڭگودىكى ئىلىم-پەن — «ئىمپورتنىي مال»، ئاشۇ ئىلىم-پەن ئاساسىغا قۇرۇلغان زامانىۋى مائارىپىمىزمۇ ھەم شۇنداق. ئىلىم-پەن ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزدا كەمتۈكلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، مائارىپچىلىرىمىز، بولۇپمۇ مائارىپنى باشقۇرغۇچىلىرىمىزنىڭ ئۆزى زامانىۋى مائارىپ يادروسىنىڭ كىشىلەرنىڭ ئەقلىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارغا ئىلمىي ئۇسۇل-چارىلەرنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى كامال تاپقۇزۇشتا ئىكەنلىكىنى چىن مەنىسىدىن چۈشىنىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. خۇددى نەن خۇەيجىن ئەپەندى ئېيتقاندەك: «ھازىر مائارىپ ئىلىم ساتىدىغان سورۇنغا ئايلىنىپ قالدى». قىسقىسى، ئەلمىساقتىن تارتىپلا جۇڭگودا مائارىپچىلاردىن تارتىپ ئوقۇغۇچىلارغىچە، مەكتەپلەردىن تارتىپ ئائىلىلەرگىچە ھەممىگە «مەكتەپ — بىلىم يەتكۈزىدىغان ئىدراكىي قۇرۇلمىدۇر» دەيدىغان ئاڭ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەن.

بۇ خىل «بىلىم يەتكۈزىدىغان ئىدراكىي قۇرۇلما»دا تەقلىدىي تەپەككۇر يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلى تەرغىب قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىكى ئانالىزدا ئىلگىرى يولۇقتۇرۇلغان شۇ خىل مەسىلىلەر ئەنداز قىلىنىپ، مەسىلە قېلىپلاشقان ئىدىيە ۋە ئۇدۇملاشقان ئۇسۇل بويىچە يورۇلىدۇ. يەنە كېلىپ تەقلىدىي تەپەككۇر ئۇسۇلىدا كۆپ خىل ئانالىز شەكلى چەتكە قېقىلىدۇ؛ نەتىجىگىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، جەريانغا سەل قارىلىدۇ. ھالبۇكى، قېلىپلاشقان تەپەككۇر ئۇسۇلى پۇت-قولىمىزنى چۈشەپ، بىزنى تۇيۇق يولغا باشلاپ قويىدۇ. چۈنكى، بۇنداق تەپەككۇر ئۇسۇلىدا تەجرىبە ئاساس قىلىنىدىغانلىقى، يەنە كېلىپ قېلىپلاشقان ئاشۇ ئۇسۇلنىڭ «يېمىرىلمەس» كۈچىگە شەكسىز ئىشىنىدىغانلىقىمىز ئۈچۈن، ئاشۇ قېلىپقا ئۆزىمىزنى بەند قىلىۋېتىمىز-دە، بۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئۇبدانراق ئۇسۇل-چارىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىنتىلمەيمىز.

بۇ خىل «بىلىم يەتكۈزىدىغان ئىدراكىي قۇرۇلما»دا، ئەمەلىي مائارىپنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قارىلىدۇ. ئامېرىكا ۋە ئىسرائىلىيىدە باللارغا مۇشتەك چېغىدىن باشلاپلا روزنىغار باشقۇرۇش ئېڭى سىڭدۈرۈلۈپ، مەبلەغ سېلىشنىڭ ئۇسۇل-ماھارەتلىرى ئۆگىتىلىدۇ. چەت ئەللەر مەكتەپلىرىنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك باللار باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چېغىدىن باشلاپلا تەتىللەردە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تىجارەت ئەمەلىيىتىگە قاتناشتۇرۇلىدۇ(باللار بۇ جەرياندا ئىشلەپ پۇل تاپالايدۇ، كانادادا بۇنداق باللارغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىنىڭ 60 پىرسەنتىنى ھۆكۈمەت چىقىرىدىكەن). شۇنداقلا، باللارنىڭ بۇنداق پائالىيەتلەرگە قاتناشقان-قاتناشمىغانلىقى، ئۇلارنى يۇقىرى مەكتەپلەرگە قوبۇللاش ۋە ئىشقا ئېلىشتا مۇھىم ئاساس قىلىنىدۇ. ھالبۇكى، جۇڭگو مائارىپىدا بولسا، باللار ئاساسەن دېگۈدەك سىنىپقا بەند. نۆۋەتتە، كارخانا باشقۇرۇش كەسپى خەلقئارادىكى ئالىي مائارىپنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى. مىسالەن، خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدا «باشقۇرۇش ئىلمى» دەرسلىكى «كارخانا باشقۇرۇش ئىلمى»غا ئۆزگەرتىلدى. ئەمما جۇڭگودا بولسا كارخانا باشقۇرۇش ئىلمى پەقەت ئىشتىن قالغانلارلا ئۆگىنىدىغان پەن سۈپىتىدە تۇرۇۋېتىۇ.

قىسقىسى، ئىدىيە ۋە ئۇسۇلدا بۇرۇلۇش ھاسىل قىلالمىغاندا، غايە چېچەكلىرىمىز خوخا-تىكەنلەرگە ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. «جۇڭگو مائارىپىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بىزنى گۇمراھلىقتىن قۇتۇلدۇرالمايلا قالماستىن، بەلكى ئەلنى مۇنقەرز قىلىۋېتىدۇ!» 21-ئەسىردىكى جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، خۇشى ئەپەندىنىڭ 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئوتتۇرىغا قويغان بۇ ھەسرەتلىك بايانى ھېلىھەم قۇلاق سالمىسا بولمايدىغان ئاگاھلاندۇرۇش بولسا كېرەك.

---

دېڭ دۇڭخۇڭ ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «شاڭخەي ئاكسىيە گېزىتى»دىن «سەرخىل فېلىيەتونلار» ژۇرنىلىنىڭ 2007-يىل 5-سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. ئەكبەر ئىلياس تەرجىمىسى. تەرجىمان: شاڭخەي تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى(M2)

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگولۇقلاردىكى «تۇرمۇش مەستانىلىقى» كېسىلى

بۈگۈنكى جۇڭگودا ئۆزىنى خېلى ئوقۇمۇشلۇق سانايدىغان بىرەرسى بىلەن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ كەلگۈسى، ئۇ ئۆزى تەۋە تەشكىل ۋە ياكى كۈندىلىك تۇرمۇش ھەققىدە ئازراقلا پاراڭلىشىپ باقسىڭىز، ئۇ «تۇرمۇش مەسلىسى» دېگەن گەپنى تىلغا ئالماي قالمايدۇ.

چۈنكى، نۇرغۇن كىشى ھازىر ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان چىرىكلىكنى تۇرمۇشتىن كۆرىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، كونا تۈزۈلمىنىڭ ئىللەتلىرى ھەممىلا ئادەمنى نائىلاج چىرىكلىشىشكە ئېلىپ بارغانمىش؛ مەنسەپدارلار نۆۋەتتىكى تۇرمۇش شارائىتىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ئىلاجى بولمىغاچقا، ھازىرقىدەك بۇلۇڭمىسىزلىشىپ كەتكەنمىش؛ زىيالىيلارمۇ ھازىرقى تۇرمۇشتا مۇستەقىل پىكىرگە دېگەندەك ئىلھام بېرەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، جامائەتچىلىكتىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقانمىش؛ ئەدلىيە سىستېمىسىدىكى ناشايان ئىشلارمۇ، دەل ئەدلىيە مۇستەقىللىقى تۇرمۇش جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە بولالمىغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىۋاتقانمىش؛ ھەتتا بەزى بانكا خادىملىرىنىڭ ناچار پوزىتسىيىسىمۇ تۇرمۇشنىڭ كاساپىتىدىنمىش؛ دۆلەت كارخانىلىرى خادىملىرىنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسىنى ياخشىلىيالمايۋاتقانلىقىمۇ ...

ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى خاتا ئەمەس. لېكىن ئۇ ئاخىرى بېرىپ، بىر تۈرلۈك ئاجايىپ مودا سەپسەتىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ، خالاس. بۈگۈنكى جۇڭگودا ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ كۆپىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، يۇقىرى قاتلامدىكى تەدبىركارلاردىن تارتىپ ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكى دېھقانلارغىچە ھەممە خەقنىڭ كاللىسىنى مەجبۇرىي يېڭىلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھەممىمىز بىلىمىز. شۇڭلاشقا، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئىسكەنجىسىگە ئالغان ئۈچىنچى چىققان لايغەزەللىك بېرىپ يەنە بىر تۈرلۈك قارىغۇلارچە ئۈمىدۋارلىقنى ئاپىرىدە قىلىۋاتىدۇ. جۈملىدىن ھەممىلا ئادەم ھەم كونكرېت ھەم ئابستراكت شەكىلنى ئالغان «تۇرمۇش»تە ئۆزگىرىش بولغاندىن كېيىن ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ياخشى تەرەپكە قاراپ يۈزلىنىدۇ، دەپ ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىۋاتىدۇ. بىرەر شىركەت، بىرەر گېزىت ياكى بىرەر ئۇنىۋېرسىتېت، ھەتتا بىرەر رەھبەر ۋە ياكى بىرەر خادىم جۇڭگو جەمئىيىتىنى مۇنداقلا كۆزىتىپ چىققان ھامان «تۇرمۇش قۇرۇلۇشى» ھەققىدە گەپ سېتىشقا ئامراق. لېكىن ھېچقايسىسى شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى تىلغا ئېلىپ بېقىشنى خالىمايدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ پوزىتسىيىسى ناھايىتى ئېنىق: شەخسنىڭ ھەرىكىتى دېگەن يوقنىڭ ئورنىدىكى ئىش تۇرسا، ئۇنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟! پەقەت بىر پۈتۈن تۇرمۇشتا ئۆزگىرىش ياسىغاندىلا ئاندىن تارازىغا توختىغۇدەك ئىش قىلغىلى بولىدۇ ـ دە!

ئىشقىلىپ، كىشىلەر ماددىي مۇۋەپپەقىيەت ۋە تۇرمۇشنىلا مەستانە بوپكېتىپ، شەخسنىڭ ئىجادچانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، جۇڭگو جەمئىيىتى لايغەزەللىك پاتقىقىغا پېتىپ قېلىۋاتىدۇ. مىسالەن ئالايلى، جۇڭگو كارخانىلىرىدا مۇنداق بىر پىسخىكا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇد: بىرەر شىركەت كاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسا، كىشىلەر ئاشۇ شىركەتنىڭ قابىل خوجايىنىدىن «سىز زادى قانداق قىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىدىڭىز؟» دەپ سوراشنىڭ ئورنىغا، ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ كەتكەن گۇمانىي نەزەرى بىلەن «شۇنچىلا كاتتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىنىڭىزغا قارىغاندا، شىركىتىڭىزدە تۇرمۇش تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەر بارمۇ ـ قانداق؟» دېگەن مەنىدە قارىشىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، بۈگۈنكى جۇڭگولۇقلار جەمئىيەتنى «تېخنىكا، يەرشارىلىشىش، ئەنئەنىۋى جەمئىيەت ۋە كومپارتىيە تەشكىلىنىڭ ئىسلاھات قانۇنىيەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ رولى يارىتقان توسقۇنسىز كۈچلەرنىڭ ئورتاق ھاسىلاتى» دەپ قارىشىدۇ. بۇ خىل تەھلىلدە ئادەمنىڭ تىلغا ئېلىنمىغىنىغا قارىغاندا، ئېھتىمال «ئادەم، پەقەت بىر خىل مۇھىتنىڭ ھەرقانداق ئەتمىشنى پاسسىپ قوبۇل قىلىشقا تۆرەلگەن تۇغۇندىسى بولغىنى ئۈچۈن، ھازىرقى تەرەققىيات شەكلىنى يېڭىلاپ، تارىخنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشنى ئىجادىي يېڭىلاشقا ئامالسىز» دەپ قارالسا كېرەك. بۈگۈنكى جۇڭگودىكى ئىدىيىۋى كونسېرۋاتىپلىق ۋە بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ سەۋەبى نۇرغۇن. بولۇپمۇ بىزدەك ئىلىم سەرخىللىرى ئۆزىمىزدىكى قۇدرەتكە بولغان ئېتىقادتىن تېيىپ كەتتۇق؛ فرانسۇز پەيلاسوپ بېرگسوننىڭ بۇنىڭدىن بىر ئەسىر ئىلگىرى ئېيتقان مۇنۇ گەپلىرىنى ئەستىن چىقىرىپ قويدۇق: «جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى مەلۇم تارىخىي باسقۇچتىكى ئىدىيىۋى ئامىلنىڭ تەبىئىي مەھسۇلى، دەپ قارىساق، بۇ ئېھتىمال ئۈچىنچى چىققان سەپسەتە بولسا كېرەك؛ چۈنكى تەرەققىيات جەمئىيەتنىڭ دادىل تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. شۇڭا جەمئىيەت ئۆزىگە چوقۇم ئىشىنىشى، ياكى مەلۇم كۈچنىڭ ئۆزىنى زىلزىلىگە سېلىشىغا ئىمكان بېرىشى كېرەك. بۇ خىل زىلزىلە ھامان بىرەر شەخسنىڭ ئىشتىراكى بىلەن ۋۇجۇدقا چىقىدۇ، ئەلۋەتتە».

زىيادە «تۇرمۇش مەستانىلىقى» ــ ئۆزىمىزدىكى لايغەزەللىكنى پەردازلاش مۇددىئاسىدا ئاغزىمىزدىن چۈشۈرمەيدىغان كونا مۇقامدىن باشقا نەرسە ئەمەس. قىسقىسى، بۈگۈنكى جۇڭگو جەمئىيىتى تارىخ دولقۇنلىرىغا يەم بوپكېتىشتىن ئىلگىرى، ئازراق بولسىمۇ بۇژغۇن چىقىرالىشىغا ئىشەنگەن، ھەقىقىي مەنىدىكى بىر تۈركۈم سەرخىللارنىڭ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە دادىل ئاتلىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن يېڭىچە ئىدىيە ۋە ھەرىكەت ئەندىزىسى يارىتىپ بېرىشىگە موھتاج.

---

شۇ جىيۇن ئىمزاسىدىكى بۇ فېلىيەتون «ياشلار ئۈچۈن پايدىلىنىش» ژۇرنىلىدىن «فېلىيەتونلار ئايلىق ژۇرنىلى»نىڭ 2007 ـ يىل ئاۋغۇست (كېيىنكى يېرىم ئايلىق) سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. رابىگۇل ۋەلى تەرجىمىسى. تەرجىمان: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ماگىستىر ئاسپىرانتى(M2)

بۇ سەھىپىدىكى تەرجىمە ئەسەرلەرنى سېلىشتۇرۇپ بېكىتكۈچى: ئىمىن ئەھمىدى(تەكلىپلىك)



# ئەجدادلىرىمىزدا مۇھىت ئېڭى ۋە بىزدىكى «يامان بولمىدۇ»لار

ئىلغارجان مەتتۇرسۇن ئىسلام (ئۇيۇشقاق)

ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزى ئەسرلەر مابەينىدە ياشاپ كەلگەن جۇغراپىيىلىك ماكانى، تەبىئىي شارائىتى، تارىخ- كەچمىشلىرى، ئېتىقاد قىلغان دىنى، ئۆرپ- ئادەت، قائىدە- يوسۇنلىرى، مەدەنىيەت تىندۇرمىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن ھەم شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ مەنئۇيىتىنى بېيىتىپ، ھەرىكىتىنى تەرتىپكە سېلىپ تۇرغۇچى پەرھىز، ئەخلاق -مىزان، ئۇدۇم- پرىنسىپلىرى بولىدۇ. بۇنداق ئۇدۇم- پرىنسىپلار ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەت كىشىلىرىنى يامانلىقتىن چەكلەپ ياخشىلىققا دەۋەتلەشتە، بولۇپمۇ ياشلىرى ۋە ئۆسمۈرلىرىدە ساغلام ھاياتلىق قارىشى تۇرغۇزۇشتا سەل قارىغىلى بولمايدىغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك روللارنى ئارتقۇرۇپ كەلگەن. تارىم، تەكلىماكان گىرۋەكلىرىدىكى بوستانلىقلارنى ماكان تۇتۇپ ياشاپ كەلگەن خەلقىمىزدىمۇ ئەخلاق ھەم پاكىزلىق جۇملىسىگە ياتىدىغان بۇنداق ئۇدۇم- ئادەتلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئەجدادلىرىمىز مۇشۇ ئۇدۇملارغا تايىنىپ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئۆز يولىدا كۆڭۈللۈك، رەتلىك راۋانلاشتۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا تەبىئەتنى ھۆرمەت قىلىپ ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەبىئىي بىر گەۋدىلىشىپ، دەل - دەرەخ، گۈل- گىياھلارنى، ئۇچار- قانات، جان- جانىۋارلارنى ئاسراپ ھەم قوغداپ، ئۆزلىرىنىڭ ھالال مېھنىتىگە تايىنىپ مىڭبىر مۇشەققەتتە ياشارتقان ئاشۇ بوستانلىقلارنىڭ سۇ - تۇپرىقىنىڭ پاكىزلىقىنى ساقلاپ، ئۆزىگە خاس مۇھىت مەدەنىيىتى ياراتقان ۋە بۇ ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ

## ئاتىلار سۆزى — ئەقىلنىڭ كۆزى

مۇھىت ئاسراش ئەنئەنىسى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئۇلار سۇ، تۇپراق، دەل- دەرەخ، گۈل- گىياھ، باغۋاران، كۆل- ئېقىنلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھاياتى، بارلىقى بىلەن باغلاپ چۈشەنگەنىدى ھەمدە ئۇنى قەدىرلەپ- ئاسراشنى ئەڭ ئەقەللىي ئۇدۇم- ئادەتلىرىگە تەبىئىي سىڭدۈرۈۋەتكەنىدى. گەرچە ئاشۇ ئۇدۇم- ئادەت، پەرھىز- يوسۇنلارنىڭ نۇرغۇنى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى، تۇرمۇش ئۇسۇلىمىزنىڭ ئۆزگىرىشى، ئىدىيە- قاراشلىرىمىزنىڭ تولا ئالمىشىشى نەتىجىسىدە بارا- بارا ئۇنتۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بەزىلىرى يەنە باشقىچە شەكىلدە ساقلانغان، راۋاجلانغانىدى. بولۇپمۇ بۇ قاراش- ئادەتلەر مەلۇم نەزەرىيىۋى قېلىپ ياكى ئەندىزە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئادەتتىكى قائىدە- يوسۇن سۆزلىرى، پەرھىز بۇيرۇملىرى شەكلىدە ھاياتىمىزغا سىڭىپ كەتكەنىدى. «يامان بولىدۇ» شەكلىدە ساقلىنىپ قالغان بەزىبىر ھاياتلىق قاراشلىرىمىز ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئەپسۇسكى، بۇ قاراشلار كېيىنچە «كونىلىق»، «خۇراپىيلىق» قاتارىدا يەكلەشكە، چەتكە قېقىلىشقا ئۇچرىغان، سەل قارالغان بولدى. ئەمما ئىنچىكە قارىساق، ئاشۇ «كونا» گەپلەر ئىچىدىن بىز بۈگۈنگىمۇ، ھەتتا ئەتىمىزگىمۇ كېرەكلىك نۇرغۇن مەڭگۈلۈك «يېڭى» قاراشنى تېپىپ چىقالايمىز.

«ئادەمدە بىلىملا بولۇپ ئادەمگە خاس ئەخلاق بولمىسا، ئۇ گوياكى ئەقىللىق ھايۋاندۇر. بۇنداق ئەقىللىق ھايۋانلارنىڭ قولىدىن ھەر قانداق ۋەھشىيلىك ھەم نومۇسسىزلىقنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ» دەيدۇ ئاقىللىرىمىز. دېمەككى، ئىنسان ئۈچۈن بىلىم بەك مۇھىم، ئادەمىيلىك ئەخلاق تېخىمۇ مۇھىم. بۇ ئىككىسى قوشۇلسىغۇ «ئالتۇن ئۈزۈككە ياقۇت كۆز» قويغاندەك بولىدۇ. ئۇشبۇ ھېكمەت يەنە «ئالىم بولماقتىن ئادەم بولماق قىيىن» دېگەن ماقال بىلەن پاراللېل مەنالىنىدۇ. كىچىكىمدە، چوڭلار بىزنىڭ بىرەر بولمىغۇر گەپ- سۆز ياكى قىلىق- ھەرىكەتلىرىمىزنى كۆرۈپ قالسا، «ئۇنداق قىلماڭ (دېمەڭ)، يامان بولىدۇ، بالام»، «بۇنى قىلسا، ئۇنداق بوپقالىدۇ»، «ئۇنى قىلسا بۇنداق بوپقالىدۇ» دېگەندەك ئاللىقانداق سىر قوشۇلغان ئىبارىلەر بىلەن بىزنى ئاشۇ بولمىغۇر ئىشلاردىن چەكلەپ تۇراتتى. بۇنداق گەپلەرنى بىزگە ئۆزىمىزنىڭ ئاتا- ئانىلىرى ۋە جەمەتىمىزدىكى ياشتا چوڭ كىشىلەر تۇرماق، بىز تونۇمايدىغان ئاپئاق ساقال خىزىر سۈپەت بوۋايلارمۇ، مۆكچىيىپ ھاسىغا چۈشكەن تەۋەررۈك مومايلارمۇ ھەممىشە ئەسكەرتىپ تۇراتتى. بىز بۇنداق تەنبىھلىك سۆز- ئىبارىلەرنى ماڭدامدا بىر ئاڭلاۋېرىپ، ئۆزىمىزچە نېمىدىندۇر ئەيمىنىپ قالاتتۇق- تە، چوڭلار توسىدىغان ئاشۇ بولمىغۇر قىلىق- ھەرىكەتلەرنىڭ قېشىغا ئىككىنچىلەپ يولىمايتتۇق.

ھازىر ئويلاپ باقسام، ئاشۇ تەنبىھ- نەسىھەتلەردىن پەقەت «نان ياكى تۇزغا دەسسىسە كۆزى تۇتۇلۇپ قالىدۇ»، «سۇغا تۈكۈرسە ياكى مىشقىرسا، ئېغىز- بۇرنىغا قوقاق چىقىدۇ»، «سۇغا تەرەت قىلسا قوتىغا ھوناق [1]چىقىدۇ»، «ئېرىق- ئۆستەڭلەرگە كۈل ياكى سۈپۈرۈندى تۆكسە، تويى بىلەن ئۆلۈمى بىللە بوپقالىدۇ»، «يېڭى كۆكلىگەن بولجا[2]نى كەسسە، ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدۇ»، «قۇشلارنىڭ تۇخۇمىنى چېقىۋەتسە، يۈزىگە سەپكۈن چۈشۈپ قالىدۇ»، «قارلىغاچنى تۇتسا، قولى تىترەيدىغان بوپقالىدۇ»، «ھۆپۈپنى ئوينىسا قولى پۈراپ قالىدۇ»، «كەسلەنچۈكنى ئۆلتۈرسە، چىشى سارغىيىپ كېتىدۇ»، «ئۆمۈچۈكنى ئۆلتۈرسە ئۆيىدىن بەرىكەت قاچىدۇ»، «ئاش- ناننى كۆيدۈرسە، ۋاي دېھقان! ۋاي دېھقان! دەپ نالە قىلىپ، كۆيدۈرگۈچىنى 70 پۇشتىغىچە قارغايدۇ»......دېگەندەك ناھايىتى ئاز بىر قىسمىلا يادىمدا قاپتۇ.

يەنە مۇنداق بىر ئىش زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ: توققۇز- ئون ياش چاغلىرىم ئىدى. بىر ئاخشىمى ئۆيىمىزگە بىر قۇمچاق [3]كىرىۋاپتۇ. بۇنى كۆرۈپ بىز باللار قورقىنىمىزدىن بىر بۇلۇڭغا تىقىلىۋېلىشتۇق. رەھمەتلىك دادام پالتۇك [4] تىكى سۈپۈرگىنى قولىغا ئېلىپ پىش- پىشلاپ يۈرۈپ ھويلىغا چىقارغاندىن كېيىن لاخشىگىر بىلەن پۇتىدىن ئاستا قىسىپ كۆتۈرگەن پېتى ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۆستەڭ بويىغا ئېپچىقتى- دە، خۇددى بىر ئەزىز مېھماننى ئۇزىتىۋاتقاندەك سىلىق ئاھاڭدا: «ئىككى يېرىم كۈندىن كېيىن كېلىڭ- ھە» دەپ ئاۋايلاپقىنە قويۇۋەتتى. شۇ چاغدا مەنمۇ دادامنىڭ كەينىدىن چىققانىدىم. مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن نارازى بولۇپ: «ئۇ سەت نەرسىنى ئۆلتۈرۈۋەتسىڭىز ياكى بولمىسا ئەمدى ھەرگىز كەلمە دەپ يىراقلارغا چۆرۈۋەتسىڭىز بولمامدۇ؟ يەنە تېخى، ‹ئىككى يېرىم كۈندىن كېيىن كېلىڭ- ھە› دەيسىزغۇ؟» دېسەم، ئۇ كۈلۈپ قويۇپ: «ھەر قانداق جاندارنى ئۆلتۈرسە قىساسى كېلىدۇ، بالام. يەنە كېلىپ قۇمچاق دېگەن ئادەمگە قىلچە زەرەر يەتكۈزمەيدىغان بىر جانىۋار. ئۇ، ئادەملەرنى چاقىدىغان پاشا، كۆمۈتا، چىۋىنلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن ۋە «ئىككى يېرىم كۈندىن كېيىن كېلىڭ- ھە» دەپ قويۇۋېتىشنىڭ سەۋەبى ئۈستىدىمۇ توختىلىپ: «بۇ، ئۇلۇغلىرىمىزدىن[5] قالغان ئۇدۇم. قۇمچاق كۈن تىكلەنگەندە ھەرىكەت قىلالماي ئۇۋىسىغا كىرىپ ئۇخلاپ قالغاچقا يېرىم كۈننى توشقۇزۇپ بولالماي ئۆيگە كىرىۋالمايمىش» دەپ چۈشەندۈرۈپ قويغانىدى.

شۇنداق، تېخى ئون نەچچە يىل ئىلگىرىلا يۇقىرىقىدەك گەپلەر تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى كۆپ دېيىلەتتى، ھەممىشە تەكتىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ كەملەردە يېزا- قىشلاق، كەنت- مەھەللىلەردىكى ھەممىلا ئادەم ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئېقىۋاتقان سۇدىن خالىغان چېغىدا چېلەكلىرىگە ئۇسۇپ، لاي بولسا سۈزۈلدۈرۈپ خاتىرجەم ئىچەلەيتتى. «يامان بولىدۇ»لارنىڭ تەسىر كۈچىدىن ئەيمىنىپ ھېچكىم ئېرىق- ئۆستەڭلەرگە تۈكۈرۈپ، مىشقىرمايتتى. كۆل، يۇندى، ئەخلەت- چاۋارلارنى، مەينەت- نىجاسەتلەرنى تۆكمەيتتى. ئېرىق- ئۆستەڭ، كۆللەرنى خۇددى مۇقەددەس تاۋاپگاھدەك ئۇلۇغ بىلەتتى. ئۇچار- قانات، جان- جانىۋارلارنى ھەر خىل نەپس- ئېھتىياجى ئۈچۈن خالىغانچە ئۆلتۈرمەيتتى. بىر ئوبدان ئاينىۋاتقان دەل- دەرەخ، باغۋارانلارنى تۈرلۈك يەرلىك سىياسەتنى باھانە، ئاللىقانداق پايدا- مەنپەئەتلەرنى مەقسەت قىلىپ كەلسە- كەلمەس كەسمەيتتى، ۋەيران قىلمايتتى. (يەنى كېسىشكە قولى بارمايتتى). ئۆز ئېھتىياجلىرى ئۈچۈن كەسسىمۇ، ئورنىغا دەرھال كۆچەت قويۇپ ياشارتىش — چۆلنى چۆرىدەپ ئولتۇراقلاشقان بۇ خەلقنىڭ ئېڭىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن ئەڭ ئەقەللىي تەبىئىي مەجبۇرىيەت، پەزىلەت ئىدى. چوڭلار كىچىكلەرگە، مەيلى ئۇ كىمنىڭ بالىسى، كىمنىڭ پۇشتى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، يۇقىرىقىدەك ھەرخىل «يامان بولىدۇ»غا باغلاپ تەنبىھ- تەربىيەتلەر قىلىپ تۇراتتى.

بىراق، كېيىنچە بۇنداق گەپلەر بارا- بارا دېيىلمەس، تەكتىلەنمەس، ھەتتا ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. خۇددى «تەبىئەت بىزنى يارىتقان ئانىمىز» دەپ ئېتىراپ قىلغان تۇرۇقلۇق، نەچچە ئون يىل ھۆكۈم سۈرگەن «تەبىئەتنى بويسۇندۇرايلى!»دېگەن ئىبارەت تەتۈر سەنەمگە ئۇسسۇل ئويناپ، ئاشۇ تەبىئەتكە، يەنى بىزنى سېخىيلىق بىلەن بېقىپ كېلىۋاتقان ئانىمىزغا قارشى كۈرەش قىلغىنىمىزغا، نەچچە يىللاپ كوللېكتىپ دەرەخ كەسكىنىمىزگە ئوخشاش، ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىسپاتلىنىپ بىزگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن، ياش ئەۋلادلارنى ئادەمىيلىك قېلىپىغا كىرگۈزۈپ تەربىيىلەپ چىقىشتا ئەھمىيىتى زور بولغان يۇقىرىقىدەك بىر قاتار «يامان بولىدۇ» لىرىمىز ۋە يەنە باشقا تۈرلۈك ئۆدۈم- ئادىتىمىز «كونىلىق»، « ئىلمىي ئاساسى يوق خۇراپىيلىق» دېگەندەك قالپاق- بوھتانلار بىلەن چەتكە قېقىلىپ بولۇشچە تىللاندى. تۈرلۈك چىرايلىق نام، ھەتتا كۆكەرتىش نامىنى قويۇۋېلىپ دەل- دەرەخلەرنى قىرغىن قىلىشتەك بۇنداق تەتۈرلۈك بەزى جايلاردا ھېلىھەم داۋام قىلماقتا. مۇشۇ تۇپراققىلا ماس كېلىدىغان نۇرغۇن ئۆزگىچە ئېسىل مېۋە- چېۋە، كۆچەت- دەرەخ سورتىمىز ۋەيران قىلىنماقتا.

بۇ يەردە ئۆزۈم يېقىندا ئۇچراتقان مۇنداق بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم كەلدى: ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى كۈنى، خوتەن شەھىرىنىڭ «گۈلباغ» كوچىسىدا كېتىۋاتسام، بىر توپ ئادەم يول بويىدىكى بىر جايغا ئولىشىۋاپتۇ. مەنمۇ: نېمە ئىش بولغاندۇ، دەپ قىزىقىپ ئۇ يەرگە باردىم. ئەسلىدە ئۇلار شاپتۇل تالىشىۋاتقانىكەن. باققال ئايال بىر ئوغلى بىلەن ئالدىغا ئىككى سېۋەتنى قويۇۋېلىپ داق يەردىلا ئولتۇراتتى. ئالدىدىكى يوغان سېۋەتنىڭ بىرىدە، قارىسا پۇۋۇلمەيلا ئېغىزغا كىرىۋالغۇدەك شۇنداق خىل ھەم چىرايلىق شاپتۇللار خۇددى بويۇن قىسقاندەك تىزىلىپ تۇراتتى. ھالبۇكى، مۇنۇ 20- 30دەك ئادەمنىڭ تالىشىۋاتقىنى ئايالنىڭ يەنە بىر سېۋىتىدىكى ئۈستىنى توپا باسقان، سەل كىچىكرەك كەلگەن «كۆك شاپتۇل» ئىدى. ئايال ھېلىقى كۆركەم شاپتۇلنىڭ كىلوسىنى ئۈچ كويدىن، مۇنۇ بىكۆرۈم كۆك شاپتۇلنى بولسا توققۇز كويدىن سېتىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇلار «ئەلا سورتلۇق كۆركەم شاپتۇل»غا قاراپمۇ قويماي، ھەممىسى ھېلىقى كۆك شاپتۇلغا دۈم چۈشۈشكەنىدى. پېقىرمۇ باشقىلاردىن تالىشىپ يۈرۈپ، يېيەلمىگىلى نەچچە يىل بولۇپقالغان بۇ ئۆزىمىزنىڭ يەرلىك شاپتۇلىدىن ئۈچ تالغا ئېغىز تېگىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. راست گەپنى دېسەم، ماڭا تەگكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۈچ تال شاپتۇلنىڭ تەملىنى يارغۇدەك لەززىتىدىن ھۇزۇرلىنىۋېتىپ، ئاشۇ شاپتۇلنى نەچچە يىل بۇرۇنقى «ھويلا- ئارامنى ئۆزگەرتىش» دولقۇنىدا كاللىسى قىزىپ كەتكەن، «دوپپىسىنى ئەكەل دېسە بېشىنى ئەكېلىدىغان» ئۆپكىسى يوق قەغەز قانات بەزى يەرلىك غوجاملارنىڭ سوغۇق قولىدىن ساقلاپ قالغان باغۋەن قېرىندىشىمغا غايىۋانە تەھسىن ئېيتتىم. توۋا دەيمەن، بىزنىڭ ئاشۇ يەرلىك مېۋىلىك دەرەخلىرىمىز زادى نېمە گۇناھ قىلغان، كىملەرنىڭ قايىرىگە تاقاشقان بولغىيتتى؟! مۇنداق تەبىئەتنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە خىلاپ قالايمىقان كېسىش مۇھىتنى بۇزۇشتىن باشقا نېمە ئېلىپ كەلدى؟ «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىنىڭ 1998- يىل ئەتىيازدىكى مەلۇم سانىدا: «گۇما ناھىيىسىدە ئادەملەر قۇشقاچ بولۇپ قۇرت تۇتتى» ناملىق بىر قىسقا خەۋەر بېرىلگەن. شۇ چاغدا مەن بۇ خەۋەرنىڭ ماۋزۇسىدىنلا بىزلەرگە قارىتىلغان ئېغىر بىر قارا يۇمۇرنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغانىدىم. راست دېگەندەكلا، ياندۇرقى يىلىلا «ئىنەكنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ بېشىغىمۇ كەلدى». خوتەن قۇرتلاپ كەتتى، مىغ- مىغ يامراپ، دەل- دەرەخلەرنى سويغان پىيازدەك ئاقلىۋەتكەن گەزلىمە قۇرت ئىسىملىك لەنىتى — ۋابا ئاپەت خوتەننى بېسىۋالدى. دەسلەپتە قوللىرىمىز پۇراپ،

www.uyghurkitap.com

گاللىرىمىز ئاغرىپ ھەتتا ئىزالىنىۋاتقان داستىخانلىرىمىزدىمۇ قۇرتلار لۆمۈلدىشىپ مېڭىپ يۈرگەندەك كۆرۈنۈپ كېتىپ، ھەپتە - ئايلارغىچە تۈزۈك تاماق يېيەلمەي يۈردۇق. ھەممىمىز ئىش - خىزمەتنىمۇ تاشلاپ ئېتىز- ئېرىق ئارىلاپ نىجىس باﻻدەك مىغىلداپ كەتكەن قۇرتلارنى بىرمۇ - بىر تېرىشكە مەجبۇر بولدۇق. قازان بېشىدا ئەنسىز پىرقىراپ يۈرۈپ تاماق ئەتتۇق. ئاش- قازانلىرىمىزدىن قۇرت تېرىپ، تاماق يېيەلمەي ھۆ بولۇپ يۈردۇق. ھېلىمۇ خوتەندە توختىماي توپا ياغىدۇ، بوران چىقىدۇ. ئەل سۆيگەن شۆھرەتلىك يازغۇچىمىز نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، توپا دەستىدىن «خوتەندە چىشلار غۇچۇرلايدۇ».

توغرا، ئەجدادلىرىمىز تەكىتلىگەن ئۇدۇم- ئادەتلەرگە پەرۋا قىلماستىن تەبىئەتكە خالىغانچە يولسىز مۇئامىلە قىلغاندىن كېيىن، «يامان بولىدۇ»لاردا دېيىلگەندەك شۇ ھامانلا بىر يېرىمىزگە ھونناق، پوقاق ئۆسۈپ چىقمايدىكەن، بەلكى ئاستا- ئاستا، تۈيدۇرماي بىزدىن قىساس ئالىدىكەن. شەھەر- بازارلىرىمىزدىكى، يېزىلىرىمىزدىكى، ھەتتا مۇھىتى بىر قەدەر ساپ سانىلىدىغان كەنت- مەھەللىلىرىمىزدىكى ھەربىي گازارمىنىڭ ياتاقلىرىدەك ئوخشاش ھەيۋەتتە سەپراس سېلىۋېتىلگەن ئولتۇراقلىرىمىزنىڭ ئالدىدا باغرىغا تاشلانغان كۆل، سۇپۇرۇندى، يۇندى، ھەررەڭ- سەررەڭ يالتىراق پارچىلىرى، پاتمانلاپ چىرىندى- ئەخلەتلەر، مەڭگۈ چىرىمەس سۇلياۋ بوتۇلكىلار ھەتتا گەندە- تېزەكلەرگە تولۇپ پۇراپ ئاقمدىغان ئېرىق- ئۆستەڭلىرىمىزگە نەزەرىمىزنى ئاغدۇرساق ۋە ئاندىن ئەتراپىمىزدىكى ئادەملەرنىڭ رەڭگىروي، يۈرۈش- تۇرۇشلىرىنى كۆزىتىپ باقساق، ھېچكىمنىڭ ئېغىز- بۇرنىغا ياكى باشقا ئەزالىرىغا ساقايماس جاراھەت چىقىپ قالغانلىقىنى كۆرمەيمىز ياكى بۇنداق ئاﻻمەتلەرنى سەزمەيمىز. تېبابىتىمىزدە قايسى خىل مېۋىنى قايسى ئاي، قايسى پەسىلدە يېسە ساﻻمەتلىككە پايدىسى بولىدىغانلىقىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزى تەبىئىي پىشىپ يېتىلىدىغان پەسىل- ئايلاردىن ئىلگىرى ياكى كېيىن ئىستېمال قىلىنسا، بەدەنگە ئوزۇق بولمايلا قالماستىن بەلكى ئادەمنى تۈرلۈك ئۇششاق كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىدىغانلىقى تەكىتلىنىدۇ. تەمى تامغاقتا قالغۇدەك تاتلىق، شەربەتلىرى ساقىپ تۇرىدىغان، ئوخشاش تۇپراق، ئوخشاش سۇ، ئوخشاش كىلىمات ۋە ئوخشاش پەرۋىش بىلەنمۇ ھەرگىز ھەممىسى تەڭ پىشىپ قالماي، بىرىنى يەپ تۈگىتىشىمىزگە يەنە بىرى ئۈلگۈرۈپ پىشىپ بېرىدىغان شۇنداق ئېسىل ئۆرۈك- شاپتۇل، ئالما- نەشپۈتلىرىمىز ۋە باشقا سەرخىل مېۋىلىك دەرەخلىرىمىز كېسىپ تاشلىنىپ، مانا ئەمدىلىكتە تەبىئەتنىڭ تۆت پەسلى بىلەن قىلچە ئاﻻقىسى يوق ھالدا پەيدا بولۇۋېرىدىغان، زاۋۇتتا ياسالغاندەك پارقىراپلا تۇرىدىغان، دىيارىمىزنىڭ تەبىئىي ئېكولوگىيىسى، كىشىلىرىمىزنىڭ ئوزۇقلىنىش ئادىتى، بەدەن ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيدىغان يېمىش- مېۋىلەرنى پەسىل ئايرىماي يەۋاتىمىز. قارىماققا، ھەممىمىز بەردەم- ساغلامدەك كۆرۈنىمىز. كۆل بىلەن سۇپۇرۇندى، ھەتتا يۇندى بىلەن گەندىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تۆكۈۋېرىمىزۇ، بىرەر كىمنى شۇ سەۋەبلىك ئۆزىنىڭ تويى بولۇۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپمۇ ئاڭلىمايمىز. ئۆزلىرىگە ئاتا قىلىنغان خاس ئىقتىدارلىرىغا تايىنىپ ھەرخىل قۇرت- قوڭغۇز ۋە زىياندىاش ھاشارەتنى تۇتۇپ يېيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھاياتلىق ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا بىز ئىنسانلارنىڭ تېرىپ ئۆستۈرگەن ھوسۇللىرىمىزنى مول پېتى يىغىۋېلىپ تولۇق مەنپەئەتلىنىشىمىز ئۈچۈن كۆرۈنمەس يوسۇندا ياردەم قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇچار- قانات، جان- جانىۋارلىرىمىزنىڭ سانى بارغانسىرى ئازلاپ، ھەتتا بەزىلىرى نەسلى قۇرۇپ كېتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان، ۋە ھەتتا بەزىدە بىز قۇشقاچ بولۇپ قۇرت تۇتىدىغان بىچارە ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان بولساقمۇ، لېكىن ئاشۇ ئۇچار- قانات، جان- جانىۋارلارنى ئۇۋلىغانلىقى- ئۆلتۈرگەنلىكى سەۋەبلىك بىرەرىنىڭ قولىنىڭ تىترەپ ياكى پۇراپ قالغىنىنى، چىشى سارغىيىپ، يۈزىنى سەپكۈن بېسىپ كەتكىنىنى كۆرگەندەك قىلمايمىز. Restaurant سۆزى ئىنگلىز تىلىدىكى «ئېشىپ قالماق»، «بىكار ۋاقىت» مەنىلىرىدىكى rest سۆزى بىلەن «ھىد»، «پۇراق»، «كەيپىيات» مەنىلىرىدىكى aura سۆزىگە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ntنىڭ قوشۇلۇشىدىن ياسالغانىكەن. بۇنىڭغا بىزچە ئۇدۇللۇق تەبىر بەرسەك «ھەممە نەرسە ئېشىپ- ئېشىپ، ئەتراپقا ھىد- پۇراقلىرىنى تارقىتىپ تۇرىدىغان جاي» دېگەندەك مەنالار چىقىدىكەن. بۇ تەبىرگە كۆرە بەزىلەر ئۇنى ئوبرازلاشتۇرۇپ «ئىسراپخانا» دەپمۇ ئاتىۋاپتۇ. شەھەرلەردىن تارتىپ چەت يېزا - قىشلاقلارغىچە كەڭ يامرىغان ئاشۇ «رېستوران»لاردىكى ۋە بىزدىكى ھەرخىل ئولتۇرۇش، توي- مەرىكە، زىياپەتتىكى، بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلىرىمىزدىكى بۇزۇپ- چېچىلىۋاتقان نازۇ- نېئمەت، ئاش- ئوزۇقلارغا قاراپ ھەر قانداق بىر ۋىجدان ئىگىسىنىڭ يۈرىكى پىژ- پىژ ئېچىشىپ كېتىۋاتىسىمۇ، لېكىن ياتقان يېرىدىن ئەتىسى ئىككى كۆزى كۆرمەس ھالدا قوپقان بىرمۇ ئىسراپخورنى كۆرگەندەك قىلمىدۇق ياكى ئاڭلىغاندەكمۇ قىلمىدۇق. ئەكسىچە، تەشۋىقات ۋاستىلىرىمىز ئادەملىرىمىزنىڭ بارغانسېرى ئۆزلىشىپ، كۆزلىرىنىڭ روشەنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى داڭلاپ تۇرۇپتۇ. بىزمۇ ھەم كىشلەرنىڭ چىراي- تۇرقىنىڭ

چىرايلىقلىشىپ، ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇلارغا قاراپ، ئاشۇ «يامان بولىدۇ»لار بىزگە ۋەھىمە سېلىپ بىكاردىن بىكار قورقىتىپتۇ، پۇت-قولىمىزنى چۇشەپتۇ، بىزنى كونىلىق بىلەن باغلاپ ئاۋارە قىپتۇ دەيلىمۇ؟ ئۇنى «كونىلىق»، «خۇراپىيلىق» قاتارىدا ئىنكار قىلايلىمۇ؟

ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرغىنى بىر تاشقى كۆرۈنۈش، خالاس. بىز «يامان بولىدۇ» دېگەن ئىشنى قىلغان دەقىقىنىڭ ئۆزىدىلا بۇ جازا يېتىپ كەلمەپتۇ، بەلكى ئاستا-ئاستا، تۈيدۇرماي، ئىشقىلىپ شۇ ياكى باشقا شەكىلدىكى يوللار بىلەن تارتقۇلۇقىمىزنى تارتقۇزۇپتۇ. مانا، قارىسىڭىز كېسەلدىن تولا نېمە يوق. كۆز، قۇلاق، ئېغىز، بۇرۇن، گال-كاناي، ئۆپكە، يۈرەك، جىگەر، بۆرەك، پۇت-قول، چات ئاغرىقلىرىغا چۈشكەن سان-ساناقسىز كېسەللىك بىزگە «يامان بولغان» بولماي نېمە؟ بىز بۇلارنى قىلما دېگەننى قىلغانلىقنىڭ جازاسى دېمەي تۇرالايمىزمۇ؟ «يامان بولىدۇ»لار ئۆرگىلىپ-چۆرگىلىپ يۈرۈپ تەبىئەتكىمۇ، ئىنسانغىمۇ ماس، قۇلاي، دۇرۇس بولغان تەڭپۇڭ ھاياتلىق كارتىنىسىنى ئىشارە قىلغان، شۇنى قوغلاشقانىكەن. ھەربىر سەل قاراش، مەنسىتمەسلىك، چەكتىن ئېشىش مانا بىزگە ئوڭايلىقچە ئالدىنى ئېلىپ بولغىلى بولمايدىغان ۋابا، كېسەللىكنى «سوۋغا» قىپتۇ. ئاشۇ «يامان بولىدۇ»لار ھەقىقەتەنمۇ يامان ئەمەس گەپلەر ئىكەنتۇق. ئەقىللىق ئەجدادلىرىمىز مەسىلىنى زاھىرەن كۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەقىل كۆزى بىلەن كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن، ھادىسىدىن كۆرە ماھىيەتكە بەكرەك ئەھمىيەت بەرگەنىكەن. شۇڭا بىزگە ئاشۇنداق ئالتۇنغا بەرگۈسىز ئۆگۈت-نەسىھەتلەرنى، تەنبىھ-تەربىيەتلەرنى ئۇدۇم قىلىپ قالدۇرغانىكەن. ئۇلار بىز قاتارلىق ئەۋلادلىرىنى سۆر-ئەيمەندۈرۈش كۈچى قوشۇلغان ئاشۇنداق ھەرخىل «خۇراپىيلىق» ئارقىلىق كىچىكىمىزدىن باشلاپلا جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ناچار ئىللەتتىن ۋە بولمىغۇر قىلىقلاردىن چەكلەپ ھەم چەتنىتىپ چوڭ قىلغان ھەمدە مۇشۇنىڭ بىلەن مىللەتنىڭ كەلگۈسى، ئۆزلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى بولمىش بىزلەرنى پاكلىق-پاكىزلىقنى قەدىرلەيدىغان، ئىسراپخورلۇق ۋە بەتقىلىقلارنى يامان كۆرىدىغان، ئەتراپتىكى مۇھىتنى، جان-جانىۋارلارنى ئاسراپ ئانا تەبىئەت بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ مەڭگۈ ئىناق ياشىيالايدىغان ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ئەدەب-ئەخلاقلىق، رەھىمدىل، ئېتىقادلىق -ھالالچى ئىنسانلاردىن قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئاساس سالغان، شۇنى ئۈمىد قىلغانىكەن. ئۇلار بالىلارغا ئەقىلگە توشقان چوڭ ياشلىق كىشىلەرگە گەپ قىلغان تەلەپپۇز بىلەن چوڭ-چوڭ ئۇقۇم-قائىدىلەرنى سۆزلەپ تەربىيە بەرسە، ئەقلىي تەپەككۇر جەھەتتىن تېخى تولۇق يېتىلىپ بولالمىغان بالىلارنىڭ دەماللىققا چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى، شۇڭا بۇنداق تەربىيىنىڭ قىلچە ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنى پەقەت يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھەرخىل «يامان بولىدۇ» بىلەن بولمىغۇر سۆز-ھەرىكەتلەردىن چەكلەپ ھەم ئەيمەندۈرۈپ كۆندۈرگەندە، بالىلار چوڭ بولۇپ مەلۇم ياشقا يەتكەندە بولسىمۇ: «ھە، ئاتا-ئانىلىرىمىزنىڭ مۇنداق دېگىنى ئەسلىدە مۇنداق دېگىنى ئىكەندە!» دەپ بۇ «خۇراپىيلىق»لارنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئۆزلىكىدىن چۈشىنىپ يېتەلەيدىغانلىقىنى بىلگەن، ئويلىغانىكەن. ئەمما ئۇلار بىزنىڭ شۇنداق بىر زامانلار كېلىپ ھەرقانداق ئۇلۇغ ئۇدۇم-ئادەتلەردىنمۇ ئەيمەنمەيدىغان دەرىجىدە بەڭۋاشلىشىپ كېتىشىمىزنى ئويلاپمۇ باقمىغان بولسا كېرەك.

مۇلاھىزىمىزنى خۇلاسىلىساق شۇنداق يەكۈنگە كېلىمىزكى، ئەجدادلىرىمىز ھەرگىزمۇ قۇرۇق گەپ ساتقان ۋە ئۆز يۈرەك پارىلىرى بولمىش بىزلەرگە قۇرۇق گەپلەرنى ئۇدۇم قالدۇرغان ئەمەس. ئۇلارنى «ساۋاتسىز»، «خۇراپىي»، «قالاق» دېيىشكە بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. بىز ئاشۇ ئەسكى چاپان، كونا-قاتتىق ئۆتۈك، چاڭگا ساقال مۆتىۋەرلىرىمىزنى ھازىرقى زامان ئاتالغۇسى بويىچە پاراسەتلىك تەبىئەتشۇناس، ئۆتكۈر جەمئىيەتشۇناس، پىشقان پەيلاسوپ، يېتىلگەن ئاسترولوگ-ئاسترونوم ۋە تەجرىبىلىك مۇھىت ئاسرىغۇچى مۇتەخەسسىسلەردىن ئىكەن، دېسەكمۇ ھەرگىز ئارتۇق كەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك تەكىتلىنىۋاتقان «ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى قوغداش» شوئارى ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ دانىشمەن ئەجدادلىرىمىز ئۇزاق ئەسىرلىك ھايات كەچمىشلىرى داۋامىدا تەھقىقلەپ، سىناقتىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن بىزگە مەنىۋى مىراس سۈپىتىدە قالدۇرۇپ كەتكەن ئاشۇ بىر قاتار ئۇدۇمىمىزنىڭ زامانىمىزدىكى باشقىچە ۋارىيانتى ئەمەسمۇ؟!

— ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

يەرلىك شېۋىلەرگە ئىزاھات

[1] «ساقايماس يارا» دېگەن مەنىدە .

[2] كۆچەت، نوتا، جىرىم.

[3] خوتەندە پاقا- قۇمچاق دېيىلىدۇ.


[4] پالتۇك- پەگا.

[5] «ئاتا- بوۋا، ئەجدادلار»دىن دېمەكچى.

---

ئاپتور: نىيا ناھىيە سىياسىي كېڭەشنىڭ خادىمى (M3)، (M1)

www.uyghurkitap.com



# ئەنئەنىنىڭ يەنە بىر يۈزى

دىلمۇراد مەھمۇد

*«سەندەك قىزنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بار؟ بۇ خۇددى تۆكۈرۈك قاچىسىنى سۈرتۈپ پارقىراتقاندەكلا ئىش. سەن ئۇ مەكتەپلەردە ھېچبىر قىممىتى بار نەرسە ئۆگىنەلمەيسەن. ساڭا ھەم ماڭا ئوخشاش ئاياللار ھاياتىدا بىرلا خىل ماھارەتكە ئېھتىياجلىق. بۇنى ئۇلار ساڭا مەكتەپتە ئۆگەتمەيدۇ... ئۇ بولسىمۇ بەرداشلىق بېرىش...»*

*— خالىد ھۇسەينىي [1] : «مىڭ پارلاق قۇياش»*

يۇقىرىقى ئۈزۈندە ئافغانىستانلىق بىر ئايالنىڭ ئوقۇش ئارزۇسىدا بولۇۋاتقان قىزىغا بەرگەن جاۋابى. ئۇ ئېرى تەرىپىدىن قىزى بىلەن قوشۇپ تاشلىۋېتىلگەن. بۇ ئايال ئوقۇمىغان ھەم ئوقۇشنى يامان كۆرىدۇ، مائارىپنى، ئۆزىنى ۋە قىزىنى كەمسىتىدۇ، پەس كۆرىدۇ. بىچارىلەرچە خاتا چۈشىنىدۇ. گەرچە بۇ بىر رومانىدىن ئېلىنغان پارچە بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتكىنى رېئاللىقتىكى ئافغانىستانلىق نۇرغۇن ئايالنىڭ ئەنئەنىگە ئايلانغان دۇنيا قارىشىنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇ خىل روھىيەت نەدىن كەلگەن؟ روشەنكى، «بىر جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسى ئۆز ئەزالىرىنىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرىنى قېلىپلايدۇ. شۇڭا بۇ كىشىلەر ئۆزلىرى مەجبۇرلانغان ئىشلارنى قىلىش ئارزۇسىدىلا بولىدۇ»[2]. شۇڭا، ئاياللار ئومۇميۈزلۈك چەتكە قېقىلغان جەمئىيەتتە ئەھۋالنىڭ يۇقىرىقىدەك بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ئىجتىمائىي قۇرۇلما چوڭ بىر ئۇقۇمدۇر. «ئۇ مۇئەييەن گەۋدە ۋە توپلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنى، مەلۇم ئىجتىمائىي سىستېمىغا تەۋە كىشىلەرنىڭ نىسبەتەن تۇراقلىق بولغان يۈرۈش - تۇرۇش شەكىللىرىنى ياكى پائالىيەت قۇرۇلمىسىنى بەلگىلەيدىغان تۈزۈملەشكەن قېلىپ ۋە تونۇش رامكىسىنى كۆرسىتىدۇ»[3]. شۇنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ قېلىپ ياكى رامكا ئەنئەنە بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان. ھەتتا شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئەنئەنە بۇ قۇرۇلمىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر قىسمىدۇر. مەسىلەن، يۇقىرىقى ئافغانىستانلىق ئايالنىڭ ئۆيدىن قوغلىنىشىدىكى يۈزەكى سەۋەب، ئۇنىڭ غەلىتە بىر كېسەلدىن ساقىيالماي «جىن تەگدى» دېگەن ئاتاققا قالغانلىقى ئىدى. بۇ ئىش ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئىسلزادە ئېرىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئابرويىغا داغ كەلتۈرگەنلىك دەپ قارالغانىدى. تۆپ نېگىزىدىن ئالغاندا، بۇ ئالدى بىلەن شۇ ئەلدىكى ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى ئورنىنىڭ ئىنتايىن تۆۋەنلىكىدىن بولغان. خۇراپاتلىق ئىككىنچى

تەرەققىيات ۋە ئەنئەنە

مەسىلىدۇر. ناۋادا شۇ ئايال ئەمەس، ئۇنىڭ ئېرى شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولسا، ئەھۋال ھەرگىز ئۇنداق بولمايتتى. دېمەك، ئافغانىستاننىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدىكى ياكى ئەنئەنىسىدىكى ئەنە شۇنداق بىر ناتوغرا قاراش ئۇز پۇقرالىرىنى يۇقىرىقىدەك پاجىئەگە دۇچار قىلغان ھەم دەل شۇ پۇقرالار يەنە شۇ خىل قۇرۇلمىنىڭ داۋاملىق مەۋجۇد بولۇپ تۇرۇشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە رايىشلىق بىلەن ئاساس يارىتىپ بېرىپ كەلگەن.

تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللاردىن نۇرغۇننى بايقايمىز. كونا جۇڭگودىكى پۇت بوغۇش ئەنئەنىسى قارىماققا پەقەت ئاياللارغا قىلىنغان بىر زۇلۇمدەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇمۇ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى بىر چاتاقتىن دېرەك بېرەتتى. بۇ قۇرۇلما ئاستىدا، ھەتتا ئاياللارنىڭ ئۆزىمۇ ئەنە شۇ كىچىك پۇتىدىن پەخىرلىنىدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن. دەرۋەقە، ئاياللارنىڭ كەمسىتىلىشى ئۇزاق ئۆتمۈشتىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دۇنياۋى ئەنئەنە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىغىچە سىڭىپ كەتكەن پىكىر ھادىسىسىدۇر. ئەرلەر ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئاياللار ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىدىغان جەمئىيەتلەر ھازىرمۇ خېلى كۆپ. جۈملىدىن، جۇڭگونىڭ ئىسلاھاتتىن بۇيانقى تەرەققىيات مۇساپىسىدە ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىدىكى ئۆزگىرىش كىشىنى يەنىلا ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. مىسالەن، 2004 - يىلى دۆلەت پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شۇ يىلى جۇڭگودا تۇغۇلغان قىز ۋە ئوغۇل بوۋاقلارنىڭ نىسبىتى 117:100 بولغان، يەنى 100 قىز بوۋاققا 117 ئوغۇل بوۋاق توغرا كەلگەن. ھالبۇكى، خەلقئارادىكى نورمال نىسبەت 107:103 دۇر. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، 2050 - يىلىغا بارغاندا 25 مىليون ئەر «بويتاق» قالىدىكەن[4]. دەرۋەقە، ھازىرمۇ جۇڭگولۇق نۇرغۇن ئاتا - ئانا ئوغۇل بىلەن قىزنى، ئوغلىنىڭ پەرزەنتلىرى بىلەن قىزىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەڭ ئورۇندا كۆرمەيدۇ. نەۋرىلەرمۇ ئاتا تەرەپ بوۋا - مومىلىرى بىلەن ئانا تەرەپ بوۋا - مومىلىرىنى باراۋەر ھېس قىلالمايدۇ. يېزىلاردا تۇنجى پەرزەنت قىز بولسا، يەنە بىر پەرزەنتلىك بولۇشقا يول قويۇلىدۇ. دېمەككى، بۇيەردە ھېلىھەم قىز پەرزەنتلەرنى پەس - تۆۋەن كۆرۈش خاھىشى يوقالغىنى يوق. بۇ خىل ئەنئەنىنىڭ يىلتىزى يىراق تارىخقا چېتىلغان. مېنىڭ قارىشىچە، ئەجدادلارغا بولغان ئۇچ تۇرلۇك ساداقەتسىزلىك ئىچىدە ئەڭ يامىنى ئەۋلادنى ئۈزۈپ قويۇش بولۇپ، جەمەت پەقەت ئوغۇل ئارقىلىقلا ئۈزۈلمەي داۋاملىشاتتى. ئەۋلادسىز ئۆلۈپ كەتكەنلەر (ئوغۇل پەرزەنتسىز) ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغانلار بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن «ئاچ ئەرۋاھ» قا ئايلىنىپ، شۇملۇققا سەۋەب بولىدۇ، دەپ قارىلاتتى. شۇڭا قىز پەرزەنتلەرنىڭ ، قىسقىسى ئاياللارنىڭ كەمسىتىلىشىدە مۇشۇ ئىدىيە ئاساسلىق رول ئويناپ كەلگەن. دەرۋەقە، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئاياللارغا تۇتقان ئەنئەنىۋى پوزىتسىيىسى ھىندىستاندىكى ۋە بەزى ئىسلام ئەللىرىدىكى ھالەتلەرگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. سانائەت ئىنقىلابىغىچە، ھەتتا 20 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە نۇرغۇن خرىستىئان غەرب دۆلەتلىرىدىكى ئاياللارمۇ ئەنئەنىۋى كەمسىتىشلەردىن قۇتۇلالماي كەلگەنىدى. لېكىن بۇ ھازىر ئاساسەن تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ مەسىلىسى بوپقالدى.

جۇڭگو تارىخىدىكى ئەنئەنىۋى كېجۇ (مەنسەپدارلىق) ئىمتىھان تۈزۈمى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىدىكى غەيرىيلىكتىن دېرەك بېرىدىغان يەنە بىر ئەگرى ئەنئەنە. چۈنكى بۇ ئىمتىھاننىڭ تۈپ مەقسىتى مەنسەپدار يېتىشتۈرۈش، مەنسەپدار تاللاش بولغان. شۇڭا بۇ خىل تۈزۈم ئاستىدىكى زىيالىيلارنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىشتىكى بىردىنبىر مەقسىتىمۇ مەنسەپدار بولۇش ئىدى. شۇ سەۋەبلىك بىلىم ئالغاندا مەنسەپ ۋە مال - دۇنياغا ئېرىشكىلى بولىدۇ دەيدىغان ئىدىيە كىشىلەرنىڭ روھىيىتىگە تولىمۇ چوڭقۇر سىڭىپ، ئورناپ كەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بىلىملىك كىشىلەر مەنسەپدار بولغان ھامان ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىي كېلىش مەنبەسى بولغان ئاۋام پۇقرا بىلەن قارىمۇ قارشى ھالەتكە ئۆتەتتى. ئۇلار مەنسەپ تۇتۇشنى پۇقرالارغا خىزمەت قىلىش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى باشقۇرۇش، بويسۇندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپ بىلەتتى. پۇقرالارمۇ مەنسەپدارلارغا ياخشى كۆرۈنۈش، خۇشامەت قىلىش ھەم ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش، پەيتى كەلسە ئۇلار بىلەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قۇرۇۋېلىشنى نورمال جاھاندارچىلىق دەپ قارايتتى. ئۇشبۇ ئىمتىھاننىڭ مەركىزىي مەزمۇنى بولغان كۇڭزى ئىدىيىسى جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىدۇر. ھالبۇكى، بۇ ئىدىيە كۆككە كۆتۈرگەن پادىشاھلار، مەنسەپدارلارغا سادىق بولۇش تەلىماتى جۇڭگو پۇقرالىرىدا دېموكراتىك ئىدىيەلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە توسالغۇ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە «كۇڭزى نەزەرىيىسى بىر ياردەمگە بىر ياردەم قايتۇرۇشنى، يەنى مەن ساڭا بىر ئىش قىلىپ بەرسەم، سەنمۇ (ئەخلاقىي نۇقتىسىدىن، قانۇنىي جەھەتتىن ئەمەس) ماڭا بىر ئىش قىلىپ بېرىشىڭ كېرەك، دەيدىغان پرىنسىپنى قاتتىق تەكىتلەيتتى. ھالبۇكى ، بۇ، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتىكى مەنپەئەتپەرەسلىكنىڭ كېڭىيىشىگە، چىرىكلىكنىڭ باش كۆتۈرۈشىگە ئىدىيىۋى ئاساس ھازىرلاپ بەردى. بۇ خىل پرىنسىپ ئاستىدا، بىر ھۆكۈمەت مەنسەپدارى بىر كىشىگە شۇ كىشى قانۇنىي جەھەتتە ئېرىشىشكە ھەقلىق مۇلازىمەتنى يەتكۈزگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ بۇ ئىشنى شۇ كىشىگە قىلىنغان ئالاھىدە ياردەم دەپ بىلىشى ھەم بۇنىڭ ئۈچۈن ھالاۋەتكە ئېرىشىشنى ئويلىشى مۇمكىن. ناۋادا ئىككى تەرەپ ئارىسىدا مەلۇم ‹ مۇناسىۋەت› شەكىللەنسە، بۇ مەنسەپدار تېخى ھېچكىم ئېرىشىش ھوقۇقى بولمىغان ياردەمنى

شۇ كىشىگە بېرىشى مۇمكىن»[5]. دېمەك، بۇ خىل«مۇناسىۋەت» ئەنئەنىگە ئايلانغان جەمئىيەتتە ساغلام ھەم ساپ ئىنسانىي مۇناسىۋەتتىن ئۈمىد كۈتۈش ئىنتايىن تەس.

«ئەنئەنە بۇرۇنقىلاردىن قالغان ماددىي ئوبيېكتلار، ھەرخىل شەيئى ھەققىدىكى ئىشەنچلەر، مەلۇم شەخسلەر، ۋەقەلەر، پائالىيەتلەر ۋە تەشكىلاتلار ھەققىدىكى ئوبرازلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» [6]. ئېدۋارد شىلس ئۆتمۈشتىن مىراس قالغان كلاسسىك كىتابلاردىن تارتىپ رەسىملەر، ھەيكەللەر ھەم قۇرۇلۇشلارنىمۇ ئەنئەنە قاتارىغا تىزىدۇ. دەرۋەقە، شۇ ماددىي ئوبيېكتلار ھەققىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئېقىمغا ئايلانغان قاراشلارمۇ ئەنئەنىدۇر. تارىختىكى مەلۇم سىياسىي شەخس تارقاتقان ۋە كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇلغان دۇنيا قاراش ياكى ئىدىيەلەرمۇ ئەنئەنىدۇر. دېمەك، ئۇ ھەم پۈتۈنلەي ئۆتمۈشكە تايانغان، ھەم بۈگۈنىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان نەرسە. ئۇ يەنە بۈگۈن ئىچىدىكى ئۆتمۈشتۇر، شۇنداقلا يىگىمىدىن بارلىققا كەلگەن يېڭىلىقلارغا ياكى زامانىۋىلىقلارغا ئوخشاشلا بۈگۈننىڭ ھەم بىر قىسمىدۇر. ھالبۇكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان بەزى پاسسىپ تەرەپلەر كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىلەرنى زامانىۋىلىق بىلەن قارىمۇقارشى دەپ تونۇشىغا سەۋەب بولدى. دېمىسىمۇ ئۇلار شۇ قاراڭغۇ تەرەپلىرى بىلەن زامانىۋىلىقنىڭ دۈشمىنى بولۇشقا تامامەن لايىق. ئاتالمىش زامانىۋىلىق 18 - ۋە 19 - ئەسىرلەردە ياۋروپادا باشلانغان سانائەت ۋە پەن - تېخنىكا ئىنقىلابلىرىنىڭ نەتىجىلىرىنى كۆرسىتەتتى. بۇ دەۋردىن ئىلگىرىكى زامانلاردا شەرق بىلەن غەرب تېخنىكا جەھەتتە ئاساسەن باراۋەر ئىدى. بىراق غەربلىكلەر دەل مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلتۈرگەن ئالەمشۇمۇل ئىنقىلابلىرى ئارقىلىق ئۆز ئەنئەنىلىرىنىڭ زەي باسقان قاراڭغۇلۇقلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقتى - دە، كېيىنكى تەرەققىياتقا كۈچلۈك ئۇل سالدى. بۇ مەنىدىن ئالغاندا غەربنىڭ سانائەت ئىنقىلابىنى يەنە ئەنئەنە ئىنقىلابى دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇلار يېڭى دۇنيا قاراشلارغا، يېڭى تۇرمۇش شەكىللىرىگە، يېڭى يۈرۈش - تۇرۇشلارغا ئىگە بولدى. لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ ئاسانلا قولغا كەلگەن ئەمەس. 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا غەربتە يەنە زامانىۋىلىققا پۈتۈنلەي قارشى بولغان ئەنئەنىنى قوغداش دولقۇنى كۆتۈرۈلگەندى. بۇنىڭ تەشەببۇسچىلىرى زامانىۋىلىقنى ئەنئەنىۋى ھاياتنىڭ، مىللىي كىملىكنىڭ قاتىلى، دەپ قارىدى. لېكىن ئىسلاھاتچىلارنىڭ نەزەرىدە نۇرغۇن ئەنئەنە قالاقلىق ۋە نادانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. دېمەك، ھەر مەسىلىنىڭ ئىككى تەرىپى بولغىنىدەك، ئەنئەنىنىڭمۇ ھەم مەلھىمى ھەم زەھىرى بار. ئۆز ئەنئەنىسىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلغان قوۋم ئۆزىدىنمۇ ئايرىلىپ قالىدۇ. ئەنئەنىلەر بىر خەلقنىڭ جان تومۇرىغا تۇتاش ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇ ئۆز ئىگىسىگە كىملىك تۇيغۇسى ۋە ياشاش مەناسى ئاتا قىلىدۇ.

بىراق ئۇ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان پاسسىپ تەرەپلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ نورمال ھاياتلىق ھوقۇق - ئىقتىدارىنى چەكلەش، بوغۇش رولىنى ئوينايدىغان بولسا، ئۇنىڭ بولمىغىنى بولغىنىدىن ياخشى. مەسىلەن، بىر مىللەت خۇراپاتلىق، يۇرتۋازلىق، پىتنىشماسلىق، ئىچىشۋازلىق، سۆلەتۋازلىق، ھورۇنلۇق ۋە شۇلارغا ئوخشاش بىر ھالەتنى ئەنئەنە قىلغان دەپ قارىلىپ قالغان بولسا، شۇنداق مىللەتنىڭ ھالىغا ۋاي ۋە بۇلاردىن ئىككىلەنمەيلا ۋاز كەچمەي ئامال يوق. جۈملىدىن يۇقىرىقى ئىللەتلەرنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلاردىكى يامان ئەنئەنىلەر سۈپىتىدە تەنقىد قىلىنىپ كېلىۋاتقانلىقى بىر پاكىت. تەيۋەن جەمئىيىتىنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى رەھىمسىزلىك بىلەن سۆككەنلىكى ئۈچۈن تۈرمىدە ئون يىلغا يېقىن يېتىپ چىققان بەي ياڭ ئەپەندى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەجدادلاردىن مىراس قالغان قورقۇنچلۇق ئەنئەنىۋى خاراكتېرلىرى سۈپىتىدە مەينەتچىلىك، رەتسىزلىك، شاۋقۇن - سۈرەننى خالاش، ئىناقسىزلىق، خاتالىقنى ئۆلسىمۇ ئېتىراپ قىلماسلىق، ئىچى تارلىق، ئەجدادلارغا، ھوقۇقدارلارغا ۋە ئۇستازلارغا مەزلۇملارچە چوقۇنۇش ۋە بويسۇنۇش قاتارلىقلارنى تىلغا ئالىدۇ[7]. مەلۇم ئەنئەنە، مەيلى ياخشى بولسۇن ياكى ناچار بولسۇن، بىر خەلق ھاياتىنىڭ ئاكتىپ بىر قىسمىغا ئايلانغان ھامان، ئۇنى ئىنكار قىلىش تولىمۇ تەسكە توختايدۇ، ھەتتا بەزىدە زور پاجىئە يۈز بەرگەندەك تۇيغۇ بېرىپ قويىدۇ. چۈنكى ئۇ ياخشى ياكى يامان بولسۇن بەزى ھاللاردا گويا شۇ خەلقنىڭ ئەقىدىسى، ئىشەنچىسى، ئىپتىخارىغا، ھەتتا مىللىي بەلگىسىگە ئايلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقى يىمىرىلگەندىن كېيىن ستالىننى ئەيىبلەش يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر پارلاق ئەجابىي شەخستىن تۇيۇقسىزلا بىر سەلبىي ۋە رەزىل شەخسكە ئايلىنىپ قالدى. روشەنكى، ستالىنىزمغا ئىشەنچ باغلاپ كەلگەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىكى تالاي خەلق بۇنى پەقەت قوبۇل قىلالمىدى. «ئەجەبا، سىلەر مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى ئىنكار قىلماقچىمۇ؟» دەيدۇ بىر رۇس موماي مۇخبىرغا خۇرسىنغان ھەم ئاغرىنغان ھالدا. بىر ساختا ھەققانىيەتچى شەخس ستالىننى ئىنكار قىلىش بۇنچىۋالا تەسىر قوزغىغان يەردە، سوقرات، لى بەي، چىڭگىزخان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام، پۇشكىن، لىنكولىن ياكى نەۋائىيدەك سىيمالارنى ئىنكار قىلىشنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس ئەمەس. ھالبۇكى، ستالىنغا ئوخشاش رەزىل شەخسلەردىن پەخىرلىنىش ئەنئەنىسىدە ياشاۋاتقان خەلقلەرگە رەھىم قىلىپ ئولتۇرماي، ئۇلارنىڭ شۇ نىقابلىق مەبۇدلىرىنى چوقۇم ۋاقتىدا پاچاقلاپ تاشلاش زۆرۈر. چۈنكى، بۇلار شۇ خەلقلەرگىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى ھاياتىغا ۋەيرانچىلىق ئېپكېلىدۇ.

ئەنئەنىلەر يەنە يۇكسەك دەرىجىدە ھېسسىي خاھىشقا ئىگە بولىدۇ، يەنى كىشىلەر مەلۇم بىر ئەنئەنىگە ئەگىشىشتە

ئەقلىيلىكتىن كۆرە ھېسسىيلىققا بەكرەك تايىنىدۇ. ئۇ پەقەت ئەنئەنە بولغانلىقى ھەمدە كۆپچىلىك قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا قوبۇل قىلىدۇ. ئېھتىمال، ئىنسانلارنىڭ بەزى قاراش، ئادەتلەرگە ئاسانلا كۆنۈپ كېتىشى ئەنئەنىلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇشىدىكى بىرئاساس بولسا كېرەك. تەتقىقاتچىلار مۇنداق بىر تەجرىبە ئىشلىگەن: بىر قەپەسكە بەش مايمۇننى قاماپ، قەپەس ئىچىدىكى پەشتاققا بىر ساپاق بانانىنى ئېسىپ قويغان. لېكىن مايمۇنلاردىن قايسىبىرى پەشتاققا يامىشىپ بانانىنى ئالماقچى بولغاندا شۇ ھامان ھەممە مايمۇنغا سوغۇق سۇ سېپىلگەن. بۇ ئەھۋال قايتا ـ قايتا داۋاملاشقان. شۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن ئۆتمەي ھېچقايسى مايمۇن بانانغا ئېسىلمايدىغان بولغان. كېيىن، ئاردىن بىر مايمۇن چىقىرىۋېلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى بىر مايمۇن كىرگۈزۈلگەن. بۇ مايمۇن قەپەسكە كىرگەن ھامان ھېلىقى بانانىنى ئالماقچى بولغان، ئەمما باشقا تۆت مايمۇن دەرھال قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئۇنى توسۇۋالغان. كېيىن، دەسلەپكى مايمۇنلاردىن يەنە بىرى چىقىرىۋېلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر يېڭى مايمۇن كىرگۈزۈلگەن. بۇ مايمۇنمۇ كىرىپلا پەشتاققا يۈگۈرگەن. بىراق، قالغان ئۈچ مايمۇنغا قوشۇلۇپ، ئىككىنچى قېتىم كىرگەن ھېلىقى مايمۇنمۇ ئۇنى قاتتىق توسقان. دېمەك، ئۇ بانانغا تەگمەسلىكنىڭ سەۋەبىنى بىلمىسىمۇ، باشقىلارغا قوشۇلۇپ بۇ ئىشقا ئاغزىز ھالدا قارشى تۇردى دېگەن گەپ. ئەمەلىيەتتە بىرىنچى يېڭى مايمۇن كىرگەندىلا مايمۇنلارغا سۇ سېپىلمەيدىغان بولغانىدى. لېكىن ئەسلىدىكى ئۈچىنچى، تۆتىنچى ۋە بەشىنچى مايمۇننىڭ ئورنىغا يېڭى مايمۇنلار ئالماشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنى قەپەستە ئەسلىدىكى سوغۇق سۇ سېپىلگەن مايمۇنلاردىن بىرىمۇ قالمىغان بولسىمۇ، ھېچقايسى مايمۇن پەشتاققا يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. بۇ ھادىسە ئەنئەنىنىڭ بىر تۈپكى خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بېرەلەيدۇ. بۇ خاراكتېر كىشىلەرنى قارىغۇلارچە ئېقىمغا ئەگىشىدىغان، قاششاق، ئىندىۋىدۇئاللىقى، ئىجادچانلىقى كەمچىل قىلىپ قويالايدۇ. بۇنىڭغا بىرمۇنچە مىسال كەلتۈرۈشىمىز مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردىكى پىرىخونلۇق، داخانلىق شامانىزمدىن قالغان بولسا، نەزىر ـ چىراغ، ئۆلگۈچىگە ئۇزۇن مۇددەت ھازا تۇتۇش ھەمدە دەسلەپكى 40 كۈندە يۇيۇنۇپ ـ تارانماسلىق ئادىتى ئەسلى بۇددىزمدىكى ئەرۋاھنى بېقىش، ئۇنىڭدىن قورقۇش ھەم ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش ئېتىش ئەنئەنىسىدىن قالغانىدى. لېكىن ئىسلامدا قەتئىي چەكلەنگەن بۇ ئەنئەنىلەر بەزى رايونلاردا بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلدى. قەغەز بىلەن ئارقا پىشانىنى سۈرتۈشنى چەكلەش قەغەز كەمچىل دەۋرلەردىن قالغان بىر ئەنئەنە. ھالبۇكى، بۇمۇ قەغەز كەڭرىچىلىك بولغان كېيىنكى نۇرغۇن دەۋرگىچە داۋاملاشتى. ئىسلامنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا رەسمىي قانۇنىي ئېتىراپقا ئېرىشكەن بىر ئەر كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا يول قويۇش ئىمكانىيىتى بىر تەرەپتىن ئىسلامدىن بۇرۇنقى ئەنئەنىنىڭ داۋامى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋردە يۈز بەرگەن ئۇزۇلۇش-چەكسىز ئۇرۇشلار ۋە پەچكەچ (؟)

بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ دەۋردە يۇقىرى چەككە يەتكەن ئۇرۇش ماللىمانچىلىقلىرىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. لېكىن بۇ ئەنئەنە ھازىرمۇ نۇرغۇن ئەللەردە مەۋجۇد. يىگىت تەرەپنىڭ قىز تەرەپكە تويلۇق بېرىش ئەنئەنىسى ئەسلىي ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق دەۋرىنىڭ دەسلىپىدە پەيدا بولغان ئادەت بولۇپ، شۇ چاغلاردا يىگىتلەر قىزلارنى ئۆيلىرىدىن، قەبىلىلىرىدىن ئايرىپ ، ئۆز قەبىلىسىگە ئېلىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۆزىنى قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىگە قەرزدار ھېس قىلغان. شۇڭا دەسلەپتە قىزنىڭ ئاتىسىغا نەچچە يىل ھەقسىز ئىشلەپ بېرىپ، ئاندىن ئۇنى ئېلىپ كېتىدىغان ئادەت شەكىللەنگەنىدى. كېيىن پۇل مەيدانغا كەلگەندىن كېيىن ئەرلەر ئىشلەشنىڭ ئورنىغا پۇل بېرىدىغان بولغان. تويلۇق بېرىش ئەنئەنىسىنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇ. دېمەك، ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىكى تەكىتلىنىۋاتقان ھەم ئەمەلگە ئېشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە تويلۇق بېرىش ئەمەلىيەتتە ۋاقتى ئۆتكەن بىر ئەنئەنىدۇر. ئىسلامدىمۇ يۇقىرىقى ئادەت چەكلىنىپ، قىز تەرەپكە ئاز مىقداردا مېھرى ھەققى بېرىشنىڭ كۇپايە ئىكەنلىكى تەكىتلىنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئۇيغۇرلاردا ئاساسەن ئەمەلگە ئاشقان ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ياشلارنىڭ كۆپى بىھۇدە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىۋاتقانلىقىمۇ ھەممىگە ئايان. بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، قالاق ياكى ۋاقتى ئۆتكەن ئەنئەنىلەردىن ئاڭلىق ھالدا ۋاز كېچىش ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. لېكىن ئۇلاردىن ۋاز كەچمەي تۇرۇپ، ئىلغارلىقنى قوبۇل قىلىش تەس، بولۇپمۇ ئۇلارنى كېلىشتۈرگىلى بولمىغان ئەھۋالدا.

بەي ياڭ ئەپەندى بۇ ھەقتە ئامېرىكا ئىندىيانلىرى بىلەن جۇڭگولۇقلارنى سېلىشتۇرۇپ مۇنداق يازىدۇ: «ئىندىيانلارنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئازلىقى كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىدۇ. ناۋادا ئۇلار تاشقى مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشقا ماقۇل كەلسە، بۇ ئىش بەكلا ئاسانغا توختايتتى. قۇپقۇرۇق ئۆي ئىچىگە يېڭى تىپتىكى دىۋانلارنى ئەكىرسىلا ئىش پۈتەتتى. ھالبۇكى، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆيى ئۇزۇن ئورۇندۇق، قىسقا ئورۇندۇق، ئېگىز ئورۇندۇق، تۆمۈر ئورۇندۇق، ياغاچ ئورۇندۇق،تىكەنلىك ئورۇندۇق، سىرلىسا يىقىلىپ چۈشمەيدىغان ئورۇندۇقلارغا لىق تولغان. ئەگەر ئۇلارنى رەھىمسىزلىك بىلەن گەندە ئازگىلىغا تاشلىمساق، يېڭى تىپتىكى دىۋانلار دەرۋازىدىن مەڭگۈ كىرەلمەيدۇ»[8]. ئەلۋەتتە بۇ يەردىكى ئورۇندۇق بىلەن يېڭى تىپتىكى دىۋاننىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى بىلىش كېرەك. ھالبۇكى، بۇ كونا «ئورۇندۇقلار» دىن ۋاز كېچىش ئۇنچىۋالا ئاسانغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆي بىلەن گويا بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ مېھرى بەك چوڭقۇر.

دەرۋەقە، بەزى ئەنئەنىلەر نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە بولسا، بەزىلىرى يېقىنقى ئۆتمۈشكىلا تۇتىشىشى مۇمكىن.

ئېدۋارد شىلسىنىڭ قارىشىچە: «مەلۇم بىر ئىشەنچ ياكى پائالىيەت شەكلىنىڭ ئەنئەنە بولۇپ ھېسابلىنىشى ئۈچۈن ئۇ ئاز دېگەندە ئۈچ ئەۋلاد جەريانىدا ئىككى قېتىم مىراس قالغان بولۇشى كېرەك»[9]. بىر ئەۋلاد جەريانىدا ياكى بىر ئەۋلادنىڭ مەلۇم ياش بۆلىكىدە داۋاملاشقان بىردەكلىك پەقەت مودا بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مودىنىڭ يەنە ئەنئەنىگە ئۆزگىرىش ئېھتىماللىمۇ بولىدۇ. تارىختا ئەنئەنىلەرنىڭ يېتىلىنىشىدا دىنىي ئېتىقادلارنىڭ ئالمىشىشى ئەڭ زور رول ئويناپ كەلگەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار شامانىزمدىن مانى دىنىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇددىزمغا، ئاخىرىدا ئىسلامغا ئۆتۈش جەريانىدا ئارقا ـ ئارقىدىن ئەنئەنە يېتىلىنىش ھادىسىسىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەنئەنىلەرنىڭ يېتىلىنىشىدا يەنە تۇرمۇش شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، يايلاق تۇرمۇشى، يېزا تۇرمۇشى ھەم شەھەر تۇرمۇشى قوللايدىغان ئەنئەنىلەرنىڭ تامامەن بىردەك بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ھالبۇكى، بىر مىللەتنىڭ تارىخى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن ھەم شۇ مىللەتنىڭ روھىيىتىگە سىڭىپ كەتكەن ئەنئەنىلەر ئەڭ مۇقىم بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن روھىيەتكە ئەڭ كۈچلۈك ھەم چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان ئىدېئولوگىيە كۈرىشى لازىم بولىدۇ. مەسىلەن، ئابدۇقادىر داموللام، مۇسابايلار، مەمتىلى ئەپەندى، مەقسۇد مۇھىتي، ئابدۇخالىق ئۇيغۇري قاتارلىق مەرىپەت باشلامچىلىرى يېڭىچە مائارىپ جەدىتىزم ئارقىلىق ئەنئەنىۋى مەدرىسە مائارىپىغا جەڭ ئېلان قىلغان. بۇ يېڭىچە مائارىپنى كېڭەيتىش ئىشى شۇ چاغدىكى بىر بۈيۈك ئىنقىلاب ئىدى. لېكىن شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىينىڭ «باشقىلار كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ كەتتى يىراق، مەن مىسالى يالاڭ ئاياغ دەسسەپ تىكەن ماڭارمەن» دېگەن مىسرالىرىدىنلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ ھەرگىز ئاسانغا توختىمىغان. بۇ يەردىكى «تىكەن» ئەلۋەتتە ھەم شۇ چاغدىكى دىنىي مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ ھەم ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ «تىكىنى» ئىدى. ھالبۇكى، ئۆز يۇرت كاتتىلىرىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمەسلىك بۇ يەردىكى ئەڭ زور پاجىئەدۇر. دەرۋەقە، مىڭ يىلدىن بۇيان مىللەتنىڭ تەلىم ـ تەربىيە ھاياتىغا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن مەدرىسە مائارىپ ئەنئەنىسى تەبىئىيكى يېڭى مائارىپقا ئاسان يول بەرمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ مەدرىسە مائارىپى ئىسلامنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدىكى ئىلغار ھەم ئېسىل مائارىپ بولماستىن، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇستۇنلىكنى ئىگىلىگەن بېكىنمىچىلىك ۋە مۇتەئەسسىپلىكنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئاستىدا قالغان مائارىپ ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئورنىغا زامانغا لايىق يېڭى مائارىپ دەسسىمىسە، خەلقنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايتتى.

بۇ يەرگە كەلگەندە يۇقىرىقى تارىختا مۇناسىۋەتلىك ئىسلامدىكى بىر قىسىم ئەنئەنە ھەققىدە ئازراق توختىلىش زۆرۈر. ئىسلامدىكى ئەسلىيەتچىلىك ياكى ئەنئەنىچىلىك يېڭىلىققا، ئىسلاھاتقا پۈتۈنلەي قارشى بىر ئېقىم بولۇپ، ئىسلامنىڭ پۈتكۈل تارىخىدا مەۋجۇد بوپكەلگەن ھەم كېيىنكى دەۋرلەردە بارغانسېرى كۈچىيىشكە باشلىغان. بۇ ئېقىمدىكىلەر ئىنسان تەبىئىتى ئۆزگەرمەستۇر، شۇڭا شەرىئەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ قىلچە ئورنى يوق، دەپ قارايتتى. شۇنداق ئىكەن ئەنئەنىۋى ئېقىمغا ئەگەشكەن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىجتىمائىي ئىسلاھات ھەققىدە ئويلىنىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. «ئىنسان تەبىئىتىنى ئۆزگەرمەي كەلدى دېسەكمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ئۆزگىرىش بوپكەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن قانۇنلارمۇ ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. شۇڭا مۇسۇلمانلارنىڭ مۇشۇ قارىشى ئۇلارنى تېخنىكا ئىلغارلىقلىرى ئېلىپكەلگەن يېڭى مەسىلىلەرگە نىسبەتەن قارىغۇ قىلىپ قويىدى» دەيدۇ پروفېسسور ۋىللىيام مونتگومېري ۋات[10]. دېمەك، ئىسلامدا يۇقىرىقىدەك قاراشنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشى جەريانىدا ياخشىراق جەمئىيەت شەكلىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە بولغان ئىشەنچ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن. شۇ سەۋەبتىن مۇسۇلمانلار خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىيلارغا قارىغاندا بۇ دۇنيادىن ئۇ دۇنيانى كۆپرەك ئويلايدىغان بولغان. نەتىجىدە بۇ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ۋە ياخشىلاش ئىشى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئۇنچىۋالا مۇھىم ئىش ئەمەس دەپ قارىلىپ قالدى. شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بۈگۈنمۇ يەنە خېلى كۆپ قىسىم مۇسۇلمان شۇ يوسۇندا ياشىماقتا. ئۇ پەقەت تالىبانلارغا ئوخشاش بىر قىسىم كىشىلەردىلا كۆرۈلمەيدۇ. بەلكى خېلىلا ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە، بۇ ئەقىدە ئۇلاردا بەكرەك كۈچلۈك ئىپادىلەنگەن، خالاس. ئەنئەنىۋى ئىسلامدا بۇ دۇنيا يەنە ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بۇنىڭ بىرى «دار ئەل ئىسلام » (ئىسلام دائىرىسى)، يەنە بىرى «دار ئەل ھەرب »(ئۇرۇش دائىرىسى) ئىدى. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئىسلام دىنى شەرىئىتى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئەللەردىن باشقىلار بىۋاستە ھالدا ئۇرۇشنىڭ ئوبيېكتى بوپقالغان. «جىھاد قىلىش»مۇ پەقەت «ئۇرۇش دائىرىسى»نى «ئىسلام دائىرىسى»گە ئايلاندۇرۇش دەپ چۈشىنىلگەن. ئىسلام ئۆلىماسى مەۋدۇدىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جىھاد دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى پۈتكۈل كۈچى بىلەن تىرىشىش، ئىجتىھات قىلىشتۇر. ئاللاھ يولىدا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن ياكى مال ـ دۇنياسىنى سەرپ قىلغانلار شۈبھىسىزكى جىھاد قىلغان بولىدۇ. ھالبۇكى، شەرىئەتنىڭ تىلىدا بۇ سۆز ئاساسەن ئىسلامنىڭ دۈشمىنى سۈپىتىدە زۇلۇم سالغۇچىلارغا قارشى پەقەت ئاللاھنىڭ نامى بىلەن ئۇرۇش قوزغاشقا ئىشلىتىلمەكتە »[11] . مانا بۇ «جىھاد»نىڭ ئىككى تۈرلۈك ئىستېمال مەنىسىدۇر. لېكىن كېيىن ئۇنىڭ دەسلەپكى مەنىسى ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىپ، شەرىئەت تىلىدىكى مەنىسى ئاساسىي ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە بارغانسېرى كۈچەيگەن، شۇنداقلا ئىسلام ئەللىرىنىڭ تاشقى سىياسەت ئەنئەنىسى بىلەن بىرىكىپ

www.uyghurkitap.com

كەتكەن. تارىختىن بۇيان ئىسلام ئەللىرى يات ئەللەرگە نىسبەتەن باشتىن ئاخىر مۇشۇ خىل پوزىتسىيىنى تۇتۇپ كەلگەچكە، ئۇلارنىڭ غەيرىي مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىزچىل ھالدا كاشىلا كۆرۈلگەن. مۇشۇ ھادىسىگە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىسلامدىكى يەنە بىر ئەنئەنە ــ بېكىنمىچىلىك ياكى ئۆزىنى ئۆزى قامداش خاھىشىدۇر. بۇ خاھىش تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلار ئىسلامغا يات بولغان بارلىق مەدەنىيەتنى قوبۇل قىلىشتا پاسسىپ بوپكەلگەن. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «ئىلىم يىراق چىندا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگىنىڭلار!» دېگەنلىكى مەلۇم بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار ھەتتا ئۆز ئىمپېرىيىسى ئىچىدىكى يات خەلقلەردىن بىلىم ئېلىشنىمۇ قوبۇل كۆرمىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە پروفېسسور ۋىلليام مونتگومېرىي ۋات مۇنداق مۇلاھىزە قىلىدۇ: «مۇسۇلمانلار بىلىمگە ئېرىشمەكچى بولغاندا ئالدى بىلەن ‹ تىرىكچىلىك ھەققىدىكى بىلىم› نى ئويلاشقان. ھالبۇكى، غەربلىكلەر بىلىم ھەققىدە پىكىر قىلغاندا ئاساسەن ‹ كۈچ ـ قۇدرەت ھەققىدىكى بىلىم› نى ئويلاشقان. بۇ ئۇلارنى تەبىئەتنى ۋە جەمئىيەتنى كونترول قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدىغان بىلىملەر ئىدى. دىنىي ۋە ئەخلاقىي قىممەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىرىكچىلىك ھەققىدىكى بىلىملەر بولسا ئىسلامدىكى ئۆز ـ ئۆزىنى قامداش ئەنئەنىسى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولغان»[12]. خاملتون گىب ئوتتۇرا ئەسىردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىلىم چۈشەنچىسىنى مۇنداق باھالايدۇ: «كونا ئىسلام چۈشەنچىسىدە بىلىم بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى قېدىرىش بولماستىن، بەلكى ئاللىبۇرۇن بىلىنگەن نەرسىلەرنى مېخانىك ھالدا توپلاش جەريانى ئىدى. بىلىم ئۆزگىرىش ۋە كېڭىيىش ئىچىدىكى نەرسە ئەمەس، بەلكى ‹بېرىلگەن›ۋە مەڭگۈلۈك نەرسە دەپ قارىلاتتى»[13] . ئىسلامىيەت ئىلمى دوكتورى فەزلۇر رەھمانمۇ بۇنى قۇۋۋەتلەپ: «ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىسلامدا بىلىم ئېلىش ئاكتىپ ئىزدىنىش، بىلىنمىگەن نەرسىلەرگە ئىجادىي ھالدا كاللا قاتۇرۇش بولماستىن (خۇددى بۈگۈنكى ئەھۋالدەك)، بەلكى ئاللىبۇرۇن بېكىتىلگەن بىلىملەرنى پاسسىپ ھالدا قوبۇل قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى» [14] دەيدۇ. فەزلۇر رەھمان بۇ خىل پاسسىپلىقنىڭ بۈگۈنمۇ مەۋجۇدلۇقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتكەن. دەرۋەقە، ئەنئەنىگە ئايلانغان بۇ خىل بىلىم قارىشىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىسلامدىكى بېكىنمىچىلىككە خاتىمە بېرىش زۆرۈردۇر. روشەنكى، ئۇيغۇرلار مىڭ يىللىق كونا مۇسۇلمان خەلق بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلامدىكى مانا مۇشۇ ئەنئەنىلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماي قالغان ئەمەس. بۇ خىل ئەنئەنىلەر كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىن ئورۇن ئېلىپ كەتكەن ئەھۋالدا، بۇنى يۈيۈش ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرىيلاردەك زور پىداكارلىق كۆرسەتمەي بولمايدۇ.

مەلۇم بىر ئەنئەنە بەكلا قاتتىق تەكىتلىنىپ كەتسە، مەيلى ئۇ ھەرقانچە ياخشى بولسۇن، ئەكسىچە يامان نەتىجە پەيدا قىلىدۇ. بۇ ھەم نورمالسىز ھالەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىش جەريانىدا ئۇنىڭ ئىجابىي ياكى مۆتىدىل خاراكتېرى ئۆزگىرىپ باشقا تەرەپلەرنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىدىغان رادىكال نەرسىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا ـ ئۇسسۇل ئەنئەنىسى ھەددىدىن زىيادە تەكىتلەنگىنى سەۋەبىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى «ناخشا ـ ئۇسسۇل ماكانى» دەپ ئاتالدى. كىشىلەرمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ بۇ ساھەدە يېتىلىپ چىقىشىنى كۆپرەك ئارزۇلايدىغان بولدى. نەتىجىدە، بۇ بىنورمال ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى ھەم مىللىي بەلگىسى بوپقالدى. كىشىلەرمۇ بۇنىڭدىن ئالاھىدە پەخىرلىنىدىغان ھالەت شەكىللەندى. نەۋائىي ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى دەۋردىكى ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي مىللەتلەر شائىرلىققا قاتتىق ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئىككى ئادەمنىڭ بىرى دېگۈدەك شېئىر ـ قوشاق توقۇيدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كەلگەنىدى. ھازىرغىچە داۋامى ئۈزۈلمىگەن بۇ خىل زىيادە ھېرىسمەنلىك بۇ زېمىندىكى تەبىئەت ئىلىملىرىنىڭ تەرەققىياتىنى سۇسلاشتۇرۇپ كەلدى. ئۇيغۇرلاردىكى توي ـ تۆكۈنلەرگە كەلسەك، بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىش زۆرۈر. ئۇيغۇرلارنىڭ مەرىكە ـ مۇراسىملىرى ھازىر تېخىمۇ كۆپىيىشكە ۋە زورىيىشقا قاراپ يۈزلەنگەنلىكى مەلۇم. مەسىلەن، يېقىندا بەزى كىشىلەر كىچىك قىزلارغا بېغىشلانغان «گۈل توي»دەيدىغان، خەتنە تويغا باراۋەر يەنە بىر تويىنى پەيدا قىلدى. ئەسلىي ئاددىي ئۆتكۈزۈلۈپ كەلگەن خەتنە توي ۋە بۆشۈك تويلار قىز ـ يىگىت تويىدەك ھەشەمەتلىك تۈسكە كىرىشكە باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىككى تويىڭمۇ مەسلىھەت چايلىرى بارلىققا كەلدى. بۇلاردىن باشقا ئۇيغۇرلاردا خىلمۇخىل چوڭ ـ كىچىك چاي ۋە يىغىلىشلارنىڭ كۆپىيىشى، روشەنكى، كىشىلەرنىڭ بۇ خىل مۇراسىملارنى ھەددىدىن زىيادە مۇھىم دەپ بىلىۋاتقانلىقىنى دەلىللەيدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى بىر نەچچە. ئەڭ ئالدى بىلەن يۇقىرىقى «ئىسلاھاتلار» نىڭ ئارقىسىدا بىر كۆڭۈلسىز سەۋەب، يەنى ئىقتىسادىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتى يوشۇرۇنغان. چۈنكى باشقىلارنىڭ مەرىكىسىگە سوۋغا قىلىنغان پۇل پەقەت شۇنداق مەرىكە ئارقىلىقلا قايتىپ كېلەلەيدۇ. شۇڭا «سوۋغات»نى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق سورۇندىن بىرنى ھازىرلىماي ئامال يوق. نەتىجىدە، بۇ سورۇنلارغا مۇناسىۋەتلىك «ئادەمگەرچىلىكلەر» ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ۋاقىت قۇربان بولۇشى كېرەك. روشەنكى، بۇ بىر ناچار ئايلانما جەريان. ناۋادا يەنە ئىككى ـ ئۈچ ئەۋلادتىن كېيىن يۇقىرىقىدەك يېڭىلىقلار ئۇيغۇرلارنىڭ رەسمىي ئەنئەنىسىگە ئايلىنىپ قالغۇدەك بولسا، بۇ بىرلا رېئاللىقتىن، يەنى چېكىنىشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلاردا توي ۋە چايلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ھەم ھەشەمەتلىك بولۇشىدا ئەنئەنىگە تۇتىشىدىغان يەنە بىر

سەۋەب بار. «توي ـ تۆكۈن» دېگەن سۆزنىڭ ئېتمولوگىيسىدىن قارىغاندا بۇ توقلۇق، قانائەت، ئېشىپ ـ تېشىش، جۈملىدىن ھەشەمەتچىلىكتىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن توي ـ تۆكۈننى چوڭ كۆرۈپ ھەم تاپقان ـ تەرگىنىنى ئوتتۇرىغا تۆكۈپ، ئەڭ زور كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈپ كەلگەن. شۇڭا شاھانە ئاشىق ـ مەشۇقلارنىڭ ئەل ـ جامائەتكە 40 كېچە كۈندۈز توي بېرىشى چۆچەكلەردە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان موتىفقا ئايلانغان. بۇ مۇراسىملاردا بار نەرسە ئوتتۇرىغا تۆكۈلىدۇ، ھەممە تويىدۇ، بايدىن تارتىپ يوقسۇلغىچە خۇشاللىقتىن تەڭ بەھرىمەن بولالايدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا بۇ ھەشەمەتلىك توي ـ تۆكۈنلەر مەلۇم جەھەتتە ياخشى ئىجتىمائىي رول ئويناپ كەلگەن. بۈگۈنمۇ ئۇيغۇر يېزىلىرىدا بىرەر توي بولسا پۈتكۈل مەھەللە ئەھلىنىڭ بىرى قالماي قاتنىشىپ، توي بەزمىسىدىن ئورتاق ھۇزۇر ئالالايدۇ. دېمەك، توي ـ تۆكۈننىڭ ئەسلىي مەنىسى خۇشاللىقتىن، تائاملاردىن تەڭ بەھرىمەن بولۇپ، تۇرمۇشنىڭ گۈزەل چاغلىرىدىن بىرلىكتە قانائەت تېپىش ئىدى. لېكىن شەھەرلىشىش دولقۇنى ئىچىدە بۇ مۇراسىملارنىڭ تەبىئىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولدى. يەنى، يۇقىرىقى تەركىبلەرنىڭ ئورنىنى بەسلىشىش، ئابروي قوغلىشىش، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئىگىلەشكە باشلىدى. بۇ يەردە يۇقىرىقى ھادىسىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى ئاشكارىلىنىدۇ. ئادەتتە غورىگىل تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەر ھەشەمەتچىلىك قىلسا، بۇنىڭدىكى مەقسەت پەقەت شۇ غورىگىللىكىنى يوشۇرۇشتۇر. دەرۋەقە، «ئىنسان ئۆزىنى چۈشۈرىدىغان، كەمسىندۈرىدىغان، ئاجىز، قىممىتى يوق، رەزىل، نومۇسسىز ھېس قىلدۇرىدىغان ھەرقانداق بىلىم ( ئۇچۇر)دىن قورقۇش خاھىشىدا بولىدۇ ھەمدە ھەرخىل ۋاستىنى قوللىنىپ ئۆزىنى ۋە ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئوبرازىنى قوغداشقا تىرىشىدۇ»[15]. دېمەك، بىر مەرىكىدە ئۈچ قېتىم كىيىم ئالماشتۇرۇشقىچە بېرىپ يەتكەن ھەشەمەتچىلىكلەرنىڭ ئارقىسىدا رېئاللىقنى بىلىش ھەم ئېتىراپ قىلىشتىن قورقۇش خاھىشى بار. ئۇ دەل كەمبەغەللىكتۇر ياكى باشقىلارغا قارىغاندا كەمبەغەل سانىلىپ قېلىشتۇر. كەمبەغەللىك دەرۋەقە پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئىش ئەمەس، لېكىن ئۇ پەردازلانسا تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتىدىغان نەرسە. بەزى كىشىلەر ھەشەمەتچىلىكنى ھۆرمەت ۋە ئېتىراپنىڭ مۇھىم بىر ۋاستىسى دەپ بىلىۋالغان. كەمبەغەللىك ئۇلارنىڭ غۇرۇرىنى سۇندۇرىدۇ، ئۇلارنى كەمسىندۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭدىن قورقىدۇ ھەم ئۇنى ئېتىراپ قىلىشتىن قاچىدۇ. لېكىن شۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇكى، بىر جەمئىيەتتە ھۆرمەت ۋە ئىناۋەت مەنىۋى بايلىق بىلەن ئەمەس ماددىي بايلىق بىلەن ئۆلچەمدۈردە بولسا، ئۇ ھالدا بۇ جەمئىيەت كېسەل جەمئىيەتتۇر، ئۇنىڭ كەلگۈسى قاراڭغۇدۇر.

ئۇيغۇرلارنىڭ ھاراق سورۇنى نىسبەتەن يېقىنقى دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يەنە بىر ئاينىغان ئەنئەنە. بۇنى ئەتىئەنە دېيىشىمىزدىكى ئاساسلىق سەۋەب شۇكى، ئۇ ئاللىبۇرۇن نەچچە ئەۋلاد داۋاملىشىپ بولدى ھەمدە ئادەتتىن تاشقىرى غەيرىي يوسۇندا تەكتىلەنگەن ھالدا خۇددى كونا ئەنئەنىلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارنىڭ بىر مىللىي ھەم ھەجۋىي ئالاھىدىلىكىگە ئايلاندى. ھەرقانداق بىر يات مىللەت كىشىسى ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلاشقان دەسلەپكى نەچچە كۈندىلا بۇنى ھېس قىلالايدۇ. بىر مۇسۇلمان خەلقتە قانداق بولۇپ بۇنداق ئادەت شۇنچە كەڭ كۆلەمدە شەكىللىنەلىگەن؟ ئەلۋەتتە تاشقى سەۋەب، 20 ـ ئەسىردىن تارتىپ ئىسلام ئەنئەنىلىرىنىڭ خىلمۇ خىل سەۋەب تۈپەيلىدىن ئاجىزلىششى ۋە باشقا خەلقلەر تەسىرلىرىنىڭ كۈچىيىشىدۇر. ئىچكىي سەۋەب، كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ زىيالىيلارنىڭ بۇ خىل سورۇنىنى يات مىللەتلەردىن كەلگەن ئىلغارلىقلار قاتارىدا قوبۇل قىلغانلىقى ھەم ئۇنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىجابىي يوسۇندا چۈشەنگەنلىكىدۇر . مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئەسلىدىكى مەشرەپ تەرىقىسىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرخىل يىغىلىش ھاراقسىز ئۆتمەيدىغان بولدى. ھەتتا ھازىردارنىڭ قارىسىنى سۇندۇرۇشتىن ئىبارەت دىنىي تۈس ئالغان ئەنئەنىگىمۇ ھاراق ئارىلىششقا باشلىدى. بىر ئىش يادىمدىن چىقمايدۇ. خېلى يىللار ئالدىدا ئۇيغۇر تىلى ئۆگىنىۋاتقان بىر چەت ئەللىك ئوقۇغۇچى بار ئىدى. بىر كۈنى ئۇنى تاۋى يوق ھالدا كۆردۈم. ئەسلىي ئۇ يېڭىلا بىر تويدىن قايتىپ كەپتىكەن. سورۇندا ساقىي ئۇنى زورلاپ جىق ئىچكۈزۈۋېتىپتۇ. ھال سورىغىنىمغا جاۋابەن ئۇ: «ھەي ي... ئۇيغۇر بولماق نېمىدېگەن تەس!؟» دېگىنىچە ئاچچىق كۈلۈپ كەتكەنىدى. بۇ گەپتىن شۇنداق بىر مەنا چىقىدۇكى، ئۇنىڭ نەزەرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەڭ كۈچلۈك ھاراقلارنى ئىچىدۇ، ئىچەلەيدۇ، لېكىن راھەتلىنىپ تۇرۇپ ئىچمەيدۇ. چۈنكى ئاچچىق ھاراقنى ئىچمەك ئەلۋەتتە بەك تەس. ۋەھالەنكى، بۇ خۇددى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر بەلگىسى ياكى شەرتىگە ئايلانغان. «ئۇيغۇر بولماق» بىلەن «ھاراقنى چىلاشقۇدەك ئىچمەك» بىر ـ بىرىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ.

قىسقىسى، كىشىلەر دائىم ئۇ مىللەت ئۇنداق، بۇ مىللەت مۇنداق دەپ باھالىشىدۇ. مەيلى بۇ باھا قانچىلىك دەرىجىدە توغرا ياكى خاتا بولسۇن، بۇ باھانىڭ كۆپىنچە ھالدا ئەنئەنە بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى بىر پاكىت. گرېكلەرنى پەلسەپە، يەھۇدىيلارنى يۇكسەك سودا ئېڭى، فرانسۇزلارنى ئەدەبىيات، ئۇيغۇرلارنى مېھماندوستلۇق، ئافرىقا خەلقىنى نامراتلىق ۋە قالاقلىق بىلەن باغلاش قاتارلىقلار شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. روشەنكى، بىر خەلق ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشى، ئۇنىڭ ئەنئەنىلىرىنىڭ سۈپىتىگە باغلىق. بۇ سۈپەتنى ساقلاش ۋە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئەنئەنىلەرنىڭ پارلاق

www.uyghurkitap.com

قىسىملىرىنى چىڭ ساقلاش ھەم ئۇلارنى كېيىنكىلەرگە ساق پېتى ئۆتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بىرگە ئۇلارنىڭ خۇنۈك، قالاق تەرەپلىرىنى ۋاقتىدا بايقاش ۋە ئۇنىڭغا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىش ئىنتايىن زۆرۈردۇر. بۇ ئىش ئەمەلگە ئاشقاندىلا ئەنئەنىلەر ئاندىن ئۆز ئىگىسىنىڭ مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن مەزمۇت تۈۋرۈك بولالايدۇ ھەم ئۆز ئىگىسىگە يورۇق يۈز بەخش ئېتەلەيدۇ. ھالبۇكى، بۇ بىر قانچە كىشىنىڭ تىرىشچانلىقى، ئەمەل قىلىشى بىلەنلا ئىشقا ئاشىدىغان جەريان ئەمەس. چۈنكى ئەنئەنىلەر كوللېكتىپنىڭ، يەنى ھەربىر شەخسنىڭ ئورتاق ئىگىدارچىلىقىدىكى نەرسىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەسىلىنىڭ مۇرەككەپ يېرى شۇكى، «ئەنئەنىنىڭ يېتەكلىشى ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېر قۇرۇلمىسى ئاساسەن جەمئىيەتكە ماسلىشىشچان كېلىدۇ. نەتىجىدە، شۇڭا مۇتلەق كۆپ قىسىم كىشىنىڭ خاراكتېرى ئىجتىمائىي سىستېما بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ھەرگىزمۇ جەمئىيەتكە ماسلاشقان كىشىلەرنىڭ بەختلىك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بەرمەيدۇ. ئۇلار ئەگەشكەن ئىجتىمائىي ئەنئەنىلەر ئېھتىمال ئېچىنارلىق ھەممە تەشۋىشكە، خورلۇققا ۋە كېسەلگە تولغان بولۇشى مۇمكىن. گەرچە ئىنسانىيەت ئەزەلدىن مۇتلەق تۇرغۇن ھالەتكە پېتىپ باقمىغان بولسىمۇ، لېكىن خۇددى مەلۇم بىر ماددىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىگەندە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى ئاتوملارنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئاستىلاپ كېتىدىغىنىغا ئوخشاش، ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ئاستىلىغان چاغدا جەمئىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىمۇ ئىنتايىن ئاستىلاپ كېتىدۇ»[16]. دېمەك، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ تېز-ئاستىلىقى شۇ جەمئىيەتتىكى ئايرىم شەخسلەرنىڭ ئاكتىپچانلىق دەرىجىسى ۋە شۇ خىل ئاكتىپچانلىققا ئىگە شەخسلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە باغلىقتۇر. روشەنكى، تېخىمۇ كۆپ شەخس ئۆز ئىجتىمائىي ئەنئەنىلىرىنىڭ مەزلۇم قۇلى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئويغاق خوجايىنى ھەم ئەقىللىق ئىگىسى بولالىغاندىلا، ئاندىن ئۆزلىرىنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپە قوشالايدۇ.

2007-يىل ئۆكتەبىر، ئەنگلىيە — نيۇكاسىل

## سىتاتا مەنبەلىرى

[1] خالىد ھۇسەيىني 1965-يىلى ئافغانىستاننىڭ كابۇل شەھىرىدە تۇغۇلغان. كېيىن ئامېرىكىغا كۆچۈپ بارغان. ئۇنىڭ تۇنجى رومانى «لەگلەك ئۇچۇرغۇچى» «خەلقئارالىق بازىرى ئەڭ ئىتتىك كىتابلار» قاتارىغا كىرگەن بولۇپ، 34 دۆلەتتە نەشر قىلىنغان ھەم كىنو قىلىپمۇ ئىشلەنگەن. 2006-يىلى ئۇ ب د ت دا تۇرۇشلۇق مۇساپىرلار ئاگېنتلىقىغا ئامېرىكىنىڭ دوستلۇق ئەلچىسى قىلىپ كۆرسىتىلگەن. «مىڭ پارلاق قۇياش» ئۇنىڭ ئافغانىستان ئاياللىرىغا بېغىشلانغان رومانىدۇر.

[2] ئېرىچ فروم: «ئېرىشىش ياكى بولۇش؟»، جوناسان كېيىپ چەكلىك شىركىتى نەشرىياتى نەشرى، لوندون 1992-يىل، 133-بەت.

[3] نېئىل ج. سمېلسېر: «ئىجتىمائىي قۇرۇلما»، «جەمئىيەتشۇناسلىق ھەققىدە ئوقۇشلۇق»( نېئىل ج. سمېلسېر تەھرىرلىگەن)، SAGEنەشرىياتى نەشرى، لوندون 1988 -يىل، 103-بەت

[4] http://www.sina.com.cn 2004-يىل 11-نويابىر سائەت 11:13، جۇڭگو مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى: «شەرقتىكى زامان ۋە ماكان»

[5] پېتېر. ر. مۇدىي: «جۇڭگو ۋە ياپونىيىدە ئەنئەنە ۋە زامانىۋىلىق»، خەلقئارا تومسون نەشرىياتى نەشرى، 1995-يىل، 77-بەت.

[6] ئېدۋارد شىلس: «ئەنئەنە»، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى، 1981-يىل، 12-بەت.

[7] بەي ياڭ: «ئەبگا جۇڭگولۇقلار»، خۇنەن ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى نەشرى، 1986-يىل، 9-، 21- بەتلەر.

[8] يۇقىرىقى كىتاب، 92-بەت.

[9] ئېدۋارد شىلس: «ئەنئەنە»، 15-بەت.

[10] ۋىلليام مونتگومېري ۋات: «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ۋە زامانىۋىلىق»، ئېدىنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1988-يىل، 5-بەت

[11] ئەبۇلئەئلا مەۋدۇدىي: «ئىسلامنى چۈشىنىش ھەققىدە»، لاھور، 1960-يىل، 150-بەت.

[12] ۋىلليام مونتگومېري ۋات: «ئىسلام ئەسلىيەتچىلىكى ۋە زامانىۋىلىق»، 13-بەت.

[13] خامىلتون گىب: «ئىسلامدىكى زامانىۋى يۈزلىنىشلەر»، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى، 1947-يىل، 64-بەت.

[14] فەزلۇر رەھمان: «ئىسلام ۋە زامانىۋىلىق: زىيالىلار ئەنئەنىسىنىڭ ئىسلاھ بولۇشى»، چىكاگو ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى، 1982-يىل، 38-بەت.

[15] ئابراھام ماسلوۋ: «ئىنسان پىسخىكىسى ھەققىدە»، جون ۋىللېي سونس نەشرىياتى نەشرى، 1999-يىل، 77-بەت

[16] داۋىد رىئېسمان، ناسان گلاز ئر رېئۇئېل دېنىنېي: «غېرىب كىشىلەر توپى- ئامېرىكىلىقلارنىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشى ھەققىدە تەتقىقات»، يالې ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشرى، 2001-يىل، 12-بەت.

---

ئاپتور: ئۇيغۇر فولكلورى بويىچە ماگىستىر، شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى. ھازىر ئەنگلىيە نيۇكاسىل ئۇنىۋېرسىتېتىدا زىيارەتچى ئالىم سۈپىتىدە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتىدۇ. (M1)،(M3)




مەھمۇت ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

سىز ئانا تىلىڭىزنى پىششىق بىلەمسىز؟ كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئۇيغۇر ئانا تىلىمىزنىڭ ۋەزنى پاساھىتىنى ھېس قىلامسىز؟ سېلىشتۇرمىغىچە ئانا تىلىمىزنىڭ ساپا، سالمىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ.

ئانا تىلىمىز 11 ـ ئەسىر خاقانىيە دەۋرىدە، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىينىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىگە چۈشۈپ، بۇ ئىككى تىل خۇددى ئىككى تۇلپارغا ئوخشاش تەڭ چېپىپ بارغان. 13 ـ ئەسىر موڭغۇل ئىستېلاسى مەزگىللىرىدە، ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ بىر باسقۇچى

## ئىلغار ئىشلار - ئۈلگە ئىشلار

بولغان چاغاتاي تىلى چىڭگىزخان ھايات ۋاقتىدىلا ئەمەس، كېيىنكى چاغاتاي دەۋرى ۋە تېمۇرىيلەر دەۋرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ھۆكۈمەت تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان.

كېيىنكى كۈنلەردە ئۇيغۇر ئانا تىلىمىز ئەسلىگە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا تەرەققىي قىلىپ ئۆزىنىڭ ئىپادە كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ كەلدى.

1950 ـ يىللاردا، سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى «شەرق ھەقىقىتى»، «يېڭى ھايات» ژۇرنال نەشرىياتلىرىدا نەشر قىلىنغان رۇس تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان رومانلارنى ئوقۇيتتۇق. بىر كۈنى خىزمەتدىشىم بىلەن رۇس يازغۇچىسى، شائىرى م.يۇ.لېرمونتوف (1814 ـ 1841)نىڭ «زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى» دېگەن رومانى ئۈستىدە سۆزلىشىپ قالدۇق.

«روماندا ئىنسان قەلبىدىكى نازۇك ھېسسىياتلار نەقەدەر چوڭقۇر ئىپادىلەنگەن- ھە! ھەقىقەتەن گۈزەل ئەسەر ئىكەن بۇ» دېدىم مەن. «ھەقىقەتەن شۇنداق،- دېدى سۆھبەتدىشىم،- سىزنى تەسىرلەندۈرگىنى يەنە بىر جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچى. ئەگەر تەرجىمان ئۇيغۇر تىلىدىن رۇس تىلىدىكى ھەربىر سۆز، ھەربىر جۈملە ئۈچۈن دەلمۇ دەل مۇناسىپ كېلىدىغان ئىبارىلەرنى تاپالمىغان بولسا، ئەسەر بۇنچىلىك پاساھەتلىك چىقمىغان بولاتتى».

مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان مەكتەپتە ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلىدىن دەرس بېرىدىغان (خوتەندە چوڭ بولغان) بىر ئالاھىدە دەرىجىلىك خەنزۇ ئوقۇتقۇچى بار ئىدى. بىر كۈنى ئەتىگەندە ئۇ ماڭا مۇنداق دەيدۇ: «مەن ھازىر ھەر كۈنى كەچتە ئۆيدە ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلىنغان تېلېۋىزىيە تىياتىرى ‹سۇ بويىدا›نى كۆرۈۋاتىمەن؛ مەن ئۇنى خەنزۇتىلىدىمۇ كۆپ قېتىم كۆرگەن، ئۇيغۇر تىلىدىكىسى تېخىمۇ ھۇزۇرلۇق ئىكەن؛ تىلى بەك ياخشى چىقىپتۇ».

يۇقىرىدا بىز ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالىم- ئەدىبلىرىمىزنىڭ قولىدىكى كۈچىنى كۆردۇق. ئاددىي كىشىلىرىمىزنىڭ ئېغىز تىلىدا ئۇنىڭ ئىپادە كۈچى قانچىلىك؟ تۆۋەندە بىر قانچە مىسالنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

ئۇ كۈنى ئايالىم بىلەن ئىككىمىز دوختۇرخانىغا كۆرۈنۈپ چىققاندا ۋاقىت چۈشكە تاقاپ قالغانىدى. تاماق يەپ كېتەيلى دەپ بىر ئاشخانىغا كىردۇق. «كەلسىلا ھاجىكا، بوسۇغىدىن ئالدىرىماي ئۆتسىلە، ھاجى خېنىمنى مەن يۆلىۋالاي» دېدى قاملاشقان مۇلازىم يىگىت. بۇ يەردە ھاجىكامۇ، ھاجى خېنىممۇ يوق ئىدى. بۇ سۆزلەردىن كۆڭلىمىز خۇش بوپقالدى. (ئۇ، بېشىمىزدىكى دوپپا، ياغلىق، ئۈستىمىزدىكى يالاڭ پەلتولارغا دىققەت قىلغان بولسا كېرەك.) مەن بۇ يىگىتنىڭ «ھاجى ئانام» دېمىگىنىگە ئالاھىدە دىققەت قىلدىم. «مانتا بارمۇ؟» دېدىم مەن بىزگە چاي قۇيۇۋاتقان مۇلازىم يىگىتكە. ئۇ: «مانتا چىقىدۇ» دېدى- دە، ئىشنى تۈگىتىپ كېتىپ قالدى. بۇ بىر ئېغىز سۆزدىن مەن بۇ ئاشخانىدا ئەسلىدە مانتا سېتىلىدىغانلىقىنى، لېكىن ھازىر تەييار ئەمەسلىكىنى چۈشەندىم. بىر- ئىككى پىيالىدىن چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن: «مانتا قاچان چىقىدۇ؟» دېدىم مەن يەنە يېنىمدىن ئالدىراش كېتىۋاتقان ھېلىقى يىگىتكە. «پىشقاندا چىقىدۇ،- دېدى يىگىت كۈلۈمسىرەپ،- ئاشخانىمىزنىڭ خولۇپ ئېشىمۇ تەملىك، بىر چىنىدىن ئاچچىقايمۇ؟» سىز بۇ سۆزنى قانداق چۈشەندىڭىز؟ مەن بۇنىڭدىن «مانتىنىڭ قاچان چىقىدىغانلىقىغا بىر نېمە دېيەلمەيمەن، چوقۇم مانتا يېمەكچى بولۇشسىلا ساقلاپ تۇرۇشسىلا. ئالدىرايدىغان ئىش بولسا، كۆڭۈللىرى ھەقاچان قورۇما غىزالارنى تارتمايدۇ، يەڭگىل خولۇپ ئاش ئىچىشسىلە» دېگىنىدەك مۇرەككەپ بىر ئىچكى مەزمۇنلارنى چۈشەندىم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ قازان بېشىغا قارىسام، ئۇستاملار ئالدىراپ جىلتە ئېچىپ، قىيما تەييارلاۋېتىپتۇ. بىر قاچىدىن خولۇپ ئاش ئىچىپ رازى بولۇپ يېنىپ چىقتۇق.

شەھەردە تۇرغان بالىلار گەپكە ئۇستا دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ يېزىلىقلارنىڭ قانداق دەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ باقايلى:

يىگىت چاغلىرىمدا تۇرپان ئاستانە يېزىسىغا «چېنىقىش»قا ئەۋەتىلگەنىدىم. تۇرپاندا يانتاق تولا. كۈزگە يېقىن يانتاقلارغا شېكەر چۈشىدۇ. يانتاق شېكىرىنى تېۋىپلار دورىلىققا يىغىۋالىدۇ. ئۇ چاغلاردا تەبىئىي ئاپەت يىللىرى بولۇپ، ھەممە يەردە يېمەك - ئىچمەك قىس، ئاشلىق قاتتىق نورما بىلەن بېرىلەتتى. بىر كۈنى كەچتە ئەترەت ئاشخانىسىدا ئەزالارغا يىغىن ئېچىلدى. ناھىيىدىن كەلگەن كادىر «ئۆتمۈش قاراڭغۇ جەمئىيەتتىكى جاپا- مۇشەققەتلەرنى ئەسلەپ، ھازىرقى بەختلىك تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىش؛ ئاشلىقنى قەدىرلەپ، قانائەتچان بولۇش؛ تىرىشىپ ئىشلەپ مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇش» توغرىسىدا ئۇزۇن سۆزلەپ چوڭ ۋەزىيەتنىڭ ياخشىلىقىنى ئۇقتۇردى. يىغىن تۈگىگەندە قوشنام ئىمىنئاخۇن ئاكا بىلەن ئۆيگە قايتتۇق. قاراڭغۇ يولدا قارشى تەرەپتىن باست سۇغاقچى[1] كەتمەن كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ كېلىۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم ئىمىنئاخۇن، بۈگۈن يىغىندا نېمە گەپلەر بولۇندى؟- دېدى باست سۇغاقچى كەتمىنىنى يەرگە قويۇپ، ئالدىمىزدا توختاپ.

— گەپ جىق، ساڭا دېسەم، باست. كادىرنىڭ دېگەنلىرى قوناق نېنىڭلارغا شېكەر چۈشۈرۈپ يەڭلار دېگەن گەپلەركەن ھەممىسى،- دېيىدە ئىمىنئاخۇن ئاكا ۋە توختىماي كېتىپ قالدى.

مەن تۇرغان ئەترەتتە ھوشۇر ئاخۇن دېگەن ئادەمنىڭ ئوغلى ئوغرىلىق ئىشىغا چېتىلىپ قېلىپ، ئۇنى ناھىيىلىك ساقچىخانىدىن ئېپكەتتى. بىر كۈنى باست سۇغاقچى بىلەن كېتىۋېتىپ ھوشۇر ئاخۇنغا ئۇچراپ قالدۇق. باست سۇغاقچى ھوشۇر ئاخۇنغا كۆڭۈل ئېيتىپ: «بالىنى سولاقتا دەيدىلا، بۇ ئەپەندىم،- دېدى ئۇ مېنى كۆرسىتىپ،- چىرايلىق قىلىپ بىر ئىلتىماس يېزىپ، گۇڭشېنىڭ تامغىسىنى باستۇرۇپ ناھىيىگە بالىنى تىلەپ بارسىلا، قويۇپ بەرمەسمۇ؟» «ھەي باست، ئۇنداق ئاسان ئىش نەدە؟ تىلىگەنگە بېرىدىغان ئىش بولسا، تۈرمىدە ئادەم

www.uyghurkitap.com

قالامدۇ؟» دەپ جاۋاب بەردى هوشۇر ئاخۇن.

1980 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرى مائارىپچىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر گۇرۇپپا ئادەم دالا ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ يوپۇغىدىن چىقىپ مەكىت تەرەپكە كېتىپ باراتتۇق. شوپۇر ئادىشىپ قالدىمۇ قانداق، ئىككى تەرىپى قومۇشلۇق شورتاڭ يولغا كىرىپ قالدۇق. ئىككىلىنىپ تۇرغىنىمىزدا يىراقتىن مال بېقىۋاتقان بىر قويچى بالا كۆرۈندى. بىز ئۇنىڭغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن، ماشىنىدىن بېشىمىزنى چىقىرىپ توۋلىدۇق:

— هەي بالا، بۇ يول بىلەن نەگە بارىدۇ؟

— تېرىمغا، ـ دېدى پادىچى بالا تايىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ.

— ئۇنىڭدىن ئۆتۈپچۇ؟

— جىمى يەرگە بارىدۇ.

نېمىدېگەن ئىخچام سۆز بۇ؟! بۇ سۆز بىلەن پادىچى بالا بىزگە، تېرىمدىن ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ يولغا چىقىسىلەر، ئاندىن يەكەنگە بارامسىلەر، خوتەنگىمۇ، ئۈرۈمچىگە بارامسىلەر، غۇلجىغىمۇ، نەگە بارساڭلار بولىۋېرىدۇ، دېگەن مەنىلەرنى ئۇقتۇرغانىدى.

يۇقىرىدا شەھەرلىك مۇلازىم يىگىت، يېزىلىق ياشانغان دېھقان، چەت ـ ياقا جايدا چوڭ بولغان پادىچى باللارنىڭ ئانا تىلىمىزدا ئۆز پىكرىنى قانداق ئۇقتۇرغانلىقىنى كۆردۇق. هازىر ئۇيغۇر تىلى يېڭى ـ يېڭى ئاتالغۇلارنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن لۇغەت تەركىبى بېيىپ، ئۇنىڭ ئىپادە كۈچى بارغانچە ئاشماقتا. كىملىك، تىزگىنەك، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، كىرئالغۇ، بۇستارتقۇ، قامچاپۇرچاق، كۆكمۇچ، قىزىلمۇچ، غولپىياز، كۆدە، كەرەپشە قاتارلىقلار تىلىمىزغا ئۆزلىشىپ بولدى. ئەدەب ـ قەلەمكەشلىرىمىزمۇ بۇ ئىشتا بوش كەلمىدى. مەن پروفېسسور ئابدۇقادىر جالالىددىن ئەپەندىنىڭ «ئۆزىنى ئىزدەش بوسۇغىسىدا» دېگەن كىتابىدىن بارارگاھ، ئىلمىگەر، ئۇقتۇرما تاختا (ئېلان، كۆرسەتمە تاختا[2])، راھەت كىيىم (休闲服)، هايالدىما (توختاش، كۈتۈش، ساقلاش بېكىتى)، قارار (ئېلېكترون مېڭىلىك كۇنۇپكا تاختىلىرىدىكى 确认 كۇنۇپكىسىنىڭ نامى)، ئىچكۈ (ئىچىملىك)، ئۆز ئىگىمەنلىك، ئۈنتەخسە، سىنتەخسە، ئۈنتاسما، سىنتاسما، تۇغۇم مۇراسىمى (تۇغۇلغان كۈن ئولتۇرۇشى)، هاۋادان (پورتۇچكا)، كېچىم (体验 بىۋاستە هېس قىلغان، سەزگەن، ئالدىدىن ئۆتكۈزگەن تەجرىبە)، داۋراڭ (ئېلان) قاتارلىق سۆزلەرنى ئوقۇدۇم. كارخانچىلىرىمىز لەۋ سۇرۇق، يۈز چاپلىمىسى، زەپىران دەملىمىسى، چايلىق، سۇۋەرەكخور، راھەت ئۇيقۇ پۇركۈمىسى قاتارلىق سۆزلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن سانغۇن، مەشقاۋۇل، سۇركاۋۇل، ساھىب شۇغۇل، خان سانىيە، تۇتۇنبېگى...لەرنى ئاڭلاۋاتىمىز.

ئۇيغۇر تىلىنى قېزىش، بېيىتىش، ئىشلىتىش ئۇستىلىرىغا ۋەكىل قىلىپ پىشقەدەملەردىن هاجى ئىمىن تۇرسۇن، توختى باقى ئارتىشى، مۇساجان ئەزىزىي ئەپەندىلەر ۋە ماھىنۇر هاجى ياقۇپ ئانات خانىمنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

ئاۋام خەلق ھەقىقىي تىل ئۇستىلىرىدۇر. يۇرتۇم تۇرپان ئاستانىدا ھەر جۈمە كۈنى چوڭ بازار بولىدۇ. بازار كۈنى بىر ياپمىچى بۇرادىرىمنىڭ يېنىدا تۇراتتىم. بىرچوكان كېلىپ: «بولدۇرغۇ بارمۇ؟» دەپ سورىدى. ياپمىچى زاۋۇت خېمىر تۇرۇچى ئېلىپ بەردى. «كۆپتۇرگۇ بارمۇ؟» دېدى چوكان يەنە. تىجارەتچى ئۇنىڭغا بىر نېمىنى ئېلىپ بەردى. چوكان كەتكەندىن كېيىن بۇرادىرىمدىن: «كۆپتۇرگۇ دېگەن نېمە؟» دەپ سورىدىم. «بولكىغا سالىدىغان خۇرۇچ» دېدى ئۇ. هازىر تۇرپاندا ھەممە ئۆيلەردە دېگۈدەك شامالدۇرغۇچ بار ئىكەن. ئۇلار ئۇنى «شامالچى»، شىجىبېجىڭ 洗洁精 نى «قازان سوۋۇن»، ساپما كەشنى «شىقلاق» دەيدىكەن. ئەينى چاغلاردا بۇ ماقالىنى يېزىش ئويۇم بولغان بولسا، يەنە نۇرغۇن ئەپلىك سۆزنى يېزىۋالاركەنمەن.

ئاددىي كىشىلىرىمىزنىڭ ئانا تىلىمىزنى ئاددىي قىلىپ دەل جايىدا ئەپلىك سۆزلىگەنلىرىنى ئاڭلىسام بەكمۇ سۆيۈنۈپ كېتىمەن. بۇ مېنىڭ بىر خىل كۆڭۈل خۇشلۇقۇم. لېكىن دەل مۇشۇ ئانا تىلىمىز تۈپەيلىدىن مەندە پات ـ پاتلا كۆڭۈل غەشلىكى پەيدا بولۇپقالىدۇ.

مەلۇم ئىشتا ماڭا ياردەم قىلماقچى بولغان ئوقۇغۇچۇمغا ئۆيدە ئولتۇرۇپ تېلېفون بەردىم. تېلېفون ئۇلىنىپ قارشى تەرەپتىن هۆز كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، مۇئەللىممۇ؟ ياخشىمۇ سىز؟ (تىچلىقمۇ دېسە ئەڭ مۇۋاپىق ئىدى).

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، نەدىسەن؟

— دا بازادا.

— تۈنۈگۈن تېلېفون بېرىپ ئالالمىدىمغۇ؟

— ۋاي مۇئەللىم، تۈنۈگۈن تېلېفونۇم تىڭجى (停机[3] ئىدى).

— نېمە دېدىڭ؟

— تېلېفونۇم چيەنفى (欠费[4]) بولۇپقاپتىكەن. بۈگۈن ئاچتۇرۇۋەتتىم.

بۇنداق سۆزلەيدىغانلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. يېقىندا تېلېفون تىجارەت ئورنىغا بېرىپ ئۆي تېلېفون پۇلىنى تۆلەپ

بولغاندىن كېيىن مۇلازىم قىزغا:

— ئىككى قېتىم بولدى، ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون پۇلى بەك كۆپ چىقىۋاتىدۇ، شۇنى تەكشۈرۈپ بېرەلەرسىزمۇ؟ — دېدىم.

— بۇ ئىشتا سىلى ئېرىنمەي داشمىنىغا بارسىلا، — دېدى قىز، — تەپسىلىي ئەھۋاللار بۇ جىزى(机子)دا شيەنشى(显示) بولمايدۇ[5].

گۆش دۇكىنىدىن يېرىم قوينىڭ گۆشىنى سېتىۋالدىم. قاسساپ ئۇستام: «تىلى (刷了)قىلىپ بېرەيمۇ؟» دېدى. «ئوبدان شىلىپ بەرسىلە» دېدىم مەن. قوغۇنچىدىن قوغۇن ئېلىپ: «خالتىغا سېلىپ بېرىڭ» دېسەم، قوغۇنچى: «دەيزە (袋子) تۈگەپ كەتكەن» دېدى. كۆكتات ساتىدىغانلاردىن خالتىنى دەيزە دېمەيدىغان بىرىنىمۇ ئۇچراتمىدىم.

دېسەم گەپ تولا. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ «دا بازا» دېگەن سۆزنى ئالايلى. ئۈرۈمچىدىكى بۇ خەلقئارا چوڭ بازار قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ بازارنىڭ مىللىي ئەنئەنە نامايان بولىدىغان بازار بولۇشىنى ئۈمىد قىلىپ، ئۇنىڭ نامى ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن ھەۋەس بىلەن «بازار» دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. ئەگەر خەنزۇچىدا Qong(چوڭ) دېگەن تاۋۇش بولغان بولسىدى[5]، بۇ بازارنىڭ خەنزۇچىدىمۇ تولۇق ئۇيغۇرچە تەلەپپۇز بىلەن «چوڭ بازار» دەپ ئاتىلىپ قېلىش مۇمكىنچىلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىزغا بولىدۇ. «چوڭ بازار»دىن ئىبارەت بۇ چىرايلىق ئىسىم نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ ئېغىزىمىزدا «دا بازا» دېيىلىدۇ. بۇ، تىلىمىزنىڭ ئانا تىلىمىزغا كەلمىگەنلىكىدىنمۇ ياكى بىر بوغۇملۇق «چوڭ» تاۋۇشى ئوخشاشلا بىر بوغۇملۇق «大»تاۋۇشىدىن «ئۇزۇن» بولغانلىقىدىنمۇ؟

سودا ـ تىجارەت، مۇلازىمەت ئېلانلىرىغا ئانچە قىزىقمىساممۇ، ئۇلارنى ھەرھالدا ئاڭلاپ، كۆرۈپ قويىمەن. ئېلاننىڭ ئاخىرىدا دېيىلىدىغان: «ئادرېسى خوتەن ۋىلايەتلىك مالىيە ـ سودا مەكتىپىنىڭ يېنىدا»، «ئادرېسى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدا» دېگەندەك سۆزلەرنى ئاڭلىسام شۇ ھامان دىققىتىم چېچىلىپ كېتىدۇ. بەزىدە «ئادرېسى بەخت يولى 15 ـ نومۇر» دېگەندەك ئېلانلارمۇ ئۇچرايدۇ.

بىز ئەمدى «ئادرېس» دېگەن سۆز ئۈستىدە توختىلىپ كۆرەيلى:

«ئادرېسى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ يېنىدا» دېگەن سۆز بىلەن «ئورنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىنىڭ يېنىدا» دېگەن سۆزنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. ئۇنداقتا، بىزدە ساپ ئۇيغۇرچە «ئورنى» دېگەن سۆز تۇرۇقلۇق ئالدىنقى جۈملىدە نېمە ئۈچۈن «ئادرېسى» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىمىز؟ بۇمۇ خۇددى مۇھىم ھاجىتىمىزدىن چىقىدىغان ئورۇننى بىلدۈرىدىغان «ھاجەتخانا» دېگەن چىرايلىق سۆزىمىز تۇرسا، مەدەنىي بولماقچى بولۇپ ئۇنى «ئوبۇرنى» دېگەندەك گەپمۇ ـ يا؟ (تېخىمۇ مەدەنىيلەشمەكچى بولغان نازاكەتلىك ئاياللار «ئوبۇرنىيە» دەپمۇ سالىدۇ تېخى).

«ئادرېسى» بىلەن «ئورنى» بىر گەپ بولسا ئۇنداقتا تۆۋەندىكى دىئالوگنى قانداق چۈشىنىمىز؟

موماي ئوغلىدىن سورىدى:

— ئالمۇتىدىكى تۇغقانلارنىڭ ئادرېسىنى نەگە قويدۇڭ؟

— ئىشكاپقا سېپ قويغان.

— يىتتىپ كەتمىگەندۇ؟ قاراپ باق.

بۇ سۆزلەردىن تۇغقانلارنىڭ تۇرغان ئورنىنى ئىشكاپقا سېلىپ قويغان بولىمىزمۇ؟ «ئادرېسى» بىزگە ئومۇملاشقانىكەن، چوقۇم «ئورنى»دىن پەرقلىنىدۇ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 ـ يىلى نەشر قىلغان «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»(قىسقارتىلمىسى)نىڭ 16 ـ بېتىدە «ئادرېس»قا مۇنداق ئىزاھ بېرىلگەن: «ئادرېس: بىرەر كىشى ياكى تەشكىلات تۇرىدىغان جاينىڭ تەپسىلىي نامى، پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈستىدىكى شۇ نەرسىنى تاپشۇرۇۋالغۇچىنىڭ تۇرىدىغان جايى يېزىلىق يېزىق». دېمەك ئادرېس، ئۇ مەلۇم جاينىڭ نامى ياكى جاينىڭ نامى يېزىلغان يېزىق. شۇنداق ئىكەن «ئادرېسى شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدا»نىڭ مەنىسى: تۇرغان جاينىڭ نامى (ياكى نامى يېزىلغان يېزىق) تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىيپاش ئۇدۇلىدا بولۇپ چىقىدۇ. ئەلۋەتتە ئورۇن بىلەن ئورۇننىڭ نامى بىر گەپ ئەمەس. بۇ گويا ئادەم بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنىڭ بىر گەپ ئەمەس بولغىنىدەك بىر ئىش. ئادەمنىڭ تەن ـ جىسمى بولىدۇ، بۇ تەنگە بېرىلگەن نام ئۇنىڭ ئىسمى بولىدۇ. بۇرۇن بۇ خىل ئېلانلار بەكلا كۆپ ئىدى. تۈنۈگۈن تاپشۇرۇۋالغان نەزىر باغىقىغا قارىسام، باغاقنىڭ تۆۋەنكى بۆلىكىگە: «ئادرېس: XX نىڭ ئۇدۇلىدىكى XX باغاق بېسىش كوچىسىدا بېسىلدى» دەپ يېزىلىپتۇ.

ئېغىز تىلىمىز ۋە مەتبۇئاتلاردا توغرا قوللىنىلمىغان نۇرغۇن سۆزنى ئۇچرىتىمىز. «چوڭ بازارنىڭ مۇنارىغا كۆپ خىل نەققاشلار چۈشۈرۈلگەن» دەپ «نەقىش» بىلەن نەقىش ئۇستىسى ـ «نەققاش»نى پەرقلەندۈرەلمەيدىغان؛ «دەريا سۈيى ئۇلغىيىپ خەتەر يېقىنلىشىۋاتسا، ئۇ بىخىرامان ئويۇننى ئويناپ يۈرىدۇ» دەپ يېزىپ، بىغەم، پەرۋاسىز ـ خىرامان ھالەتنى

ئىنكار قىلىۋېتىدىغان ئەھۋاللار ئاز ئەمەس. «ياپونىيە»نى «ياپون»، «ياپون»لارنى «ياپونلۇقلار» دەيدىغان گەپ نەدىن چىقتى؟ ئەگەر «ياپون» دۆلەت نامى بولسا، ئۇنداقتا «1937 ـ يىلى ياپونلار جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندە...» دېگەن سۆزنى قانداق چۈشىنىمىز؟ دۆلەت ئىسمىنى كۆپلۈك قوشۇمچىسى قوشۇپ ئاتايدىغان قائىدە كىمدە بار؟

پىچان قوغۇنى توغرىسىدا يېزىلغان بىر ماقالىدە، پىچان قوغۇنى باشتىن ئاخىر «پىچان قۇمۇل قوغۇنى» دەپ ئېلىنغان. شۇنداق كېتىۋەرسە پات ئارىدا «پەيزاۋات قۇمۇل قوغۇنى»، «شېكەركۆل قۇمۇل قوغۇنى»لارمۇ پەيدا بولامدۇ ـ قانداق؟

تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئىملا قائىدىسى مەسىلىلىرىدە ھازىر ئۈزلۈكسىز مۇھاكىمە، مۇنازىرىلەر بولۇۋاتىدۇ. تىلشۇناسلىرىمىز ئىجتىھات ۋە ئۇرغۇپ تۇرغان ئەقىل ـ پاراستى بىلەن تەتقىق قىلىپ كۈچلۈك ئاساسلار بىلەن ئۆز تەشەببۇسلىرىنىڭ يوللۇقلىقىنى دەلىللىمەكتە. بۇ چوڭ مەسىلىلەر ئالدىدا پېقىر كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئۇششاق ئىشلار دىققىتىمىزنى قوزغىيالمايۋاتقاندەك تۇرىدۇ. تىلنى توغرا قوللىنىشتا ئالدى بىلەن تىلنى ئۆزىنىڭ كەسپىي قورالى قىلىدىغان مەتبۇئات، تەشۋىقات ساھەسىدىكى قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئۈلگە بولمىقى لازىمدۇر. ئىرىكچىلىكتە تايىنىدىغان كەسپىي قورالى ـ پىچىقىنى جايىدا ئىشلىتەلمەيدىغان قاسساپلارنى نېمە دېگۈلۈك؟

تىلنى توغرا ئىشلىتەلمەسلىكنى ئەلۋەتتە قەستەنلىك دېگىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇنى تىلىمىزغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك دېمىسەك بەكلا كۆڭۈلچەكلىك قىلغان بولىمىز. تىلىمىزدا كۆرۈلۈۋاتقان «كېسەللىك»لەرگە قارىتا ھەرگىزمۇ خىرامانلىق قىلىشقا بولمايدۇ. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىزنىڭ تۈپ ئاساسلىرىدىن بولغان تىلىمىزنى قەدىرلىمەسلىك ئۆزىمىزنى قەدىرلىمىگەنلىك بولىدۇ. ئۆزىنى قەدىرلىمىگەنلەرنىڭ باشقىلار ئالدىدا ئىززەت ـ ھۆرمىتى بولامدۇ؟

كەمىنە ـ مۇئەللىپ تىلچىمۇ ئەمەس، تىلماچمۇ ئەمەس. تىل توغرىسىدا سۆزلەش سالاھىيىتى ھازىرلىيالمىغان پېقىرنىڭ ژۇرنالنىڭ بىر مۇنچە بېتىنى ئىگىلەپ بىر نېمىلەرنى دېگەنلىكى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا تەلىم بەرگۈسى كېپقالغانلىقىدىن ئەمەس، پەقەت ئۆزىنىڭ مۇشۇ جەھەتتىكى كۆڭۈل خۇشلۇقى ۋە غەشلىكلىرىنى قېرىنداشلىرىغا دەپ ـ ئېيتىپ، ئىچ ـ قارنىنى بوشىتىۋېلىشىدۇر. گەپتە ئۇزۇن ـ قىسقا چىقىپ كەتكەن جايلىرى بولسا قەدىردانلىرىم كەچۈرگەي.

2007 ـ يىل 12 ـ سېنتەبىر

ئىزاھلار

[1] سۇغاقچى ـ مەخسۇس ئەترەت يەرلىرىنى سۇغۇرىدىغان ئادەم.

[2] ئىرناق ئىچىدىكىلىرى يېڭى سۆزلەرنىڭ مەن چۈشەنگەن مەنىلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

[3] توختاپ كەتكەن.

[4] قەرز.

[5] بۇ ماشىنىدا كۆرۈنمەيدۇ.

[6] خەنزۇچىدا 充 chong، 穷 qiong دېگەن تاۋۇشلار بار، qong تاۋۇشى يوق.

---

ئاپتور: شىنجاڭ تەجرىبە ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ پېنسىيىدىكى ئالىي دەرىجىلىك فىزىكا ئوقۇتقۇچىسى (M2)

بۇ سان 2007 ـ يىل 1 ـ نويابىردا تىزىشقا يوللاندى، 30 ـ نويابىردا باسمىدىن چىقتى. تەھرىرلىگۈچى: قۇربان ماموت (M1)، رىسالەت مۇھەممەت (M2)، نۇرمۇھەممەت ئۆمەر ئۇچقۇن (M3)، بېكىتكۈچى: قۇربان ماموت(ئالىي مۇھەررىر)

مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ـ مۇزېي مۇتەخەسسىسى، قەدىمكى
قولىيازمىشۇناس، يىپەك يولى قەدىمكى مەدەنىيىتى تەتقىقاتچىسى
ئىسرائىل يۈسۈپ ئەپەندى




《新疆文化》（维吾尔文）
综合性文学双月刊

主管单位：新疆维吾尔自治区文化厅
主办单位：新疆维吾尔自治区艺术研究所
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
国际标准刊号：ISSN1008—6498
国内统一刊号：CN65—1073/I
海外发行：中国图书进出口（集团）总公司出口部
代理者地址：中国北京朝阳区工体东路16号
P.O.BOX 88, 16 Gongti East Road, Bejing 100020, China
海外发行代号：6498BM
发行范围：国内外发行
地　　址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮　　编：830001　电话：（0991）2856942
印　　刷：《新疆日报》印务中心
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订　　阅：全国各地邮局

邮发代号：58—22　定价：5元

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 2007 ـ يىل 6 ـ سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى
چىقارغۇچى: ش ئۇ ئا ر سەنئەت تەتقىقات ئورنى
تۈزۈپ نەشر قىلغۇچى: «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1008—6498
مەملىكەتلىك نومۇرى: CN65—1073/I
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو كىتاب
ئىمپورت ـ ئېكسپورت (گۇرۇھى)
باش شىركىتى ئېكسپورت بۆلۈمى
چەت ئەللەرگە قارىتا ۋاكالەت نومۇرى: 6498BM
مەملىكەت ئىچى ۋە چەت ئەللەرگە تارقىتىلىدۇ
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 ـ نومۇرلۇق قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001 تېلېفون نومۇرى: 2856942(0991)
باسقۇچى: «شىنجاڭ گېزىتى» باسما مەركىزى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 22 ـ 58　باھاسى: 5 يۈەن



دېھقان بوۋاي　　　رەسسام: غازى ئەھمەد